# گۈلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

(6)

www.uyghurkitap.com

# گۇلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

(6)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

هىكايىدىن پاراك ......................ماۋدۇن ( 1 )
پىروزا مەشقىنى ئاۋال نەدىن باشلاش كېرەك........ئەي ۋۇ ( 9 )

## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن

ئاچا ..............................جاك پېك ( 19 )
ئىيۇن پاراگىلىرى ....................تيې نىك ( 49 )
بۇ "مۇدىر"لار ......................شېن فېك ( 62 )
هوسۇل ئۇچۇن.....................لياك شياۋشېك ( 89 )
كىچىك هىكايىلەر .............................. (147)
سياسەتتە كەك بولۇش..................تيەن ۋېنماۋ (147)
"خەتتات" ..............................سى يۇشېك (149)
ئۇلار مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدى...............خاۋۋېي (150)
قىستۇرما رەسىم .......................... مىك ۋېيزەي (154)

## سوۋېت ئەدەبىياتىدىن

مايمۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى..................م. زوشېنكو (158)
ئائىلەگىلەرگە ئىناقلىق تىلەيمەن...........ئا. كۇشخاۋۇنوۋ (173)
قايتىش.....................(ئۆزبېك) ز. دوستمەتوۋ (192)

www.uyghurkitap.com


ئۇيقۇسىزلىق.................(ئۆزبېك) لالەتاجىيېۋا (206)

كىچىك ھېكايىلەر ................................ (223)

ئاراز..................(ئۆزبېك) ئۇ. پەيزۇللايېۋ (223)

ئانا ئارزۇسى.......................ئۇ. پەيزۇللايېۋ (225)

ئاتا ئىزدىن.........................ئۇ. پەيزۇللايېۋ (229)

ساياھەت خاتىرىسى......................ن. ھىساموۋ (233)

ئورمانلىقتىكى بالىلار......................ن. ۋىنوگرادوۋ (241)

سەپەردىكى ئادەم......................ئۇ. شېستىنسكى (248)

ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولۇش...............م. ئاندىراشا (262)

دانخورەكلىك قېرى قىز (مەسەل)...................كىرىلوۋ (267)

يۇمۇرلار (18) (48) (61) (146) (157) (247) (261)

# ھېكايىدىن پاراڭ

## ماۋدۇن

پىروزىچىلىقتا ھەممىدىن ئاۋال قىسقىلىرى، كېيىنچە ئۇزۇنلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئەمما ئۇنداق قىسقا ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە پىرسوناژ يارىتىشقا ئېتىۋار قىلىنماي، ۋەقەلىكنىڭ ئەگرى-بۈگرى ۋە ئاجايىپ بولۇشى، جەلىپ قىلارلىق بولۇشى ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكى قىلىنغان.

بۇنداق ئەھۋال ياۋروپا، ئاسىيا ۋە تارىخى ئۇزۇن بولغان باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال، يەنى بۈگۈنكى كۈندە رومان دەپ ئاتىلىدىغان ئەسەرلەر ئۇزۇن ھېكايە ھېساپلىنامدۇ، قانداق؟ باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ”رومان“ بىلەن ”ھېكايە“نىڭ پەرقى ھەجىمىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا، ۋەقەلىكنىڭ ئاددىي ياكى مۇرەككەپ، شۇنىڭدەك پىرسوناژلىرىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدا ئىپادىلىنەمدۇ، قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەرقى ئاشۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، لېكىن بۇلار كۆرۈنۈش جەھەتتىكىلا پەرقلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماھىيەتلىك پەرقلىرىمۇ بار. ھېكايىدە ئاساسەن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر تۇرمۇش كارتىنىسى ئارقىلىق بىرەر

مەسىلە چۈشەندۈرۈلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە كەڭ ھەم مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىپادىلىنىدۇ. روماندا بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاستىسى تۇرمۇشنىڭ بىرەر كارتىنىسىنى ئۈزۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تۇرمۇش ئېقىمىنى باش-ئايىغى بولغان ھالدا بىمالال تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىستىكا راۋاجى بولۇشى ناتايىن، رومان پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە خاراكتېرىستىكا راۋاجى بولىدۇ.

ھېكايىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىنى، ۋەقەلىكىنىڭ جەريانى ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىنى (بەزى ھېكايە ۋەقەلىكلىرى بىرنەچچە كۈن ياكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا يۈز بەرگەن بولىدۇ)، پېرسوناژلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكىنى، يەنە كېلىپ پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىستىكا راۋاجى بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەگەر بىز ھېكايىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىنى خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان ئۆلچەم قىلىۋالساق ھەممىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھېكايە ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنى مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەيدىغان بولساق، "4-ماي"دىن ئىلگىرىكى خېلى زور تۈركۈمدىكى ئەسەرلەر (سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە) ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئەسەرلەر قاتارىغا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. "4-ماي"دىن كېيىنكى خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەرمۇ قاتتىق تەلەپ بويىچە ئۆلچەمگە توشىدىغان ھېكايە ھېسابلانمايدۇ. مېنىڭ يازغانلىرىممۇ شۇنداق. ئەمما ئۆلچەم دىگەن نەرسىنى ئەسلىدە ئادەم ياراتقان، ئۆزى ياراتقان رامكا بىلەن ئۆزىنى

چەكلەپ قويۇشنىڭ ئۆزى جىمكى شەيئىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىق قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز ھېكايە بىلەن رومانىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك پەرقىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويۇپ، دادىل ئىجات قىلالمايدىغان بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. مەسىلەن، تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئەمما ئەدەبىيات باغچىسىدا ئاللىقاچان زور بىر تۈر بولۇپ شەكىللەنگەن ”ئوچېرك“نى ئالساق، ئۇنى ئۆلچەمنى بۇزۇپ تاشلىغان ھېكايە دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

تەبىئىكى، بىز ”ئوچېرك“نىڭ يېڭىچە بىر خىل ئەدەبىي فورما (ژانىر) ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېكايە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تالاي-تالاي سەۋەپلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلىيالايمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرىنى ئېنىق قىلىپ ئايرىپ چىقىشىمىز ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئەگەر راست ئادەم ۋە راست ئىشلارنى خەۋەر قىلىشنى ئوچېركنىڭ ئۆزگىچىلىكى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا، ”ئوچېرك“ بەدىئىي ئىنچىكىلاش بولماستىن، پەقەت ئاخبارات تەرىقىسىدىكى خەۋەر (ياكى باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئەدەبىيلەشكەن ئاخبارات) دىنلا ئىبارەت بولۇپ قالامدۇ؟ ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرى (ئۆلچىمى) بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بەك ئۆلۈك ھالدا پەرقلەندۈرۈۋېتىشنىڭ پايدىسى يوق.

بەك ئۇزۇن يېزىلىپ كەتكەن ئون نەچچە مىڭ خەتلىك بەزى ھېكايىلەرنى تەنقىتلىشىمىز ئۇ ھېكايىلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ھېكايە ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق

كەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىدىندۇر.

يۇقۇرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرقى كۈندىكى بەزى ھېكايىلەرنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىكى چاتاقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشنى خالايمەن؛ ئەمما ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن، كونكرېت مىساللار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بولماي قالدى، پەقەت يۈزەلا سۆزلىشىشكە توغرا كەلدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، ھېكايىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى چاتىۋېتىشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدۇر. يازغۇچى ئۆزى ئىگەللىگەن ماتېرىياللىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، ھەممىسىنى بىردەك ھېساپلىسا، ئۇنى چاتىۋېتىشكە كۆزى قىيمايدۇ. بىزگە مەلۇم، باغۋەن ئۇستام ھەمىشە ئارتۇقچە غۇنچىلارنى چاتىۋېتىدۇ-دە، ئىككى-ئۈچ تاللا غۇنچىنى قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ-چوڭ گۈللەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېچىلدۇرالايدۇ. بۇ ئوخشىتىش بەلكىم ئىجادىيەت جەريانىدا چاتىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. يازغۇچى ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى ئالدى بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قالدۇرۇپ، ئاساسلىق نەرسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاساسلىق بولمىغان نەرسىنى قىسقارتىپ تاشلىماي تۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى قارا-قويۇقلا تەرتىپ بويىچە تىزىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ يېزىۋەرسە، چاتىۋېتىش دېگەن بۇ ئەمەلنى ئورۇنلىمىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ئەتراپلىقراق، جانلىقراق ۋە ئىنچىكىرەك ئىپادىلەش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۈنۈمى ئەكسىچە بولۇپ قېلىپ، كىتابخانلار ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نەدە ئىكەنلىكىنى كۆرەل-

مەي قالىدۇ-دە، ئۇنى ئوقۇۋېتىپ زېرىكىپ قالىدۇ، ھەتتا ئاخىر-
غىچە ئوقۇپ چىقىشنى خالىماي كېتىدۇ. چاتىقۇۋېتىش تېخنىكا مەسى-
لىسىدەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىدىيىۋى ئۇسۇل
مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاتىيالماسلىق، چاتاشقا ماھىر
بولماسلىق يازغۇچىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ناتۇراليزملىق
ياكى تەجرىبىچىلىك ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھېكايىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى ياكى قىسقىراق يېزىلماي
قېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىستى-
كىسىنى ئەتراپلىق تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنۇپ، بەك كۆپ ۋە بەك
ئۇزۇن بولغان تەتۈر بايانلىق قىستۇرمىلارنى بەرگەنلىكىدىن بولىدۇ.
يازغۇچى ئۇنداق ئەسەرلەردە بىر تەرەپتىن تۇرمۇش ئېپىزوتلىرىنى
تاللىۋېلىش پىرىنسىپىغا ئاساسىي جەھەتتىن رىئايە قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن كىتاپخانلاردا ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ
(ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ياكى قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ) خاراك-
تېرىستىكىسى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرى (يەنى ئىلگىرىكى
تۇرمۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسىغا بولغان تەسىرى)نى
چۈشەنمەي قېلىپ (يازغۇچىنىڭ ئۆزى چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە)، ئۇ
پېرسوناژلارنى مەلۇم ۋەقە، مەلۇم شەيئىگە نېمە سەۋەپتىن ئۇنداق
مۇئامىلە قىلماي، بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ دېگەن گۇمان تۇغۇ-
لۇپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولۇپ قېلىپ، تەتۈر بايانلىق
قىستۇرمىلارنى بېرىش (مەلۇم كىشىنىڭ ئۆتكەنكى چاغلاردىكى كەچۈر-
مىشلىرىنى كەينىگە قايتىپ بايان قىلىش) ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقى-
لىق، ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەرنى ياكى تەپسى-
لىرەك، ياكى قىسقىچە ھالدا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا

قوشۇمچە پېرسوناژلار (ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان) ئۈستىدىمۇ ئوخشاش تونۇشتۇرۇش بېرىپ ئۆتكەن بولىدۇ؛ بۇنداق قىلغاندا، ئەسەرنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يازغۇچى ئاساسەن قوللىنىدىغان تۇرمۇش ئېپىزوتلىرىنى تاللاپ ئېلىش پرىنسىپىنىمۇ يا كۆپ، يا ئاز دەرىجىدە بۇزۇپ قويغان بولىدۇ. يازغۇچى نىمە سەۋەپتىن ئاشۇنداق چاپغىنى ئالمەن دەپ قارغۇ قىلىپ قويىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان تۇرمۇش ئېپىزوتلىرىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىغا تازا دىگەندەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىسە كېرەك، شۇڭا، ئۇ تەتۈر بايانلىق قىستۇرمىلارنى بېرىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ بىلگەن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، تەتۈر بايانىنىڭمۇ ئاشۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرالىشى ناتايىن.

پېرسوناژلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا، يازغۇچى ئەگەر قوشۇمچە پېرسوناژلار ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ ئورگانىك قىسمى بولغاندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق دىگەن پرىنسىپنى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىسە ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلالمىسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېخى شەرتسىز ھالدا كۆپ بولۇشقا ئىنتىلسە (يازغۇچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ غەرىزى بويىچە، شەرتلىك ھالدا كۆپ قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ بۇ پېرسوناژلار قوشۇلسا ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تولۇقلىنىدۇ ۋە باشقىلار دەپ قارايدۇ)، بۇمۇ ئەسەرنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. قوشۇمچە پېرسوناژلار ئەسەردىكى ئىسىم ـ پەمىلىسى بار، بەزى ھەركەت ـ پائالىيەتلىرىمۇ بار بولغان پېرسوناژلاردۇر؛ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن پەرقى شۇكى،

ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى پەقەت ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىلىق ئېھتىياجىدىنلا بولىدۇ، ئاساسلىق پېرسوناژلار بولسا ۋەقەلىك تەرەققىياتىدا خوجايىنلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. يازغۇچى ئەگەر قوشۇمچە پېرسوناژلارنى ئاساسلىق پېرسوناژلارغا يانداشما ياكى سېلىشتۇرما ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ دەپ قارىسا، ئۇنداق قوشۇمچە پېرسوناژلارنى كەلسە-كەلمەس ھالدا كۆپەيتىۋېرىدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە ھېكايىنى قىسقارتىلغان پوۋېستقا ئوخشاش ئۇزۇن بىر نەرسە قىلىپ قويىدۇ.

ئاخىرىدا، ھېكايىدىكى مۇھىت (تەبىئەت مۇھىتى ۋە ئىجتىمائى مۇھىت) تەسۋىرلىرى باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك؛ باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان مۇھىت تەسۋىرى كۆپ بولسىمۇ كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئاز بولغان تەقدىردىمۇ بىھۇدە-ئارتۇقچە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بەزى ھېكايىلەردە بۇ پىرىنسىپقا رىئايە قىلىنماي قېلىنىدۇ، ھەتتا كېلەڭسىز بىر نەرسە قىلىپ قويۇلۇپ، قىسقا قىلاي دېسىمۇ ئەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مۇھىت تەسۋىرى باش تېما ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ مەنزىرە تەسۋىرىنى ئالساق، ئازغىنە بىر مەنزىرە تەسۋىرىمۇ، ھەتتا بىرقانچە جۈملە كېلىدىغان مەنزىرە تەسۋىرىمۇ مەنزىرە ئۈچۈنلا مەنزىرە بولۇشنى يەنى كۆركەملىك بولۇشنىلا مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ياكى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. ئىجتىمائى مۇھىت (كوچا-مەھەللىلەر، بازار ئەھۋالى، خانىلارنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى، زىننەتلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ) تەسۋىرلىرىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم، بەزى

چاغلاردا خانىلاردىكى جاھازلار ئىنچىكە-تەپسىلى تەسۋىرلىنىشى مۇمكىن، بۇ ئۆي-خانىلارنىڭ ئىگىسىنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ياكى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ (مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا جيا باۋيۈنىڭ چېن كېخىنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرگەنلىكى تەسۋىرلەنگىنىدە ئۆيدىكى بوسۇغىلىق ۋە سەرەمجانلار تەپسىلى ۋە ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن)، ئاپتور ئەگەر قەتئىي يوسۇندا ئاشۇنداق قىلالىسا، ئۆز ئەسىرىدىكى مۇھىت تەسۋىرىنى تىزگىنلەپ، ئۇنى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان بىھۇدە نەرسە قىلىپ قويۇشتىن خالى قىلغىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، ھازىرقى بەزى ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچە ئون مىڭ خەتتىن ئېشىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن 3 خىل سەۋەپتىن باشقىچە ئەمەس، ئۇ ئەسەرلەر گەرچە ھەم ئۇزۇن، ھەم كېلەڭسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرلەر ئىششىق كېسەللىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ساغلام ۋە بېجىرىم بولالماي قالغان، شۇڭا، گۈزەللىكىمۇ چىقماي قالغان. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نۇقسانلارنىڭ بىرسىگىلا گىرىپتار بولغان ئەسەرلەرنى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياخشى ئەسەر قىلىپ چىققىلى بولىدۇ، 3 خىل نۇقساننىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلغان ئەسەرلەرنى بولسا، ئانچە-مۇنچە يەرلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، تۈزەش-ئوڭلاش بىلەنلا ياخشىلاپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى چۈۋۈپ گويا باشقىدىن قۇراشتۇرماي بولمايدۇ...

1958-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى.

(«ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دىگەن كىتاپتىن قىسمەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

# پىروزا مەشقىنى ئاۋال نەدىن باشلاش كېرەك

## ئەي ۋۇ

بەزىلەر: پىروزا مەشقىنى ئاۋال نەدىن باشلاش كېرەك؟ ئاۋال رومانىدىن باشلاش كېرەكمۇ ياكى ھېكايىدىن باشلاش كېرەكمۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. مېنىڭچە، بىرەر ئەسەرنى يېزىشتا گېزىت-ژورنالدا ئېلان قىلىنىۋېلىش مەقسەت قىلىنماي، مەشىق قىلىش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن، ئالدى بىلەن ھېكايە ياكى رومانغىلا تۇتۇش قىلىپ كەتمەي، دەسلەپ قىلىپ راست ئادەم، راست ئىشلارنى تەسۋىرلەپ بېقىش كېرەك. بىرەر كىشىنىڭ تىلىنى، ھەركىتىنى، ئاۋازىنى، كۈلكىسىنى ۋە چىراي-قىياپەتلىرىنى ئىككى-ئۈچ بەت ياكى بەش-ئالتە بەت كەلگۈدەك يېزىپ، ئاددى تەسۋىرلەپ چىقالىساق، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسىم-پەمىلىسى ئېيتىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ تونۇشلىرى بىر كۆرۈشتىلا كىملىكىنى دەپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا، كېيىنلا ئېيتالايمەنكى، مەيلى ئۇ ھېكايە يازسۇن ياكى پوۋېست، رومان يازسۇن، ئىشقىلىپ، ئاشۇنداق مەشىق جەريانىدا، بارا-بارا ئوبدان ئەسەر يېزىپ چىقالايدىغان بولىدۇ.

ئاددى تەسۋىر يېزىش ئۈچۈنمۇ مەشىق قىلىش كېرەك. مېنىڭ مەشىق دېگىنىم يېزىق تەسۋىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، كۆزىتىمىزنىمۇ

مەشق قىلدۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ ھەركىتىنى، پەيلىنى ۋە چىراي ئىپا-
دىلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر قىلىشىمىز كېرەك؛ قۇلغىمىزنى مەشىق
قىلدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى، ئاۋازىنى ۋە ئالاھىدە
ئىشلىتىدىغان ئىبارىلىرىنى ئاڭلىۋېلىشقا ماھىر قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق
مەشق يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماس-
تىن، بەلكى مەن بىلىدىغان بەزى يازغۇچىلارمۇ داۋاملىق ئاشۇنداق
قىلىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. گور-
كىنىڭ ئاشۇنداق ئادىتى بار ئىكەن. ئۇ «لېنىن بىلەن بىللە بولغان
كۈنلەردە» دىگەن كىتاۋىدا ئۇنىڭ لېنىن بىلەن تۇنجى قېتىم
ئۇچراشقاندا لېنىننىڭ چىراي-قىياپىتىگە، ھەركەتلىرىگە ۋە سۆز
قىلغاندىكى ئاۋازلىرىغىمۇ دىققەت قىلىپ بارغانلىغىنى يازىدۇ. ئۇ
تېخى: ئەدىپ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاشۇنداق ئىنچىكە، ئۇششاق-
چۈششەك ئىشلارنى خاتىرىلەپ تۇرۇشۇم زۆرۈر، بۇنداق قىلىشمۇ ماڭا
ئادەت بولۇپ قاپتۇ، بەزىدە بۇ ماڭا ئاۋارىچىلىق سالىدىغان ئادەتتەكمۇ
تۇيۇلىدۇ، دەيدۇ.

بۇ يەردە، بەزىلەر: بىرەر ئۇرۇش قەھرىمانى ياكى بىرەر ئەمگەك
نەمۇنىچىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا دەپتەر-
قەلەملىرىمىزنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ چىراي-قىياپەتلىرىنى، گەپ-
سۆز ۋە ھەركەتلىرىنى بىردىن-بىردىن يېزىۋېلىشىمىز كېرەكمۇ؟ دەپ
سوراپ قېلىشى مۇمكىن. مەنچە بولغاندا، ئۇ كىشىلەرگە دوكلات
قىلىۋاتقىنىدا، خاتىرە يېزىۋالسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ
بىلەن ئىككىڭىزلا بىر يەردە بولغاندا، ياكى بىرقانچە كىشى بىلەن بىر
ئۆيدە بىللە ئولتۇرغاندا، ئۇ ئىختىيارەن پاراڭ قىلىۋاتقان بولسا،
ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردىلا يېزىۋالمىغان تۈزۈك. چۈنكى، شۇ يەرنىڭ

ئۆزىدىلا قارىتىپ تۇرۇپ يازغىلى تۇرسىڭىز ئۇنىڭ گەپ قىلىش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزسىز-دە، ئۇنى تارتىندۇرۇپ قويىسىز، نەتىجىدە ئۇ كۆڭلى-كۆكسى ئېچىلىپ سۆزلىيەلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقى خاراكتېرىستىكىسىنى كۆرەلمەي قالىسىز. بىز يېزىلارغا، زاۋۇت، فابرىكىلارغا ۋە ھەربى قىسىملارغا بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەردىن دوست تۇتۇۋېلىشىمىزنىڭ سەۋۋى نېمە؟ بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپ ئۇلارنى ھەقىقى يوسۇندا چۈشىنىش ۋە ئۇلارنى بىز بىلەن سۆزلەشكەندە: "ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ماۋۇ ئادەم بىر نەرسە يازغىلى كەپتۇ، دىگەن-ئېيتقانلىرىڭنى قويماي يېزىۋالىدۇ!" دەپ ئەندىشە قىلمايدىغان قىلىشتۇر. پولېۋوي تۇمان باسقان چاغدا ئىككى ئايالنىڭ سۆھبىتىنى يازغاندا، ئۇ ئاياللار ئېرىلىرىدىن خاپا بولۇشۇپ بۇتناپ قېلىشقانلىرىدا تۇيۇقسىزلا كەيىندە نا تونۇش كىشىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قېلىپ، سۆزىنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇراپلا ئېرىلىرىدىن خاپا بولۇشمايدىغان سۆزلەرگە يۆتكەيدۇ؛ ھەتتا ئېرىلىرىنىڭ ئىلغار خىزمەتچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماختاپ سۆزلىشىپ كېتىشىدۇ. تونۇش ئادەم بىلەن گەپ-سۆز قىلىشقانىنىڭ نا تونۇش ئادەم بىلەن گەپ-سۆز قىلىشقان بىلەن ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقى بولىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى، چىراي ئىپادىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئادەملەردە قانداقتۇر بىر خىل ساختىلىق بولۇشى كېرەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئادىمگەرچىلىك مۇناسىۋىتىدىندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەق گەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ گەپ-سۆزىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى ھەركىتىگە ۋە چىراي ئىپادىسىگىمۇ دىققەت قىلىپ تۇرۇشى-

www.uyghurkitap.com

مىز كېرەك. گەپ قىلغان چاغدىكى ھەركىتى ۋە چىراي ئىپادىسى بولسا ھىكايە-رومانلاردا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىسىڭىز قانداق بولىغىنى؟ يۇزتۇرانە ئولتۇرۇپ خاتىرىلىۋالسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى دىققەت-ئېتىۋارىڭىزغا تەسىر يېتىپ قالىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى شۇكى، سىز بىلەن ئۇچراشقان، ئالدىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ سىزگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىرىنى ئۆيىڭىزگە كەلگەن ھامان يېزىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە قالغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالسىڭىزمۇ يامان كەتمەيدۇ. شۇ تەرىقىدە خاتىرىلىۋالغان نەرسىلەرنى ئوچېرىك ياكى نەسىر قىلىپ ئىلان قىلىشقا بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ. ئۇ مەشىق تەرىقىسىدىكى خاتىرىلا بولىدۇ-دە، كەلگۈسىدە ئوچېرىك ياكى نەسىر يېزىشقا ئاساس بولىدۇ. چۈنكى سىز يازغان خاتىرىڭىزنى تازا ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىققىنىڭىزدا شۇنى بايقايسىزكى، ئۆزىڭىز يېزىۋالغان شەخسنىڭ ئىپادىلىگەن مەقسىدى ياكى ۋەقەلىكنى ئاساسىي جەھەتتىن خاتىرىلىۋالغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان سۆز-جۈملىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئومۇمەن دىگۇدەك ئۆزىڭىزنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئادەتلىنىپ قالغان سۆز-جۈملىلىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولسىز. مانا بۇلار ئۆزىمىزنىڭ ئاڭلىغان گەپ-سۆزلىرىمىزنى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىمىزنىڭ تازا دىگەندەك ئەمەسلىگىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمىلىيەتتىمۇ ئاڭلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل-تۆكۈس ئەستە قالدۇرۇۋېلىشمۇ تەسرەك بولىدۇ. بۇنداق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئۆزىڭىز يازماقچى بولغان شەخس بىلەن داۋاملىق

بىللە ئۆتۈشىمىز كېرەك. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تەبىئىي يوسۇندىلا ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر ئامال ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيە-تىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كۆپرەك خاتىرە يېزىپ مېڭىش كېرەك، شۇنىڭدا ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى، بارغانسېرى كۆپرەك ئەستە قالدۇرالايدىغان بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز خاتىرە يېزىشنى مەشق قىلىپ، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرمىساق، ھەم تەسۋىرلەپ يازماقچى بولغان شەخس بىلەن ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىللە تۇرمۇش كەچۈرمىسەك، بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈش بىلەنلا ئۇنى جانلىق ھالدا، ھەقىقىي يوسۇندا يېزىپ تەسۋىرلەپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىلار بىز تەسۋىرلەپ يازغان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى كۆپىنچە بىز زىيالىلارنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. مۇشۇنداق ئەڭ ئەقەللىي شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، ھېكايە، رومان دېگەننى قانداق يېزىپ چىققىلى بولسۇن؟

ئۈچىنچىسى، تەقدىردىمۇ، خاتىرە ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ توقۇپ چىقىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سىز تەسۋىرلەپ يازماقچى بولغان شەخسنى قايتا-قايتا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش، ئۇنىڭدىن قالسا يەنە ئۇنىڭ تونۇشلىرىدىن ئۇنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى سوراشتە قىلىپ، ئۇلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىستىكىسى ئۈستىدە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇلارنى دېگەندەك ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، سىز ئاندىن خاتىرىڭىزنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇ ئادەم سۆزلەپ بەرگەن

بىر مۇنچە كىچىك ۋەقەلىكلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئاشۇ پېرسوناژنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىستىكىسىنى ھەممىدىن گەۋدىلىك ئىپادىلىيەلەيدىغانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كىشىگە ئىلھام بېرەلىك كۈچ بېغىشلىيالايدىغان ۋە قىزىقارلىق تۈيۈلىدىغانلىقىغا قاراپ بېكىتىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ قايتا ئىپادىلىشىمىز كېرەك. قايتا ئىپادىلەش دىگەنلىك ئىلگىرى خاتىرىلىۋالغان نەرسىنى ئابزاس بويىچىلا كۆچۈرۈپ قويۇپ ئىشنى ۋەسسالام قىلىش دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى يېڭىۋاشتىن تەسۋىرلەپ چىقىش دىگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇ سۆزلەپ بەرگەن كىچىك ۋەقەلىك ئۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ھەتتا توقۇنۇشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. سىز يېزىشقا كىرىشكەن چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان باشقا كىشىلەر بىلەنمۇ سۆزلىشىپ چىقىپ، ئەينى چاغدىكى ھالەتلەرنى سۈرۈشتە قىلىۋېلىشىڭىز يەنى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئۇ ماتېرىياللارنى ئەھۋالغا قاراپ كىچىك ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋەتكەندە، يېزىپ چىقىلغان نەرسە ئەلۋەتتە ئىلگىرى يېزىۋالغان خاتىرىدىكىگە قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە مول ۋە چىنلىقتا ئۈيغۇن بولۇپ چىقىدۇ، راست ئادەم، راست ۋەقەلەرنى ناھايىتى تەسىرلىك ئوچېرك قىلىپ يازالىغان كىشى جەزمەن ناھايىتى ئوبدان ھىكايە-رومانلارنى يېزىپ چىقالايدۇ. «ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەر»نىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ئوچېرك دەپ ئاتايدۇ، لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇ خېلى ئوبدان يېزىلغان ھىكايە ھېساپلىنىدۇ.

بەزىلەر بەلكىم، ھىكايە يازغانلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە خاتىرە

يېزىپ بېرىشى ناتايىن، دەپ ئېيتىشى مۇمكىن. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن گەپلەرنى بەزى يازغۇچىلارغا كۆرسەتسەك، ئۇلار: "مانا مەن ئۇنداق قىلمىغان ئىدىم" دەپ كۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سۆزىمىزنى ئىنكار قىلغان بولامدۇق؟

مەن يەنىلا بىر قېتىم ئېيتىمەنكى، مېنىڭچە، خاتىرە يېزىش ھېكايە-رومان يازغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. بىر كىشى مەلۇم تۇرمۇش ئىچىدىن چىققان بولسا ئاشۇ تۇرمۇش ئىچىدىكى شەخسلەرنى يازغاندا خاتىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشۇ تۇرمۇشتىكى شەخسنىڭ ئاۋازى، قىياپىتى، گەپ-سۆزلىرى ۋە ھەركىتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەچكە، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپلا ئۇ شەخسلەرنى خۇددى قاراپ تۇرغاندەك خىيالىغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىز فادىيېۋنىڭ «مېنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبەم» دىگەن ماقالىسىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭ «تارمار» رومانىنى يېزىشتا خاتىرىدىن پايدىلانمىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى پارتىزانلار بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما ئۇ «ياش گىۋادىيە»نى يازغاندا خاتىرە يېزىپ بارغان، يەنە كېلىپ ئوچېرىكمۇ يازغان. ئۇنداق قىلىشتىكى سەۋەپ، ئۇنىڭدا يېزىلىدىغانلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش بولۇپ، ئۇنداق تۇرمۇشنى ئۇ بېشىدىن كەچۈرمىگەن. بۈگۈنكى تۇرمۇشقا نەزەر سېلىپ باقايلى: قاقاس داللاردا غايەت زور تۆمۈر جازىلار ئورنىتىلىۋاتقان؛ تاغ جىلغىلىرىدا چوڭ سۇ دامبىلىرى ياسىلىۋاتقان؛ دېڭىزدا بېلىق تۇتىدىغان ئەزىمەتلەر بىردىنلا ئىش ئورۇنلىرىدا توك بىلەن كەپشەلەيدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتقان؛ قوناقلىقلاردا ئوت ئوتايدىغان قىزلار بىردىنلا يەنە ماشىنا-ئىستانوكلار ئالدىدا قىرىش-يونۇش ئۇسۇللىرىنى

تەتقىق قىلىۋاتقان. ھەممە كىشى يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان. مانا بۇ يېڭى تۇرمۇش بولسا مېنى يېزىڭلار، تەسۋىرلەڭلار دەپ بىزگە ئىشارە قىلماقتا. بىز ھەممىلا يەردە يېڭى تۇرمۇشقا دۇچ كېلىۋاتقان ئىكەنمىز، خاتىرە يازماستىنلا، ئوچېرىك يېزىپ يۈرمەيلا، ھېكايە ـ رومان يازساق بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە، بەزىلەر مەن تۇرمۇشقا چوڭكۈپ، بىرنەچچە يىل تازا ئەستايىدىل ئىشلەپ، ھەممىنى مىڭەمگە ئوبدان ئورنىتىۋالسام، بۇنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنداق بولسا بەكمۇ ئوبدان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر ئېغىز مەسلىھەت بەرمەكچىمەنكى، خىزمەت ئارىلىقىدا بوش ۋاقىت بولسىلا، ئاز ـ تولا خاتىرە يېزىپ بارغانىمۇ يامان كەتمەيدۇ. فادېيېۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە يازغۇچى بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، باشتا خاتىرە يېزىپ بارمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇرۇشتا بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان، ئۇرۇشتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان بىرقانچە تەرەپلەرنىڭ ئەستىن كۆتىرىلىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنمىز فادېيېۋنىڭ ئېيتقان بۇ تەجرىبىسى بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىمەمدۇ؟

بەزىدە خاتىرە يازغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ھېكايە ـ رومانغا كىرگۈزۈلۈشى ناتايىن، ھەتتا قىلچىمۇ ئىشلىتىلمەسلىكى، پۈتۈنلەي يېڭىۋاشتىن ئىجات قىلىنىشى مۇمكىن. بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە

بۇمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، خاتىرىدىكى نەرسىلەر گەرچە ھېكايە-رومانلارغا بىۋاستە كىرگۈزۈلمىگىنى بىلەن، لېكىن يازغۇچىغا ۋاستىلىك ھالدا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى ئەستە قالدۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈپ، خاتىرىنى قايتا-قايتا يازغان ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوچېرىك يازغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ بېرىشىغا، شەخسلەرنى مىڭمىسدە جانلىق ھالدا ساقلىيالىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمەنكى، خاتىرە يېزىشنى مەشق قىلىپ بېرىش يېزىقچىلىق مەشقى قىلىدىغانلار ئۈچۈن ناھايىتى زور دەرىجىدە پايدىلىق بولىدۇ. كۇپرىن «چېخوۋنى ئەسلەيمەن» دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "چېخوۋ بايىلا تېخى بىزگە خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ ياردىمىگە تايانىماي، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىمىزغا ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمىزغا تايىنىشىمىز لازىملىغى ھەققىدىكى نەسىھەتنى تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدى." ئەمما بىر سائەتتىن كېيىن كىمدۇ بىرى قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى ئېيتىۋىدى، "ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپلا، چېخوۋ ئۆزىنىڭ قاڭشىرىغا ئىلىغلىق كۆزەينەكنى تاشلىۋېتىپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇپ، جاراڭلىق كۈلكىسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ شۇئانلا شىرەسىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى. 'ئاستىراق، ئاستىراق، نىمە دەۋاتىسىز؟ سەھنە دىگەن ئالەممۇ؟' دەپ سوراپ، ھەممە ۋەقەنى خاتىرىلىۋالدى. بۇنداق بولغانلىغى چېخوۋنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپ ئەمەس، بەلكى خاتىرىلىۋالغاندا ئەستە قالدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ دىگەنلىك. ئۇ ئۆزى: "ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، يوقىلىپ كېتىدۇ" دەيدۇ.

بىز ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار باشقا نەرسىلەرنى قوغلاشماسلىغىمىز لازىم، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈپلا تۇرۇشىمىز لازىم. باشقىلار بىرەر ئىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسا ياكى بىرەر جانلىق ھېكايىنى ئاڭلىغان بولسا، ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ۋەسسالام، كەتتى قىلىدۇ. بىز بولساق، روھىمىزنى باشقىدىن ئۇرغىتىپ، ئۇنى قەلەم ئېلىپ خاتىرىلەشكە كىرىشىشىمىز لازىم، بەزىبىر ئىسىل نەرسىلەر بىزنىڭ مېڭىمىزدە تۇتۇقلىشىپ قالمىسۇن.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

## ئۇنىڭ بىلەن ئوينىما*

ئانىسى كىچىك ئوغلىغا:

— ماكسىم، ۋىكتور بەك يامان بالا، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىما جۇمۇ! — دېدى.

— ئۇنداقتا مەن ياخشى ئىكەنمەندە، ئانا؟

— ئەلۋەتتە، سەن ناھايىتى ياخشى.

— ئۇنداق بولسا ۋىكتور مەن بىلەن ئوينىسۇن!

# ئاچا

## جاك پىك

باھار بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى، دادام ماڭا: يېزىدىكى ئاچاڭغا خەت يېزىۋەتكىن، بالىلىرى بىلەن كېلىپ بايرامنى شەھەر-دە ئۆتكۈزسۇن، دەپ ئۇدا ئىككى قېتىم تاپىلاپ قويىدى.

بالىلار ئالدىدا بولسا كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان، يىراق بولسا ئىسسىق كۆرۈنىدىغانلىقى سەۋەۋىدىن بولسا كېرەك بەلكىم، دادام ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈرىدىغان مەن ۋە ئۇكام، سىڭلىملاردىن ئۇ يېرىك ئۇنداق، بۇ يېرىك بۇنداق دەپ تولا قۇسۇر چىقىرىپ تۇراتتى، يىراقتىكى ئاچامنى تىلغا ئالسىلا ئىختىيارسىز ھالدا چەكسىز مېھرىۋانلىقىنى ۋە كارامەت سېغىنىشلىرىنى ئىپادىلەپ قوياتتى.

دادام ئۆتكەن يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىم تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. مەن، ئۇكام ۋە سىڭلىم بولۇپ ھەممىمىز دادامغا ناھايىتى چوڭ سوغا-سالاملارنى تەقدىم قىلدۇق. دادام بۇ سوغىلارنى گەپ-سۆز قىلمايلا ئالدى. ئاچام دادامغا بىر خالتا ئاچچىق چىلان ئەۋەتىپتىكەن، داذام ئاچامدىن ئاجايىپ بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. ئۇ قايتا-قايتا ياندۇر-ملاپ: "بىلەمسىلەر، ئاچاڭلار ماڭا ئاچچىق چىلان ئەۋەتىپتۇ! سى-لەرمۇ ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار. ماۋۇ نىمە دىگەن چوڭ، نىمە دىگەن

ئەتلىك ـ ھە! ئاچاڭلارنى بەك ئاۋارە قىپتىمەن، ئۇنىڭ ئىسى بەك جايىدا ئىكەن جۇمۇ! مېنىڭ ئاچچىق چىلانغا ئامراقلىقىمنى تېخىچە يادىدىن چىقارماپتۇ...» دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

بىز ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ھېچقايسىمىز دادام بىزنى ئوخشاش كۆر-مەيۋاتىدۇ دەپمۇ قالمىدۇق.

دادام بىلەن ئانامنىڭ خاتا كىيگۈزۈلۈپ قويۇلغان ئوڭچى دىگەن قالپىقى 1978 ـ يىلى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئۇكام بىلەن سىڭلىمنىڭ نوپۇسى ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ئىدى. مېنىڭ يېشىم ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق شۇ يىلى مەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئىدىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەنمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا تەقسىم قىلىنغان ئىدىم. ئاچاملا تېخىچە يېزىدا بولۇپ، يىراقتىكى چەت ـ ياقا بىر كىچىك ناھىيىدە دېھقاننىڭ خوتۇنى، بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى ۋە تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

راستىنى ئېيتسام، دادامنىڭ ئاچامغا مېھىر قويۇشىدا ئاتا ـ بالىلىق مېھرىدىن باشقا، تېخىمۇ بەكرەكى ئاپىرىن ئوقۇش ۋە ئىچكى ئازاپ-لىنىش ھېسسىياتى بار ئىدى. مەن ھەمىشە ئاچامنىڭ پەم ـ پاراستى، قابىلىيىتى ۋە غەيرەت ـ جىدداملىقىغا قاراپ، ئەگەر ئۆتكەن نەچچە 10 يىللىق بۇ كاۋاك بولمىغان بولسا، بەلكىم، كارامەت ئىقتىداسلىق بىر ئايال بولۇپ چىققان بولاتتى! دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

ئائىلىمىز شەھەرگە كۆچكەندە ئاچام بىزنى ئۇزىتىپ چىققان ئىدى. خوشلاشقان چاغدا، دادام ئاچامنىڭ ئورۇق يەلكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، چىرايى سەل تاتارغان، كۆزلىرى نەملەشكەن ھالدا:

— مەن چوقۇم رەھبەرلىككە ئىلتىماس قىلىپ، بىر ئىشتات ھەل قىلىپ، نوپۇسىڭنى يۆتكەپ كېتىمەن...، — دېدى.

— قويۇڭا، دادا! — دېدى ئاچام دادامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — خىزمەتكە ئەمدى كىرىشتىڭىز، بۇنى ئويلاپ نېمە قىلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا بار دېگەندىمۇ، ھازىرچە بارالىشىم ناتايىن.

1981 - يىلى دادام ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندە ئاخىر ئاچامغا بىر ئىشتات ھەل قىلدى.

خوشاللىقى قىن - قىنىغا پاتماي كەتكەن دادام تېلېگراممىا بېرىشنىمۇ ئاستا بولۇپ قالدۇ دەپ بىلىپ، ئاچامغا كېچىلەپ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەردى. ئاچام تېلېفوننى ئالغاندا كەچ سائەت 11 دىن ئاشقان ئىدى. بۇ قىش ۋاقتى ئىدى، ئاچام شارپىسىنى ئارتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرگەن پېتى دادۇي ئىشخانىسىغا كەلگەندە ھاسىراپ گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالماي:

— دادا! ھە، ھە، بۇ سىزمۇ؟ ئۆيدە...نېمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

دادام ئەھۋالنى دېگەندىن كېيىن، ئۇ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى - دە:

— شۇ ئىشمىدى، دادا، مېنى بەك قورقىتىۋەتتىڭىز! ئانام ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۇكام، سىڭىللىرىمچۇ؟ — دېدى.

— ئوبدان، ھەممىسى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ! — دېدى دادام سەۋر - تاقەت قىلالماي، — گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ ئەتىلا دۆيگە بېرىپ نوپۇس رەسمىيىتىڭنى بېجىرگىن جۇمۇ. بۇ ياقتىكى ئىشنى مەن توغرىلاپ قويىدۇم. رەسمىيەت ئورۇنلاپ بولغىچە ئىككى كۈن كېتىدۇ، تېزراق بولغىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىز ئامبىرى



— هوي، دادا، سزگه دىدىمغۇ! ئۆيدىن بۇ تاپتا قاندىقمۇ بېشىمنى ئېلىپ چىقالايمەن...

— مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، بۇ دورەم نوپۇسمۇ، خىزمەتمۇ بىرلا ھەل بولدى. ئېسىڭدە بولسۇن، ھازىر قىرىقىقا بېرىپ قالدىڭ، بۇ قېتىم كەتكۈزۈۋەتسەڭ، ئۆمرۈڭ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت! ئاڭلىدىڭمۇ؟

— دادا، گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىز...

— ھەرقانداق گەپنى ئاڭلىمايمەن! ئەتىلا بېرىپ نوپۇسىڭنى جۆندە. بەش كۈن ئىچىدە رەسمىيەتلىرىڭنى ئورۇنلاپ يولغا چىق، يولغا چىققان ھامان تېلېگرامما بېرىۋەت، ئالدىڭغا چىقىمەن... — دادامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئاچامنىڭ يەنە گەپ قىلىشىغا كۆنمەي، تۇرۇپكىنى تاراققىدە قويۇۋەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، دادامغا ئاچامدىن بىر پارچە خەت كەلدى.

دادا، مەن سىزدىن خاپا بولۇپ باققان ئەمەس، ئاشۇ بىر يىللىرى سىز كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىپ، مېنىڭ تەقدىرىمنى تاغلىق كەنتتىكى بىر دېخان ئائىلىسىگە باغلاپ قويغان چاغدىمۇ مەن سىزدىن رەنجىگەن ئەمەس. دادا، بۇ ئىشنى ھەرگىز سىزدىن كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق بۈگۈن، مېنىڭ سىزدىن راستىنلا كۆڭلۈم ئاغرىدى. مېنىڭ مەسىلەمگە كەلگەندە سىزنىڭ شۇ قەدەر ئۆكتەملىك قىلىدىغانلىقىڭىزنى، شۇنچىۋالا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغانلىقىڭىزنى زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

دادا، قىزىڭىز ھازىر بۇرۇنقى قىز ئەمەس. قىزىڭىزنىڭ تەقدىرىمۇ ئۆزىگىلا قاراشلىق ئەمەس.

دادا، سز بەلكم قزىڭزنىڭ يۈزى يورۇق بولسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقانسز. قزىڭزچۇ، قزىڭزمۇ ئۆزىنىڭ باللىرى ئالدىدا خىجالەت بولماسلىغى، ئائىلىسىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولماسلىغى كېرەك.

دادا، ئادەم دېگەندە ھىسسىيات بولۇشى، ئىنساپمۇ بولۇشى لازىم...

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مەن دادام بىلەن بىللە يېگىرمە يىل تۇرغان تاغلىق كەنتكە كەلدۇق. ئاساسلىغى ئاچامنى يوقلاش ۋە ئاچامغا نەسىھەت قىلىش ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئاچام ھەقىقەتەن بىر چاغلاردىكى ئاچامغا ئوخشىمايتتى.

قىرىققا يېقىنلىشىپ قالغان ئاچام گەرچە روھلۇق-تېتىك، كۆزدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يۈزىگە ئىنچىكە قورۇقلار تارتىلىپ كېتىپتۇ، بەدىنىمۇ سەل-پەل مۈكچىيىپ قاپتۇ. يەزنەممۇ قېرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ياش چېغىدىلا كاناي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئىكەن، ھازىر تېخىمۇ دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، گەرچە تىنىماي ئىش-ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، چىرايى ساغىرىپ، كۆزلىرى ئىششىپ، كېسەل كۆرپىسىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

دادام ئاچام بىلەن يەزنەمنى كۆرۈپلا كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

ئاچاممۇ يىغلاپ سالدى، بىراق ئۇنىڭ يىغىسى دادامنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئاچام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ياش تۆككەن ئىدى. ئۇ يېشىنى ئېرتكەچ دادامدىن ئاغرىنىپ دېدى:

— مەن راستىنلا سىزنى مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، ئىككى ئايغىچە بىر پارچە خەتمۇ يازمىدىڭىز.

دادام بىرنەمە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئاچا-ئاچىماستىنلا



www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە قىز نەۋرىسى ئېتىلىپ كېلىشتى. دادام يېشىنى سۈرتتى ـ دە، ماڭا ئالغاچ كەلگەن قەنت ـ گېزەك بوپىسىنى يېشىشىمنى بۇيرۇدى.

كېسەلچان يەزنەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ مۇشۇنداق ساغلام ـ بەستلىك بولۇپ يېتىشكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئۇلار پاقلاندەك دوغىلاق، شوخ ھەم كەپسىز ئىدى. ئۇلار يەزنەمنى چۆرىدەپ ئالغاندا، گويا بىر تۈپ قاخشال دەرەخنىڭ غولىدىن ئۈنۈپ چىققان يېڭى نوتا ـ شاخلاردەك كۆرۈنەتتى!

يەزنەم ئاكا ـ ئۇكا يەتتەيلەن بولۇپ، ئىككىنچى ئىنىسى باشقا يۇرتقا ئىچ كۈيوغۇل بولۇپ كەتكەندىن باشقا، ئۈچىنچى، تۆرتىنچى ئىنىلىرى يېقىندا ئۆيلەنگەن، ئەمدىلىكتە بەشىنچى ئىنىسىگە تەييار ـ لىق قىلىۋېتىپتۇ. كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى، يىگىرمە جانغا يېقىن بۇ ئائىلە ئۆي ئايرىشىپ كېتىشمىگەن ئىكەن.

بۇ، ئىشلەپچىقىرىش دۆيىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىككىنچى يىلى ئىكەن. يەزنەمنىڭ بۇ ئائىلىسىدە توسۇۋالغۇسىز ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ چىققان: ئاكا ـ ئۇكا نەچچەيلەن ئاتمىش مولۇق تاغ باغرى، يىگىرمە مو مېۋىلىك باغنى كۆتىرىگە ئېلىپ، ئىككى يىل ئىچىدىلا بۇ ئەتراپتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك دىخان ئائىلىسى بولۇپ قاپتۇ.

بۇرۇنقى ئۈچ ئېغىزلىق كېسەك ئۆي ئاللىبۇرۇن يېڭىلىنىپ ئالتە ئېغىزلىق خىش ئۆي بولۇپ قاپتۇ. قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر تام سوقۇلۇپ، ھويلا ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ. ئىككى ھويلىنىڭ ئالدى تەرى ـ پىدە يەنە ئالتە ئېغىز ئۆي پۈتەي دەپ قاپتۇ، پەقەت تېمىنى سۇۋاش، كاڭ ۋە ئوچاق سېلىش ئىشلىرىلا قاپتۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا

بەشىنچى كىلىننى مۇشۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈردىغاندەك تۇرىدۇ.

تاماق ۋاقتىدا بۇ ئائىلىدىكى ھەممەيلەن جەم بولۇشتى. ئۇلار كەينى-كەينىدىن دادام ۋە مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۆز جايلىرىنى تېپىپ تاماققا بېقىشتى. گەرچە ئۆي ئادەمگە توشۇپ، ئولاش-چولاش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق سېزىلمىدى. كىم ئاش ئۇسۇيدۇ، كىم تاماق توشۇيدۇ، كىم قايسى يەردە ئولتۇرىدۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى رەتلىك، تەرتىپلىك ئىدى.

تاماقتا ئاچام بىلەن يەزنەم بىزگە ھەمرا بولدى. يەزنەم كەم سۆز بولۇپ، كەينى-كەينىدىن بىزگە جىق-جىق ئاللىلى دىگەندىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. ئاچامنىڭ بولسا پەقەت چولىسى تەگمىدى. ئۇ ئەمدى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ تۇرۇشىغىلا، گېپىنى باشقىلار ئۈزۈپ قويىدى:

— يەڭگە، بەشىنچى يەڭگەم يەنە كەلدى. ئالتىنچىنىڭ لايىغى توغرىلىق كەلگەنمىكىن!

— دەپ قويۇڭ، كەچتە كەلسۇن، — دىدى ئاچام ئاستا قول ئىشارىتى قىلىپ.

— يەڭگە، لاۋلىياڭ تاغامنىڭ ئېشىپ قالغان ھاكى باركەن، بىزنى ئالامسىلەر دەۋاتىدۇ.

— ئالايلى! بىرئاز تۇرۇپ ئالتىنچى بىلەن بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ياخشى بولسا ھەممىسىنى ئالايلى. — دىدى ئاچام بېشىنىمۇ بۇرىماي.

— يەڭگە!...

ئالدىمدىكى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ماڭا بىر پاكىت ئايان

بولدىكى: ئاچام بۇ ئائىلىگە قوماندانلىق قىلىدىغان يادرولۇق كىشى ئىكەن!

بېشىنى ساڭگىلىتىپ تاماق يەۋاتقان يەزنەمدىن ھېچكىم گەپ ـ سۆزمۇ سورىمىدى، ئۆزىمۇ بىرەر ئىشقا ئارىلاشمايدىكەن، كىرپىگىنى مىت قىلىپمۇ قويماي قۇلغىنى يوپۇرۇپ ئولتۇرىدىكەن، ئاچامنىڭ گېپىنى، قاۋۇل قېيىنسىڭلىرى ئاچامغا بەك ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن، يىگىندەك كىچىك ئىشلاردىمۇ ئاچامدىن مەسلىھەت سورايدىكەن، ئاچامنىڭ پۈتۈن كەنتتىكىلەر بىلىدىغان بىر "قېيىنسىڭلىرىمنىڭ ھەممىسىگە بىردىن قورا ـ جاي سېلىپ بېرىمەن. ئۇلار ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆي ئايرىشىمىز!" دەيدىغان ۋەدىسى بار ئىكەن.

پويىزدا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇرۇپ بەك چارچاپ كېتىپتىكەنمەن، يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر ئۇخلاپ ئويغىنىپ سائىتىمگە قارىسام، سائەت ئون ئىككى بوپتۇ. ھەممە ياق قاپ ـ قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى، پەقەت يان ئۆيىنىڭلا چىرىغى يورۇق تۇراتتى، بىرسى گەپ قىلىۋېتىپتۇ. بىر دەم ئاڭلاپ باقسام، ئاچامنىڭ ئاۋازى ئىكەن.

ئاچامنىڭ ئاۋازى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، گېپىدىن خاپىلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىرسىگە تەنبىھ بېرىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. چىرىس ـ چىرىس قىلىپ خەينىڭ چەمنى تىكىۋاتقان ئاۋازمۇ گەپ ئارىسىدا قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى.

ئاچام ئوتتۇرانچى قېيىنسىڭلىسىغا تەنبىھ بېرىۋاتقان ئىكەن!

ـــ ...يېقىندىن بۇيانقى قىلغىنىڭدىن ئىچىڭدە نىمىلەرنى ئويلاۋات-

قىنىڭنى بىلىپ بولدۇم. مەن تېخى سېنى ئىزا تارتىدىغۇ دەپ ئويلاپ يۈرسەم، سېنىڭ راستىنلا شۇنداق قىلغىنىڭنى كىم بىلسۇن! ئۆتكەندە سەن ئۆيلەنگەندە مىڭ كويچە پۇل خەشلىدۇق، بەشىنچى ئىنىمىزگە ئىككى مىڭ كويچەن پۇل كەتتى. سەن زىيان تارتتىم دەپ ئويلاۋا-تامسەن؟ يۈرىگىڭنى تۇتۇپ بېقىپ ئويلاپ كۆرە، ئۇ يىللاردا بىر كوي تېپىش ئاسانمىدى؟ سېنىڭ تويۇڭنى دەپ، ئاكاڭ ئۆزىنىڭ كېسەل بولغىنىغا قارىماي، سىلەرنى باشلاپ تاغدىن توپ-توغرا ئىككى ئاي هاك توشۇپ يۈرۈپ، ساڭا خوتۇن ئېلىپ بەردى. ئۆيۈڭدىكى ئۆي سەرەمجانلىرىنى كونىراپ قالدى، زامانىغا لايىق كەلمەي قالدى دەمسەن؟ بىراق، بۇ ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ قايسىسىغا ئاكا-ئۇكىلارنىڭ قان-تەرى سىڭمىگەن! سەندەك بولىدىغان بولسا، ئاكاڭ بىلەن بىز شۇ چاغدىلا بۆلۈنۈپ چىقىپ كۈن كەچۈرگەن بولاتتۇق. بىر ئائىلە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسا، يالغۇز ئاتىنىڭ چېكى چىقماس دىگەندەك، سەن خوتۇن ئالالايتتىڭمۇ، هازىرقىدەك تەئەللۇقات تاپالايتتىڭمۇ! ئاكاڭ شۇ يىلى هېرىپ-چارچاپ ئىككى قېتىم قان قۇسقانلىقىنى ساڭا دەپ يۈرمىدىم تېخى! سەنچۇ، باشقا يەرگە بېرىپ بىر قېتىم چارۋا مال سودىسى قىلىپ، مىڭ كويدىن ئارتۇق پۇل تېپىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئۈچ يۈز كويچە پۇلنى كۆتىرىپ كىردىڭ! ئېلىپ كەت! مەن ئۇنىڭغا خۇشتار ئەمەس! سېنىڭ بۇنچىلىك پۇلۇڭسىزمۇ كىچىك ئىنىلىرىڭگە ئۆي سېلىپ بېرىۋېرىمەن، ئۆيلەۋېرىمەن. بىللە ئۆتۈشنى خالىمايمەن، ئۆي ئايرىپ چىقىمەن دىسەڭ، كېيىنكىنى ئوچۇق دەۋەرگىن! بۇنداق تىقىپ-يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق. ئۆي جاھازلىرى تەييار، خالىغىنىڭنى ئېلىۋال. بۇنىڭغا مەن بىر ئېغىز ياق دەمەيدىغان بولسام،

يەڭگەك بولماي كېتەي!...

تۈن قاراڭغۇسىدا، ھەيران بولغىنىمچە كۆزۈمنى چەكچەيتىپ ياتتىم. ئاچامنىڭ گەپنى بۇنداق كەسكىن، قاتتىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇسۇلغا ئازراقمۇ دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقماپتىمەن! شۇ تاپتا ئۇ قېيىنىنىسىگە ئەمەس، خۇددى كىچىك ئوغلىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك گەپ قىلدى! كىشىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئاچام گەپنى شۇنچە قاتتىق قىلسىمۇ، قېيىنىنىسى باشتىن ـ ئاخىر لام ـ جىم دېمىدى. پەقەت ئۇنىڭ تاماكا چەككەنىدە سەرەڭگە ياققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا، قېيىنىنىسىنىڭ خوتۇنى كېلىپ، ئاچامنىڭ ئالدىدا ئېرىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئاچامغا ناماقۇل بولغاندىن كېيىن ئىش تامام بولدى.

ۋاقىت خېلى بىر يەرلەرگە بارغاندا قېيىنىنىسى كەتتى. قورانىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، پەقەت ئاچامنىڭ چىرىس ـ چىرىس قىلىپ خەينىڭ چەمنى سىرىغان ۋاقىتتىكى يىپنى چىڭ ـ چىڭ تارتقان ئاۋاز خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۇ كۈچلۈك، دەرت ـ ئەلەمگە تولغان چەم سىرىش ئاۋازىدىن ئۇيقۇم پۈتۈنلەي قېچىپ، ئۇ يان ئۆرۈلۈپ ـ بۇ يان ئۆرۈلۈپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم.

يېنىمدا ياتقان داداممۇ تىنماستىن ئۇ يان ـ بۇ يان ئۆرۈلەتتى، بەزى ـ بەزىدە يېنىك يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇمۇ ئويغاق ئىدى.

قاراڭغۇدا ئاچامنىڭ سىماسى زادى كاللامدىن كەتمەيتتى. ئۇنى بۇرۇنقى ئاچامغا زادىلا ئوخشىتالمىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاچام كىچىك چېغىدا بەك چىرايلىق ئىدى.

جۇغى ـ بەستى ئەپچىل، ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق يۈز، ئاق پىشماق ئىدى. شۇ چاغدا مودا بولۇپ قالغان ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىغا نۇر چېچىپ تۇرغان كۆزلىرى قوشۇلۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى! ئاچام ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسۇل ئويناشقا كارامەت ئۇستا ئىدى. بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى مەكتەپتە ئويۇن قويۇلغاندا، دادام بىلەن ئانام ھەمىشە مېنى ئېلىپ، ئاچام ئورۇنلىغان نومۇرنى كۆرەتتى. ئاچامنىڭ ناخشىسى تۈگەپ، تاماشىچىلار قىزغىن ئالقىشلىغاندا، دادامنىڭ كۆزىدىن خوشاللىقىدا ياش چىقىپ كېتەتتى.

ئاچام ئۇن ياشقا كىرگەندە مەن دۇنياغا كەپتىكەنمەن، شۇڭا ئاچامنى كىچىك چاغدا دادام بىلەن ئانام بەك ئەركە بېقىپ، ئالقىنىدىكى مەرۋايىتتەك ئەتىۋارلايدىكەن. ئاچاممۇ بەك زېرەك، كاللىسى ئۆتكۈر بولۇپ، سەككىز يېشىدىلا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن يۈزنى ياتقا بىلىدىكەن. ئۇن بىر، ئۇن ئىككى ياشلارغا كەلگەندە «ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە قىسسە»، «غەرپكە ساياھەت» دېگەن رومانلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىكەن. ئۇ ئوقۇشتا ياخشى، شۇنىڭدەك كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىدىمۇ تايانچ بولغاچقا، مەكتەپتىمۇ ئەركە ئىكەن، ھەر يىلى ئوقۇغۇچىلار كادىرى بولىدىكەن، تېخى مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىدىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. ئۇنى گۈللەر تىزىلغان، ئىسسىل ھىدلار ئۇرۇلۇپ تۇرغان گۈزەل ئىستىقبال كۈتۈپ تۇراتتى!

شۇڭا مەن دائىم ئويلايتتىمكى، 1957 ـ يىلى دادام بىلەن ئانام پېشكەللىككە ئۇچراپ پۈتۈن ئائىلىمىز سۈرگۈن قىلىنغاندا، ھەممىدىن قاتتىق، ھەممىدىن ئېچىنىشلىق موللاق ئاتقىنى ئاچام بولدى! ئۇ

چاغدا بىزگە تېخى ئەس ـ ھوش كىرمىگەن ئىدى. ھالىبۇكى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئاچام بولسا، خۇددى ئاسمان پەلەكتىن يىقىلىپ چۈشكەندەك بولدى. ھەممەيلەن مەپتۇن بولغان داشۆ پىروفېسسورىنىڭ قىزىدىن بىراقلا ھەممەيلەن تىللىغا ئېلىشتىن يىرگىنىدىغان بەش خىل ئۇنسۇرنىڭ پەرزەنتى بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ئاخىرىدا ياكار بويىلۇق، كېسەلچان بىر دېخانغا تېگىپ قېلىشى، ئاچامنىڭ ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمايدىغان ئىش ئىدى!

ئاچام يىگىرمە يەتتە يېشىدا ئەرگە تەككەن ئىدى.

ئون يىلغا يېقىن تاغلىق كەنت تۇرمۇشى ئۇنى چىنىقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدىكى ئېغىر چىلىق ھەم دادام بىلەن ئانامىنىڭ سىياسى سالاھىيىتى ئېلىپ كەلگەن ئىستىقبال ۋە نىكادىكى بىر تالاي ئوڭۇشسىزلىقلار ئاخىرى ئاچامنىڭ روھىي جەھەتتىكى چىدامنى گۇم قىلىپ تاشلىغان ئىدى. شۇڭا ئاچامنىڭ ئەرگە تەككەنلىكىنى تۇرمۇش بېسىمى ئالدىدا قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقى دېمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىقتىدارسىز قالغان، تاللاشقا ئىمكانىيىتى قالمىغان، مەيلى ھاڭ، مەيلى يار بولۇشىغا قارىماي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا سەكرىگەن ئىدى.

ئاچام يىگىت بىلەن ئاخىرقى قېتىم "كۆرۈشۈپ" قايتىپ كېلىپ، گەپ قىلماستىن ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن چاغ، ھەقىقەتەن پۈتۈن ئائىلىمىز ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغان چاغ ئىدى. مەن ھەمىشە شۇنى ئويلايمەن: شۇ چاغدا، ئەگەر ئاچام مەن ياتلىق بولمايمەن دەپ ئاستاغىنا بىر ئېغىز گەپ قىلغان بولسا، دادام بىلەن ئانام ھەرقانچە ئازاپلىنىپ، بىئارام بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ نىمە دېيىشىگە

پەرۋا قىلماي، ئاچامنىڭ گېپىگە چوقۇم كىرگەن بولاتتى. ئەكسىچە، ئەگەر دادام بىلەن ئانام قىزىمىزنى مۇشۇنداق يولغا سېلىۋەتمەيمىز دىگەن بولسىمۇ ئاچام ئۆمۈر بويى ئەرگە تەگمەي ئۆتسىمۇ، مۇشۇنداقسىگە گاڭگىرىغان هالدا ئەرگە تېگىپ كەتمىگەن بولاتتى.

لېكىن، هەر ئىككى تەرەپ ئۇنداقمۇ دىمىدى!

توي بولغان كۈنى دادام بىلەن ئانام بۇ ئىنجىمارۇق ـ كېسەلچان، پات ـ پات يۆتىلىپ تۇرىدىغان يەزنەمنى كۆرۈپلا هۆڭـرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئاچام يىغلىمىدى. ئۇنىڭ قېتىپ قالغان خامۇش چىرايىدا هىچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ چاغلار ”تۆت كونا“نى يوقـىتىپ يۈرگەن چاغلار بولۇپ، تويىدا داققا ـ دۇمـباق چېلىشـمۇ، پوجاڭـزا ئېتىشـمۇ بولمىدى. ئاچام چىرايلىقـمۇ ئەمەس بىر قۇر يېڭى كىيىمنى كىيىپ، يەزنەمگە ئەگىشىپ ئاچامنى كۆچۈرگىـلى كەلگەنـلەر بىلەن بىلـلە، ئۈن ـ تۈنسىز مېڭىپ كەتكەن ئىدى...

ئاچام يېزىـدا تۇرغان ئون يىـل ئىچىـدە، خەقلـەرنىڭ كۆزىـگە يامان كۆرۈنۈپ ۋە سوغاق مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“ داۋامىدا ئۇ گىزەندىلىكنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتتى. ئاچام ئۈچـۈن ئېيتقانـدا، مەيلى روهـى ياكـى جىسمانىي جەهەتتە بولـسۇن، بىر پاناگـا شۇنـداق لازىم ئىدىكى، بۇ پانانى دەل يەزنەمنىڭ ئائىلىسى بەرگەن ئىدى!

ئوتتۇز تۆت ياشلىق يەزنەمنىڭ كەينىدە يەنە ئالـتە ئىنىسـى بار ئىدى. يەزنەمنىڭ مەدىكارلىقتىن كېلىپ چىققان ئاتا ـ ئانىسـى بىر كېلىنگە تەشنا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي

كەلـگەن ئـكەن. ئۇلارنىڭ تەركىـۋى كەمـبەغـەل دىخان، بىراق باللىرى كۆپ، ئۆي ـ جاي، مۈلكى ئاز، نامرات، دۈيدىن تېگىدىغان دارامەت يوق ھىساۋىدا بولغاچقا، قىزلار بۇ ئىشككە يولىمىغان.

شۇڭا دادام بىلەن ئانام كۆزلىرىگە ياش ئالـغان پېتى قىزىـنى ئۈزىتىپ قويغان چاغدا، يەزنەمـنىڭ ئۆيىـدە كۈجىـنى تۈتامـلاپ كۆيدۈرۈپ شامنىڭ يوغىنىنى يېقىپ، ئائىلە بويىچە شاتلىقتا چۆمۈپ، گويا پەرىشتىنى كۈتكەندەك قىلىپ بۇ كېلىنىـنى ئاجايىـپ تەنـتەنە بىلەن كۈتۈۋالغان ئىدى.

يەزنەمـنىڭ مىـجەزى شۇ قەدەر ياخـشى ئىكەنلىكىـنى، ئاچامـمۇ ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، ئاچامنىڭ ئالدىدا ئۇ مۈتلەق سىزىق-تىن چىقـمايتـتى. ئاچام ئالـىپ قويـسـلا، ئۇ پەرـشان بولۇپ ئولتۇرالـماي كېتەتـتى، ياكى پايپاسـلاپ يۈرۈپ، تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ جۈغى كىچىك ـ ئورۇق بولسـمۇ، لېـكىن زىممىسى-دىكى تۈرمۈش ئېغىرچىلـغى ھېچكىمنىڭكىدىن يېنىك ئەمەس ئىدى. ئائىلىسىدىكى غۇربەتچىـلىك تۈپەيلىـدىن ئۇ كىچىگىـدىن تارتىپـلا كىشىلىك دۈنياسىدىكى غەم ـ قايـغۇنىڭ تەمىـنى تېتىپ كەلـگەن. تۈنجى ئوغۇل بولغانلىغى ئۈچۈن ئائىلىسىدىكى ئىشـلارغا ۋاقتىـسىز باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، تاغلىق رايوندىكى بىر دىخاننىڭ خوتۇن ئالمىغى نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇ ياشاپ-غان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن. ئۇنىڭ بويتاقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ ئائىلىسىگە بىرەر خوتۇن تېپىپ كەلگەنلىك پۈتۈن ئائىلىگە ئۈمىت ۋە دىـيەك تېپىپ كەلگەنـلىك، ھاياتـلىقـقا جاسارەت ۋە ئىشـەنچ تېپىـپ كەلـگەنـلىك بولۇپ ھىساپلىناتتى!

دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللار تۇپەيلىدىن، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان يەزنەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭلۇغىنى چوڭقۇر بىلگەن! شۇڭا، يەزنەمنىڭ ئاچامغا ئىستابەن قىلىشى قورقۇش ـ قورۇنۇشلا ئەمەس، تېخىمۇ كۆپرەگى چوقۇنۇش ۋە ھۆرمەتلەش ئىكەن!

بۇ يەردە توينى ئون كۈنگىچە ئوينايدىغان ئادەت بار ئىكەن، توي ئويناشتا خەقلەر يەزنەمگە ناخشا ئېيتىپ بەر دەپ تۇرۇۋالغان ئىكەن، يەزنەم ئاچامنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ باقاي دەپ شۇنداق بۇرلىشىغا ئاچامنىڭ مۇزدەك چىرايى بىلەن قاراپ ھوميىپ تۇرۇشىغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ پۈتۈن بەدىنى جۇغۇلداپ كەتكەن، شۇ كۈنلەر ـ دىكى ئاخشاملاردا باشقىلار ئۇنى ھەرقانچە ئىتتىرىپ، تارتىپ بىرنىمىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، يەزنەم زادىلا ئاچامغا تېگىشىپ باقماپتىكەن.

ئەگەر ئاچامنىڭ زۇۋان سۇرمەسلىكى ۋە چىرايىدىكى ئۇمتىسىز ـ لىك ئالامەتلىرى بىزنىڭ ئائىلىمىزگە چەكسىز غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كەلدى دېيىلىدىغان بولسا، يەزنەمنىڭ ئائىلىسىگە بولسا دەككە ـ دۈككە ۋە ئەنسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئىكەن!

يەزنەم ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئاچامغا "كېسىلىگە قاراپ دورا بېرىش"نى بىلمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇنداق "دورا"سىمۇ يوق ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىردىن ـ بىر چارىسى شۇ ئىكەنكى، ئاچامنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەتراپلىق پەرەز قىلىپ، ئاندىن ئۆزلىرىچە مۇۋاپىق دەپ ھېساپلىغان ئۇسۇل بىلەن ئاچامنى "داۋالاش" ۋە بەزلەش ئىكەن. بۇنداق "داۋالاش" غايەت چوڭ ئۈنۈم بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنتايىن قىممەتلىك، شۇنداقلا ئاچامغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولغان بىر خىل نەرسە بار ئىكەن، يەنى ئادەمگە بولغان

ئىززەت ـ ھۆرمەت بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپتۇ!
ئاچام ياتلىق قىلىنىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن باھار بايرىمى بولغان ئىكەن. بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا يەزنەمنىڭ ئالتە ئىنىسى، ئىككىنچى ئىنىسىنىڭ باشچىلىقىدا، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە كىرىپ بىر ئېغىزدىن تەڭلا:
ــ يەڭگە، سىزگە بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن سالام بەرگىلى كىردۇق، ــ دېيىشىپتۇ.
ئاچام ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغىچە، ئالتە قېيىنىنىسى شارتتىدە قىلىپ يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىردىن باش ئۇرۇپتۇ!
ئاچام ھاڭۋېقىپ قاپتۇ! ئۇ كاڭدا تامدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ، بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي قاپتۇ. ئاچام ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىپ باققان ئەمەس ئىكەن!
گەرچە بۇ بىر خىل شەكىل بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق شەكىل ئاچامنى غايەت قاتتىق تەۋرىتىۋېتىپتۇ!
ئالتە قېيىنىنىسى ئۇنىڭغا بىردىن باش ئۇرۇپ چىقىپتۇ!
كەچكى تاماق ۋاقتى ئىكەن، بۇ ئۆيگە ياتلىق قىلىنىپ كەلگەندىن بۇيان قېيناتا ـ قېينانىسى ئالدىدا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ باقمىغان، ھەر ۋاقىت تامغىنى قېيىنىنىلىرى ئېپكىرىپ بېرىدىغان ئاچام ئادەتنى بۇزۇپ قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارغىمۇ بىردىن باش ئۇرۇپ سالام بېرىپ چىقىپتۇ!
قېيناتىسى ئايغىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ ـ تېنەپ بېرىپ كېلىنىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. قېينانىسى بولسا خوشاللىقىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاغزى گەپكە كەلمەي، لەۋلىرى تىترەپ، كۆز يېشىنى توختىتالمايلا كېتىپتۇ!

قەرزگە بوغۇلۇپ دىمىنى ئالالماي قالغان قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى خېلىدىن بۇرۇن تەييارلاپ قويغان، سالام بېرىش يۈزىسىدىن بېرىدىغان يىگىرمە كويچەن پۇلنى ئاچامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاچام بۇ پۇلنى ئالماپتۇ، بىراق، ئۇلار يەنە يەزنەم ئارقىلىق ئاچامغا كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ.

تاماقتىن كېيىن، ئاچام چىقىپ كېتىپتۇ، قېيناتىسى تۆتىنچى ئوغلىنى تازا كېلىشتۈرۈپ تىللاپتۇ:

— ئەتىگەندە يەڭگەڭگە باش ئۇرۇپ سالام بېرىپ چىق دىسەم، سەن تېخى غىڭشىپ بارغىلى كەلمىدى. شۇنى ئېيتىپ قويايكى، يەڭگەڭ باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ مەدەنىيەتلىك جۇما! تۆت خىل ئۇنسۇر، بەش خىل ئۇنسۇر دىسە دەۋەرسۇن، بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىن كىرگەن ئىكەن، ئۇ سېنىڭ يەڭگەڭ بولىدۇ. بىلىپ قوي جۇما؟ ئەگەر بۇ يەڭگەڭ بولماي، باشقا بىرسى بولىدىغان بولسا، يەنە يېرىم ھەسسە پۇل چىقىرىپمۇ ئۇنى ئەكىلەلمەيتتىڭ. ئادەم دىگەندە ۋىجدان بولسا بولىدۇ! يەڭگەڭنى بىر كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ئۆي تۇتۇشقا پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم...

بۇ گەپلەرنى ئاچام تولۇق ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ ۋە كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ كېتىپتۇ!

يەزنەمنىڭ ئائىلىسى ئەجدادىدىن تارتىپ كەمبەغەل ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار تۇغۇلۇپلا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشلىق، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەيدىغان، تېجەشلىك ئۆتىدىغان، ئېغىر ـ

چىلىقتا چىدايدىغان مىجەزگە ئىگە ئىكەن ھەمدە كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەتنى، ئادەمگەرچىلىكنى، تۇرمۇشتا بولغان قىزغىنلىقنى ئەسلا يوقىتىپ قويمىغان ئىكەن. ئۇلار ئادەمگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن.

ئۇن تۆت ياشلىق كەنجە ئوغۇل بىر كۈنى ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ، بىراۋنىڭ ئاچامنى ”’بەش خىل ئۇنسۇر‘، توخۇ پوقى“ دەپ تىللىغىنىنى ئاڭلاپلا ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئادەمنى ۋاي جان دىگىچە چىشلىۋاپتۇ! ئۇ ئادەم قول ياندۇرۇپ كەنجە ئوغۇلنىڭ كىيىمىنى يىرتىپ تاشلاپتۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىپتۇ، ئەگەر دادۇي جۇرىنى توسمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە جان تىكىشكە تاس ـ تاس قالغان ئىكەن!

شۇ كۈنى كېچىدە، ئاچام كەنجە ئوغۇلنىڭ كىيىمىنى خېلى ۋاقىتچە پۇختا قىلىپ ياماپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل رەڭ ئالامىتى جۇش ئۇرۇپ چىقىپتۇ.

ئاچامنىڭ ھىسسىياتى ئۇرغۇپتۇ. شۇنداق، ئۇ، بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۆزىنى ئۆزلىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدە قىلىپ سىڭدۈرگەنلىكىنى ھىس قىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەپتۇ، قەدىرلەپتۇ، ئۇنى ئۆز ھاياتىنى قوغدىغاندەك قوغداپتۇ!

مۇشۇنداق ساددا، ئىپتىدائى ئىپتىقاتقا ئوخشاش ھىسسىيات ئىچىدە ئاچام بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ بېرىپتۇ. ئاچام ياشانغان قېيناندىسىنىڭ زىممىسىدىكى جىمى ئۆي ئىشلىرىنى ئاڭسىز ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ. بىر ئائىلىنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، كىر ـ قاتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپتۇ. ھەرقانچە ئالدىراش، جاپالىق

بولسمۇ، ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراستى بىلەن، بۇ ئائىلىدىكىلەرنى زەتلىك كىيىندۇرۇپ، ئىسسىق غىزالاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. يەزنەسىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئاچامنىڭ بۇ ئائىلىدىكىلەرنى چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى بارا ـ بارا ھېس قىپتۇ.

ئاچام تۇرمۇشقا چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قېيىنانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سەكرات ئالدىدا ئاچامنى قېشىغا چاقىرىپ، ئوغۇللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ: ”بۇ... بۇلارنى سىزگە... تاپشۇردۇم... بىر ئامال قىلىپ... ئۇلارنى ئۆيلەپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇڭ، ئاخىرەتكە بارغاندىمۇ سىزنى ئۇنتۇمايمەن...“

قېيىنانىسى تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي قېيىناتىسىمۇ بىر ئاغرىپلا ئۆلۈپ قالغان ئىدى، قېيىناتىسىنىڭ كېسىلى جىددى كېسەل بولۇپ، بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا، ئوغۇللىرى ئۇنى چۆرىدەپ كېلىپ ”دادا، دادا“ دەپ شۇنچە چاقىرسىمۇ، ئۇ زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئاچام كېلىپ توپنى ئايرىپ كىرىپ، يېنىك ئاۋازدا ”دادا“ دەپ چاقىرىپتىكەن، قېيىناتىسى ”ھە“ دەپتۇ ـ دە، كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇ قولىنى سوزۇپ ئاچامنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولغاندەك قىپتۇ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپتۇيۇ، ھالسىزلىنىپ مىدىرلىيالماي قاپتۇ...

قېيىناتىسى ھېچنىمە دېيەلمىگەن بولسىمۇ، دېمەكچى بولغىنى ھەممىگە ئايان بوپتۇ. ئۇ، ئائىلىسىنى ئاچامغا تاپشۇرغان ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە نىمجان ئېرى، بىرمۇنچە بويتاق، يەنە ئۈچ ئېغىزلىق كونا كېسەك ئۆيلەرمۇ بار ئىكەن.

قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ

ۋەسىيىتى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم كىلىنىنىڭ دىلىنى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ.

مال ـ مۈلۈكنىڭ كارى چاغلىق. بىراق بۇنداق ۋەسىيەت بىر خىل مەردانىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ـ دە.

بۇنداق مەردانىلىق ئىچىدىن ئاچام ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئېرىشىپتۇ. بۇنداق نەرسە ئورۇن ـ مەرتىۋە، پۇلدىن كۆپ دەرىجىدە مۇھىم ئىدى.

ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان ئاچامنىڭ بىردىن ـ بىر نەرسىسى يەنىلا ئاشۇ قارىداپ كەتكەن، سىرتمىسىمۇ يوق كونا شىرەسى ئىكەن. بۇنى قېيىننىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى يۇرۇشلەشكەن، زامانغا لايىق ھەر ـ ھەر چوڭ كىچىك ئىشكاپلارغا سېلىشتۇرغاندا تامامەن باشقا ـ باشقا ئىككى دۇنيا ئىدى!

ئاچام ئەنە شۇنداق پۈتۈن دىلىنى بۇ ئائىلىگە بېغىشلىغان ئىدى.

مەن دائىم ئاچامدەك بىر ئايالنىڭ مۇشۇنداق چوڭ بىر ئائىلىگە باشچىلىق قىلىپ كېتەلىشى نەقەدەر تەس، ئۆزىدىن بىرنەچچە ياشلا كىچىك بولغان قېيىننىسىنى شۇنچىۋالا ئەيىپلەشكە جۈرئەت قىلالىشىغا قانچىلىغان غەيرەت ۋە ئىشەنچ كېرەك، ساپ دىل، ئوچۇق ـ يورۇق، ئادىل ئىش قىلمىغان بولسا، بۇ ئائىلىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىمىغان بولسا، بۇنداق ئىناۋەت ـ ئابروي ۋە جاسارەت نەدىن كەلسۇن! دەپ ئويلايتتىم.

ئۆتكەن يىلى، سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز مەكتەپ پۈتتۈردۇق. دادام تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلىدى، ئۇكام ئۆيلەندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبرىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ئىدى. باھار بايرىمى ۋاقتىدا،

دادام قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئاچامنى بىر كېلىپ كەتسۇن دەپ ئاتايەن مېنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى.

كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولۇپ قالغان ئاچام خېلى قېرىپ قاپتۇ. ئەندى قىرىققا كىرگىلى تۇرغان ئاچامنىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرىپ قاپتۇ.

يېزىلىقلار تويىنى كۆپىنچە باھار بايرىمىدا قىلىشاتتى، ئاچامنىڭ كەنجە قېيىنسىڭلىسىنىڭ توي تەييارلىقى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈندىن جىددى، بۈگۈندىن مۇھىم بىر ئىش ئاچام كەنجە قېيىنسىڭلىسىنىڭ تويىدىن بۇرۇن ئۆي ئايرىماقچى بولغان ئىكەن.

كىچىك قازاننىڭ ئىشىغا ئۆگىنىپ قالغان بولسام كېرەك بەلكىم، ئالدىمىدىكى شاۋقۇن-سۈرەنگە توشۇپ كەتكەن بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ كەيپىياتىغا زادىلا چىدىيالمىدىم. بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ ھەم ئاچامدىن خاپا بولدۇم ھەم ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلدىم. بالدۇرراق ئايرىۋەتمىگەن بۇ ئۆينى ئەمدىلىكتە قانداق ئايرىيدىغاندۇ! ھەر بىرسىگە ئۈچ ئېغىزدىن ئۆي، بىردىن كىچىك قورا، ئايرىپ بېرىشقۇ ئاسان ئىش، بىراق يەنە بىر تىراكتور، بىر دان ئايرىش ماشىنىسى، ئىككى خېچىر، ئۈچ كالا ھەم ھەر خىل-ھەر ياڭزا دېخانچىلىق ئەسۋاپلىرى بار ئىكەن. بۇ قانداقمۇ بىر ئائىلە ھېساپلانسۇن، بۇ بىر كىچىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدى تۇرسا، قانداق بۆلگىلى بولسۇن؟

قارىماققا ئادەتتىكىدىن پەرقى يوق بۇ ئائىلە، ئەمەلىيەتتە، ئىچكى قىسمىدا ئاللىقاچان تەشۋىشكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تەرەپ-تەرەپلەردىكى تۇققانلار، يار-بۇرادەرلەر قىش كۈنى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدىغان يەزنەمنى يوقلاپ كېلىش پۇرسىتى بىلەن ئاچامغا بەس-

بەستە نەسىھەت قىلاتتى. ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى دەيتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاچامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىت ۋە تەلەپلىرىنى ئەگىتىپ قوياتتى.

ئاچامنىڭ كېيىمدىن پېچىنە-پىرەندىك قاتارلىق يېمەكلىكلەر ۋە قەنت-گېزەكلەر ئۆكسۈمەيدىكەن. ئاچامنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان مېھمانلار ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى.

كىشىلەر كېلىپ ئۇنى-بۇنى دېيىشكەن چاغلاردا، يەزنەم يا دېمى سىقىلىپ كاڭدا ياتاتتى، يا كىچىك ئورۇندۇقنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرۇپ ھېچنىمە بىلەن كارىمۇ بولمايتتى. بىرەرسى ئۇنى ئىزلەپ كەلسىمۇ، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتەرمەي: "بالىنىڭ ئاپىسىغا دەڭ" دەپلا قويىدىكەن.

ھەممە بېسىم ئاچامنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىكەن!

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھامان ئاكا-ئۇكىلارنى تەتۈر قارىتىپ قويىدىغان ئۆي ئايرىش ئىشىنى ئاچام زادى قانداق بىر تەرەپ قىلار؟ دەپ ھەتتا خولۇم-خوشنىلارمۇ ئاچام ئۈچۈن ئاستىرتتىن ئەنسىرىشىدىكەن.

يەنە كېلىپ ئاچام ئۆي ئايرىش ۋاقتىنى باشقا كىشىلەرنىڭ تەتۈرسىچە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. باشقا ئائىلىلەر تويدىن كېيىن ئۆي ئايرىشاتتى، ئاچام بولسا مۇبادا يۈز ئۆرۈش ئىشلىرى بولۇپ قالسا، بۇ توينىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كېتىشىنىمۇ ئويلىماي بۇ ئىشنى تويدىن ئىلگىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بىراق ئاچام بەك تەمكىندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمايتتى، خەقلەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەنمۇ كارى بولماي، پۈتۈن ئەس-يادى كەنجە قېيىنسىنىڭ توي تەييارلىقىدا ئىدى. كەنجە

قىيىنىنىڭ ئۆيى، ئۆي سەرەمجانلىرى، يىمەك، ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرى تەل ئىدى، قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، تۇققانلارغا چاي بېرىپ بولغاندىلا، ئاچام ئاندىن قولىنى بوشىتىپ، ئۆي ئايرىش ئىشلىرىغا باش قاتۇرىدىغاندەك تۇراتتى.

ئاچامنىڭ ئۆي ئايرىش ئىشىغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ تۇققان، يار-بۇرادەر، خولۇم-خوشنا ۋە مۇيسىپىتلاردىن بىرنىمۇ چاقىرمىدى، پەقەت بىر بوغالتىرلا تەكلىپ قىلدى.

ئاچامنىڭ جىددى قىياپىتىگە قاراپ، ئائىلىدىكىلەردىن ھېچكىم ھېچنىمە سورىمىدى. ئۇن ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا ئۆي ئايرىش ئىشى باشلاندى.

بۈگۈن دەل قىيىناتىسى ۋاپات بولغىنىغا ئون يىل توشقان كۈن ئىكەن.

ئاچام قېيىنكېلىنلىرى بىلەن ھەر خىل يىمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، جوزىغا گۆشسىز غىزالارنى تىزىپ قويدى.

ئاچام كۆچۈرۈپ كېلىنمىگەن كەنجە قېيىنىنىڭ خوتۇنىنىمۇ چاقىرتىپ كەلدى. قىيىناتىسىنىڭ ئەرۋاھ تاختىسى ئالدىغا شام ۋە ئىسرىق يېقىلدى، ئاچام تۆجۈپىلەپ ئىشلىگەن گۈلچەمبىرەك قويۇلدى.

نەزىر-چىراق تاماملانغاندىن كېيىن، ئاچام پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغدى. مەن ئىچىمدە ساناپ باقسام، چوڭ-كىچىك بولۇپ يىگىرمە بەش جان ئىكەن. بۇنىڭغا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىككىنچى قېيىنىسى تېخى كىرمىدى.

ئاچام بىر جوزا ئېلىپ چىقتى. ئۆيدىن قېلىن بىرنەچچە ھېساۋات دەپتىرىنى ياقىراپ تۇرغان بىر قارا قۇتىنى ئېلىپ چىقىپ جوزىغا

تىزىپ قويدى. بۇغالتىرنى چاقىرىپ كېلىپ بىر يانغا ئولتۇرغۇزدى.

ئاچامنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، بەئەينى مەجلىس ئاچمىدىغاندەك پوزىتسىيىسى تەبىئى، جىددى بولۇپ، ھېچقانداق ياسالمىلىقى يوق ئىدى. گەپ-سۆزلىرى خۇددى ئىختىيارى پاراڭلىشىۋاتقاندەك، كىشىنى بەك تەسىرلەندۈرەتتى!

— تۆتىنچى كېلىن، باللىرىڭغا ئوبدان قارا، خوپ، ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى، ئويناپ-چوقۇرۇشۇپ يۈرگەن باللارمۇ دېمىنى چىقارماي جىم ئولتۇرۇشتى.

— نېمە دەيدىغانلىقىم ھەممىگە مەلۇم، بىز ئۆي ئايرىيدىغان بولدۇق. ئاتا-ئانىمىز ھايات بولسىمۇ، بەرىبىر ئۆي ئايرىيدىغان گەپ ئىدى، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ يەردە تۇرۇپ، بىزنىڭ بۇ بىر ئائىلىدىكىلەرنى كۆرسەم، جۈپ-جۈپ ئىناق-مېھرىۋان ئۆتۈ-ۋاتقان سىلەرنى كۆرسەملا كۆزەمگە ياش كېلىدۇ. مەن دائىم كىشلەرگە، ئاتا-ئانىلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھايات بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولغان بولاتتى! دەيتتىم. كىشلەر، خوتۇن ئالسا ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ، دېيىشىدۇ. بىراق مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق ئىش بولمايدۇ. ئاتا-ئانىمىز ئەڭ جاپالىق كۈنلەردە بىزنى تاشلاپ كەتتى، شۇڭا بىز ئۇلارنى ھەر دائىم ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. رەھمەتلىك ئانىمىز ۋاپات بولغان چاغدا، بۇ ئۆيدە سىلەر بار ئىدىڭلار. رەھمەتلىك ئانىمىز سىلەرنى بىر-بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ ھەرقانچە كەمبەغەل بولساڭلارمۇ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار، ئۆزەڭلار بىلەنلا بولۇپ كەتمەڭلار دەپ قايتا-قايتا جېكىلىگەن ئىدى. رەھمەتلىك ئاتىمىز

ۋاپات بولغاندىمۇ سىلەر ئالدىدا بار ئىدىڭلار. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بىلەن، كۆزى ئوچۇق كەتكەن ئىدى!... سىلەر ئۇلگۈدەك يىغلىدىڭلار. كۈنىمىز ياخشىلانغاندا، ئويلاپ باقىدىغان بولساق، ھىلىمۇ كۆزىمىزگە ياش كېلىدۇ. ئۆزەڭلارغا مەلۇم، رەھمەتلىك ئاتا-ئانىمىز ئوغۇللىرىنى دەپ بىر كۈنىمۇ راھەت كۆرمىدى، ئۆمۈر بويى جاپا تارتتى. ئانىمىزنىڭ كېسىلى تۇتۇپ قالغاندا، ئاغرىق دەستىدىن بېشىنى كاڭغا قاتتىق ئۇرسىمۇ ئۇراتتىكى دورا ئىچىشكە ئۇنىمىغان ئىدى...

ئاچامنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ ئېقىپ چۈشتى، ئۆينىڭ ئىچى يىغا-زارغا تولۇپ كەتتى. بالىلارمۇ چوڭلارغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

—يەڭگە، بۇلارنى دەپ نىمە قىلىسىز!—بەشىنچى قېينىنىسى قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى.

—ئۇنداق بولسا دىمەيلى. دىمىسەكمۇ ھەممىمىز ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. ئەگەر سىياسەت ياخشى بولۇپ كەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ بۇ ئائىلىمىزگە بۈگۈنكى ياخشى كۈن نەدە! ئەگەر ھەممىمىز دەرت-ئەلەم ئىچىدە يۈرمىگەن بولساق، ئاكا-ئۇكا مېھرىنىڭ بۇ قەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەتتۇق. بىزنىڭ بۇ ئائىلىمىز بۈگۈنكىدەك ئوتتەك قىزغىن بولالامتىمۇ!

بەزىلەر بۈگۈنكى كۈننى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، غۇربەتچىلىك باسقان چاغلىرىدا ئاكا-ئۇكىلار يېقىن بولغان بولسا، باي بولۇپ دۆلەت كۆرگەندە ئاكا-ئۇكىلار ئۆچمەنلىشىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ بولمىغان گەپ! ئاز-تولا پۇلنى دەپ تۇققان-يارەنلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ھايۋانىدىنمۇ بەتتەر كېلىدۇ! ئادەم دىگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك، بۇ دۇنيادا كىشى ئۆزى

ئۇچۇنلا ياشسا بولمايدۇ!

ئۆينىڭ ئىچى تىمىتاس بولۇپ كەتتى. ئاكا-ئۇكىلار سۈكۈت قىلىپ بېشىنى سالغان ھالدا خۇددى ئۆز ئىچ سىرىنى ئويلاۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بىرنەچچە كۈن ئالدىدا مەن دادۇيگە بېرىپ باقتىم. دادۇي خۇمدانىنى كۆتىرىگە بەرمەكچى ئىكەن، ئالدىغان ئادەم چىقماسمىكىن دەپ ئەنسىرەۋېتىپتۇ. بىزگە بېرىڭلار، بىز كۆتىرە ئالالايلى دىدىم. دادۇيجاڭ، سىلەر ئۆي ئايرىماقچى ئەمەسمۇ؟ دىدى. مەن ئۆي ئايرىلغان بىلەن، ئادەم ئايرىلمايدۇ! ئاكا-ئۇكىلار يەنىلا ئاكا-ئۇكىلار بولىۋېرىدۇ، بىر يەرگە قوشۇلسا يەنە بىر ئۆينىڭ كىشىلىرى، دىدىم. دادۇيجاڭ خوش بولۇپ كېتىپ، ئۇنداق بولسا، سىلەرگە كۆتىرىگە بەردۇق! دىدى. بۇنداق ئىشقا ئادەم ئاز بولسا، ئۇنى ئىشلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسە چاتىغىمۇ كۆپ چىقىدۇ. سىلەرگە بەرسە دادۇيمۇ خاتىرجەم بولىدىكەن. ھېساپلاپ باقسام، مەبلەغ جىقراق كېتىدىكەن. بىراق بىزدە تىراكتۇر بار ئەمەسمۇ، يەنە بىر خىش قۇيۇش ماشىنىسى ئالساق، خۇمداندىن يەنە ئىككىنى كۆپەيتسەك ئىش تەل بولىدۇ. ئوبدان ئىشلىسەك، يىلىغا ئون مىڭ كويچەنچە پۇل كىرىم قىلىشتا گەپ يوق. مېنىڭ پەممىچە، ئۇچىنچى، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قېيىنىمىز — سىلەر شېرىكلىشىپ ئىشلىسەڭلار، بۇ ھەممىدىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. باغ ۋە يەرلەرنى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قېيىنىمىزغا بېرەيلى. ئۇلار بېرىش-كېلىش ئالاقىلىرىغا ماھىر بولمىغىنى بىلەن، تېرىقچىلىققا ئۇستا، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئوزۇقلۇققا ۋە پاراق تاپشۇرۇشقا يېتەرلىك ئاشلىق تېرىغاندىن باشقا، يەرنىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى

كۆپرەك تېرىيلى. ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، باغنىڭ ئەتراپىغا يەنە يىگىرمە مو كۆچەت تىكسەك، بۇنىڭدىنمۇ خېلى كۆپ پۇل قىلغىلى بولىدۇ...

ئائىلىدىكى ھەممەيلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاچامغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھاڭۋېقىپ قالدىم، ئاچامنىڭ مۇشۇنداق يىراق، مۇشۇنداق ئەتراپلىق ئويلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!

— بىزنىڭ ئۆيىنى ئايرىغىنىمىز ئايرىغان. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ھېساپ - كىتاپ، كىرىم - چىقىملارنى بوغالتىر نەچچە قېتىم سىلىشتۇرۇپ ھېساپلاپ چىقتى. ئېشىنغان پۇل ۋە چەك ماۋۇ قارا قۇتىدا ئىچىدە، جەمئىي يەتتە مىڭ ئالتە يۈز توقسان بەش يۈەن ئالتە موچەن قالدى. مەن ھېساپ دەپتىرىنى ئالتە نۇسخە يازدۇرۇپ چىقتىم، ھەر بىرىڭلارغا بىردىن تېگىدۇ. ھەممەڭلار ئوبدان ھېساپلاپ، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار. بىر - ئىككى كۈن ئوبدان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆي ئايرىشايلى. ئىككى كۈندىن كېيىن، بىرنەچچە قاچا - قۇچىنى دەپ تۇققانلار ئارا يۈز ئۆرۈشكەن ياخشىمۇ ياكى ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئوبدان ئىشلىگەن ياخشىمۇ! قايسى پايدىلىق، قايسى زىيانلىق، دەڭسەپ كۆرۈڭلار. پۇلنى ئادەم تاپىدۇ، گەپ — كۆپچىلىكنىڭ بىردىل - بىرنىيەتتە بولۇشىدا!! بۇرۇنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىمىز بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىچ - قارنىمىز سىيىپ، تۇققانلارنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ...

ئاچامنىڭ گېپى ئاياقلاشقاندا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىمىرلىماستىن ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

ئۇلار ئۆي ئايرىشقان ۋاقىتتا، مەن شەھەرگە قايتىپ كەتكەن ئىدىم.

ئاڭلىسام، ئاچام ئۆيىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن جاي ـ جايىدا ئايرىپتۇ. بىرىنچىدىن، ئاچام ھەممە قېيىنىلىرىگە ئوخشاش ئادىل مۇئامىلە قىپتۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاكا ـ ئۇكىلاردىن ھېچقايسىسى تالاشماپتۇ، ھەممىسى ئەقىلغە مۇۋاپىق بوپتۇ دېيىشىپ، رازى بوپتۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاچامغا تەككەن ئۆلۈش باشقىلارنىڭكىدىن ئاز بوپتۇ!

كەنجە قېيىنىنى توي قىلغان كۈنى ئاكا ـ ئۇكىلار ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەك قىزىسپ ـ قايىناپ، تېخىمۇ يېقىن ـ مېھرىۋان بولۇپ كېتىپتۇ.

ئاچامدىن ئاخىر خەتمۇ كەلدى. ئۇ خەتتە بۇ يىل چوقۇم كېلىمەن دەپتۇ ۋە باللىرى بىلەن يەزنەمنىمۇ ئېلىپ كەلمەكچى بوپتۇ.

ئاچام خېتىدە شەھەردىن يېزىغا كەلگىنىگە يىگىرمە نەچچە يىل بولۇپ قالدى؛ بۇدا شەھەرگە كىرىپ ئويدان ئويناپ، ئوبدان تاماشا قىلىمەن، شۇنداقلا ئېرىمنىڭ كېسىلىنى ئوبدان داۋالىتىۋالىمەن؛ باھار بايرىمىنى شەھەردە كۆڭۈللۈك، ئازادە ئويىنىۋالىمەن، دەپتۇ.

ئاچامنىڭ گېپىنىڭ ئورامى باللارغا ئوخشاش ئىدى!

## ئاپتور ھەققىدە

جاڭ پىڭ ـــ ئەر، 1954 ـ يىلى تۇغۇلغان، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجياڭ ناھىيىسىدىن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرتىدا خەلق ئىشچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىدىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇۋەققەت

ئوقۇتقۇچى بولغان. 1982 ـ يىلى سەنشى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر سەنشى ئۆلكىسى لىنفېڭ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدۇ. 1981 ـ يىلدىن بۇيان «خوتۇنغا نەزىر ـ چىراق بېرىش» قاتارلىق ئون نەچچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: رېھىمجان.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**

## دەرس ۋاقتىدا*

ماتېماتىكا دەرسىدە، ئوقۇتقۇچى بىر مەسىلىنى يېشىۋېتىپ:

ــ 3 ئادەم 2 سائەت ئىشلەپ ھەممە ئىشنى تۈگەتتى. ئەگەر 6 ئادەم بولسا، بۇ ئىشنى قانچە سائەتتە تۈگىتەلەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەگەر ئىش تۈگىگەن بولسا، يەنە بىر قېتىم ئىشلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دەپ جاۋاپ بەردى بىر ئوقۇغۇچى تېزلا.

# ئىيون پاراڭلىرى



تيې نىڭ

1983 ـ يىل 2 ـ مايدا ئۆلكە گېزىتى 1 ـ بېتىنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋىنىگە تەھرىر ئىلاۋىسى قوشۇلغان بىر پارچە خەت بېسىلدى. خەتتە S شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ 4 نەپەر باشلىقى ھازىرقى زامان تىياتىرى كۆرىكى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھە دەپ نا توغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللانغانلىقى پاش قىلىنغان ئىدى. خەت-تىكى پاش قىلىنغان مەسىلە پارتلاش خاراكتېرلىق بولمىسىمۇ، تەھ-رىرنىڭ سۆزى ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، ئىشنى ئىنقىلاپ چىقماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

خەتكە: "S شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن موبۇ" دەپ ئىمزا قويۇلغان ئىدى.

S شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى دا ئۇستام شۇ كۈنلۈك گېزىتلەرنى ھەرقايسى ئىشخانىلارغا ئېپكىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىدارىدە خېلىلا بىر غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

S شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە موبۇ ئىسىملىك ئادەم يوق ئىدى. ھازىر بولمايلا قالماستىن، زادى بولۇپ باقمىغان ئىدى. بۇنىسى دا ئۇستامغا ھەرقانداق كىشىدىن ئېنىق ئىدى. موبۇ ئىسىملىك

بۇ خەت يازغۇچىغا ئەينى چاغدىكى ھەممە ئىش گويا بەش قولدەك ئايان ئىدى. قايسى ئىدارە باشلىغىنىڭ ئايالى، بالا ـ چاقىسى بىلەن ئىسىل مېھمانخانىلاردا بىرقانچە كۈن ياتقانلىقى؛ قايسى ئىدارە باشـ لىغىنىڭ قولىدىكى ئارتۇق ئويۇن بىلىتىدىن پايدىلىنىپ شەخسى تەپـ ئالغانلىقى؛ قايسى ئىدارە باشلىغىنىڭ پىكاپتا ئولتۇرۇپ سەيلە ـ تاماشا قىلغانلىقى؛ ھەتتا قايسى ئىدارە باشلىغىنىڭ قانچە ۋاق تاماققا قانچىلىك پۇلنى كەم تاپشۇرغانلىقى خەت يازغۇچى ئۈچۈن ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۆلكىدىن ناھايىتى تېزلا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى، ئىدارە باشلىقلىرى "پولاتتەك پاكىت" ئالدىدا ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپلا قالماستىن، "دۆلەتتىن سىرىتۋالغان پايدا"نى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ھەميانلىرىدىن پۇل چىقىرىشتى.

بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئىدارە تىنچىپ قالغاندەك بولدى. ئەمما كارىدورغا كىرسىڭىز، پەلەمپەيگە چىقسىڭىز، ئاشخانىغا بارسىڭىز، ھاجەتخانىغا چىقسىڭىز، ئومۇمەن ئادەم بارىدىغانلىكى جايدا بوغۇلـ غان ھاياجانلىق ئالامەتنى ئېنىق ھېس قىلىسىز، ھەتتا ھەر بىر ئورۇندۇق، ھەر بىر چايدانىڭىزمۇ پىچىرلاپ مويۇ دېگەن كىم؟ مويۇ دېگەن كىم؟ دەپ سورۇشتۇرۇۋاتقاندەك قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىسىز.

مويۇ دېگەن، تەبىئىكى ئۆزگەرتكەن مەخپى ئىسىم ئىدى، بۇ جەھەتتە دا ئۇستاممۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئەخمەق ئەمەس. ئۇ ئازاتـ لىقتىن بۇرۇن شەھەردە پارتىيىنىڭ يەر ئاستى ئالاقىچىسى بولغان، مەخپى ئىسىمنىڭ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئادەتـ تىكى كىشىلەردىنمۇ ئوبدان بىلەتتى.

1983 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇن، دا ئۇستام گېزىتخانا مويۇگە ئەۋەتكەن پۇل چېكىنى تاپشۇرۇۋالدى. "پىربۇۋت چېكىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ سۆزى"



www.uyghurkitap.com

دىگەن جايغا: قەلەم ھەققى ئۈچۈن مىڭ خىتىگە 12 يۈەندىن جەمئى 24 يۈەن ئەۋەتىلدى، دەپ ئېنىق ئەسكەرتىلگەن ئىدى، بۇ ــ دا ئۇستامنىڭ ئايلىق مائاشىنىڭ يېرىمى ئىدى. ئادەت بويىچە، دا ئۇستام چەكنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىچىك دوسكىغا: "پالانى، چەكنى ئېلىۋېلىڭ" ــ دەپ ئېنىق يېزىپ قوياتتى، ئاندىن كېيىن چەكنى ئەينەكلىك جازىغا ئېلىپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى دەرىزە تاكچىسىغا قويۇپ تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتەتتى. ئۇ بۇ نۆۋەت پوچتالىيوننىڭ قولىدىن چەكنى ئېلىپ بىر دەم ئويلاندى ـ دە، ئۇنى قۇلۇپى بار تارتمىغا ئىتتىك سېلىۋەتتى. تارتمىنى قۇلۇپلاپلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپقا سەپسالدى، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە ئۆزىلا بار ئىدى. ۋاقىت غەنىمەت ئىدى، دا ئۇستامنىڭ ئۈمىدىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

شۇ ئاخشىمى، دا ئۇستام كارۋاتتا ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. ھەر قېتىم ئۆرۈلگەندە كۆز ئالدىدا مويۈ پەيدا بولاتتى، بۇ شوپۇر دالىيۇ ئىدى. دالىيۇ مەدىنىيەت ئىدارىسىدا بىر يىل ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەركەتلىرىدە ۋاقىتلىق ئىشچىغا خاس ئىتائەتمەنلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق يوق ئىدى. كوتۇلداق ھەم ئالدىراڭغۇ ئىدى، بىر ئىش قىلسىلا ھاپىلا ـ شاپىلا قىلاتتى. ئۇ ھە دېسىلا خوتۇنىنى قاغايتتى، ئۆزىنى بولسا تېخنىكىسى ئۈستۈن دەپ بىلىپ، گويا دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئەر ۋە سەۋىيىسى ئەڭ يۇقۇرى شوپۇر دەپ ھىساپلايتتى. بىراق، دالىيۇ يېقىندا ئىشتىن بوشۇتۇلدى. ئۇ ئاشۇ قېتىمقى كۆرەكتە باشتىن ـ ئاخىر غىچە ئىدارە باشلىقلىرىغا شوپۇر بولغان ئىدى. شوپۇرنىڭ كۆز ـ قۇلىقىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىگە سېلىش ـ

تۇرغلى بولمايدۇ، باشلىقلارنىڭ زىياپەتلىرىدىن ۋە يىغىنلاردىن چىققاندىن كېيىن ماشىنىدا قىلغان پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسى شەك-شۈبھىسىز ئۇلارغا 1-قول ماتېرىيال بولۇپ قالىدۇ.

دا ئۇستام يەنە بىر قېتىم يېنىغا ئۆرۈلگەندە كۆز ئالدىدا يەنە بىر مويۇ پەيدا بولدى، بۇ قېتىمقىسى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ يەنزۇڭ بولۇپ، ئەمدىلەدىن سەمرىشكە باشلىغان، مىجەز-خۇلقى ياخشى، ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىدى. ھىساۋاتتىكى ئىشلار دۇ يەنزۇڭغا ئېنىق ئىدى. ھىساۋاتى ئېنىق بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، يېقىندىلا تىياتىر ئۆمىكىگە بوغالتىرلىققا يۆتكەلگەن ئىدى. كۆرەكتە نىمە چىقىملار ھىساۋاتقا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، دەيسىز؟

دا ئۇستام يېنىغا يەنە بىر ئۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر مويۇ پەيدا بولدى؛ ئۇ، ئىدارىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمىدىكى لۇ دوختۇر ئىدى. ئۇمۇ ئاشۇ قېتىمقى كۆرەك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئاجرىتىلغان ئىدى. لۇ دوختۇرنى بوش چاغلىماڭ، ئۇنى ئوكۇل ئۇرۇش، رېتسىپ كېسىشنىلا بىلىدۇ دىمەڭ، ئۇنىڭ تارقاتقان قىزىق خەۋەرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ...

دا ئۇستام يېنىغا ئۆرۈلگەنسېرى مويۇلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇۋېرەتتى. ئۇ خۇددى ئەينى ۋاقىتتا يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەپ، مەخپى ئالاقە سۈنۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، ئالاقە قىلغۇچىغا كۆز ئىشارىسىمۇ قىلىشقا بولمىغاندەك ۋە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەندەك مويۇنى تونۇۋالغۇسى ھەم پۇل چېكىنى ئاستا ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغۇسى كېلەتتى. شۇ چاغدىلا مويۇ ئۆزىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولاتتى، چۈنكى ئۆزىمۇ مويۇگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەتىسى ئىشقا چىققاندا دا ئۇستامنىڭ كۆڭلىدە بىرمۇ مويۇ پەيدا بولمىدى، بۇ يەرگە ھېچقاچان كىرمەيدىغان مەدىنىي يادىكارلىقلارغا مەسئۇل بولغۇچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شى جېڭبىن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كەلدى. ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن دەرىزە تاكچىسىدىكى خەت-لەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ:

— دا ئۇستام، بۈگۈن خەت-چەكلەر تونۇگۈنكىدىن بالدۇر كەل-گەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇ خەتلەر تونۇگۈنكى خەتلەر. بۈگۈنكىسى تېخى كەلمىدى، سائەت 9 دا كېلىدۇ.

— چۈشتىن كېيىنچۇ؟ چۈشتىن كېيىن سائەت نەچچىدە كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شى جېڭبىن.

سائەت 4 يېرىمدا.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شى جېڭبىن كېتىپ قالدى، دا ئۇستام ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ قولۇپلاغلىق تارتمىغا كۆز يۈگۈرت-كەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر نەرسىنى بايقاپ قالغانمىدۇ؟ دا ئۇس-تامنىڭ ئادەتتە دەرىزە تاكچىسىغا قويۇپ قويىدىغان نەرسىنى تارتمىغا سېلىپ قولۇپلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قالغاندىمۇ؟ ئەگەر ئاشۇ راست بولۇپ قالسا، دا ئۇستام ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جېڭبىننىڭ نەزىرىدە مويۇ بولۇپ قالامدۇ؟

دا ئۇستام مويۇ ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا مويۇنىڭ رولىنى ئېلىپ بېقىشنى خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئۆيىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، دا ئۇستامنىڭ ئورنىغا ئورۇن-لىشىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. مۇبادا رەھبەرلىك تارتمىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋالسا، گۇمان كۈچىيۋەرسە، ئوغلىنىڭ تاماق قاچىسى چېقىلىپ

كېتىشى تۇرغان گەپ. دا ئۇستام بۇلارنى ئويلاپ، كەمپىرىدىن ئارتىمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى.

سائەت 9دا، شۇ كۈنلۈك خەت ـ چەك ۋە گېزىت كەلگەندىن كېيىن، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كىشىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى كىچىك دوسكا ئېسىلدى. زاكاز خەت، پۇل چېكى ئالغۇچىلار ئىسمى قاتارىغا مويۇ دېگەن ئىسىمۇ قېتىلدى.

ئارىدىن 59 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، كىچىك دوسكىدىكى ئىسىملار 59 قېتىم يەڭگۈشلەندى، پەقەت مويۇ دېگەن ئىسىم تۇرۇۋەردى. مويۇنىڭ چېكىمۇ ئاۋالقىدەكلا دا ئۇستامنىڭ دەرىزىسىدە تۇراتتى، پۇل چېكى ئىيۇن ئېيىدىكى ئاپتاپتا ساغىرىپ كەتكەن ئىدى.

خەۋەرلىشىش بۆلۈمى كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان سورۇن ئىدى، لېكىن مۇشۇ 59 كۈن ئىچىدە خەۋەرلىشىش بۆلۈمى توساتتىن چۆلدەرەپ قالدى. ھەمىشە دا ئۇستام بىلەن شاخمات ئوينايدىغان تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كەلمەس بولۇپ قالدى؛ چېچى قىسقا كېسىلگەن، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە تولا كېلىدىغان ماشىنىستكا كۈلۈك لىكلەنمۇ مەقسەتلىك، مەقسەتسىز ھالدا دا ئۇستامدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا دا ئۇستام كەم بولسا بولمايتتى، چۈنكى كۈلۈك لىكلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئىدى. دا ئۇستام پارچە ـ پارچە، ئېغىر ـ ئېغىر خەتلەرنى ئىككىنچى قەۋەتكە توشۇيدىغان بولدى، ئېيتمىسىمۇ، ئۇلار كۆڭلىدە بىلىشەتتى، كۈلۈك لىكلەن ئەپۇ سورىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويىدى، دا ئۇستام بۇلار بىلەنمۇ ئانچە ھېساپلىشىپ كەتمىدى.

ئارىدىن توپ ـ توغرا 59 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بىرمۇنچە كىشىلەر خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كۆز قىرىنى بۇ ياققا

سالماسلىقتا تىرىشتى، دا ئۇستامنىڭ دەرىزىسى كىشىلەر قورقىدىغان يوشۇرۇن ئىستىھكامى بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىدارىنىڭ ئاشۇ بىرقانچە باشلىغى ئوچۇق-ئاشكارە ئىش قىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ھىلىقى پۇل چېكى ئالدىدىن ھېچقانداق قورقۇمسىز ئۆتۈپلا قېلىشماستىن، يەنە خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان دا ئۇستامغا كۆز قىرلىرىنى مەنىلىك تاشلاپ ئۆتۈشەتتى. بۇ، دا ئۇستامنى ئۆزى ئالاقىچى بولغان چاغنى يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن مەخپىي بەلگە بېرىپ ئۇچراشقىلى كەلگەندىكى چاغنى ئەسلەتكەندەك بولاتتى.

ئۇلار دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ: «كۇلنجۇت سەپكەن نان بارمىدۇ؟“ دىسە، ئۇ: ”قۇيماق-توقاچ بار“دىيىشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار: ”بىزگە 10 توپ خاگجۇ تاۋىرى لازىم ئىدى“ دىسە، دا ئۇستام: ”خاگجۇ تاۋىرى يوق، شياگيۇن شىپىگى بار“ دەپ جاۋاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار: ”خادېمىن تاماكىسى قانچە پۇل“ دىسە، دا ئۇستام: ”خادېمىن تاماكىسى يوق. لاۋداۋ تاماكىسى بار“ دىيىشى كېرەك ئىدى.

بىراق، ئارىدىن دەلمۇ-دەل 59 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن بەلگۈ بىلەن ئۇچراشقىلى ھېچكىم كەلمىدى. دەرىزە سىرتىدىمۇ دا ئۇستامنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئىما-ئىشارەتلەر كۆزىگە چېلىقمىدى. ئىدارىنىڭ ھىلىقى باشلىقلىرى دا ئۇستامنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنى مويۇ قىلىپ كۆرسەتكەن يالغان يولداشلاردىن بولۇپ قالغاندەك ئىدى. دا ئۇستام ئويلاپ قويغان ئۇچرىشىش يوشۇرۇن بەلگىسىنى كەينى-كەينىدىن يەڭگۈشلەشكە توغرا كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

59 كۈن ئىچىدە، شى جېڭبىن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە ئەڭ كۆپ كەلدى. ئۇ كەلگەن ئىكەن، چوقۇم بىر غەيرى نىيەت بىلەن كېلىدۇ، هەر قېتىم شى جېڭبىن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرگەندە دا ئۇستام ئاۋال يېرىم ئۆتكەزگۈچلۈك رادىئوسىنى ئاچاتتى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىستانسىدىن بۇ ئىستانسىغا يۆتكەتتى. گىژ-گاژ ئاۋاز شى جېڭبىننى قىلىدىغان گېپى بىلەن بىرقانچە قېتىم توختاتتى، شۇڭا، ئۇ ئوڭاي-سىزلانغان هالدا چىقىپ كەتتى. دا ئۇستام ئىچىدە كۈلدى: ئىستانسا ئىزدەيمەن دەپ ساڭا ئېغىز ئېچىش پۇرسىتى بەرمەيمەن، گېزىتتە گەرچە ئىسمىڭنى ئاتىمىغان بىلەن، ئاشۇ قېتىمقى ئىشلاردا سەنمۇ شۇ سورۇندا بولدۇڭ. سەن ئۇ ئىشلارغا كۆپ چېتىلمىغانلىقىڭ، ياش بولغانلىقىڭ سەۋەبىدىن يۈز خاتىرىڭنى قىلىپ ئىسمىڭنى ئاتىمىدى، ئەمما سېنىڭ مەندىن يوچۇق ئېچىپ، مېنىڭ كىملىكىمگە توغرىسىدا گەپ ئېلىش كويىدا بولۇشۇڭ — ئەخمەقلىق.

ئۇچرىشىش ئۇچۇن كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇچرىشىشقا كېلىدىغان ھىلىقى كىشىنى ئويلىغاندا، دا ئۇستام نىمشىقىدۇر كالىندارغا قاراپ قوياتتى، ۋاقىت سۇ ئېقىندەك ئۆتمەكتە. ئەتە چەكىنىڭ ئىدارىغا كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولىدۇ. چەككە ئېنىق يېزىقلىق ئىدىكى، ئىككى ئاي ئىچىدە پۇل ئېلىنمىسا، پوچتىخانا ئۇنى قايتۇرىۋېتەتتى.

دا ئۇستام ئەتىنى ئويلاپ ئۇشتۇمتۇت ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ يېرىم ئۆتكەزگۈچلۈك رادىئونى ئېتىپ قويۇپ، دەرىزە تاكچىسىدىكى ھىلىقى چەككە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ چەككە ئەپۇ سورىغاندەك قاراتتى، ئۆزىنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى چەكتىن يىراقلاشقانلىقىغا، قورققانلىقىغا، ئۇنىڭغا سوغاق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

......

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 دە، كىشىلەر كەينى-كەينىدىن مەدە-نىيەت ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ھەممەيلەن خەۋەرلە-شىش بۆلۈمى دەرىزىسىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى بايقاشتى. سەزگۈرلىرى ساغرىپ كەتكەن ھىلىقى چەكىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن دەرىزىنىڭ يورۇپ قالغانلىقىنى پەملەشتى. بىر پارچە قەغەزنىڭ غايىپ بولۇشى بىلەن كۆپچىلىك پۈتۈشۈپ قويغاندەك ئۆزلىرىنى يېنىك ھىس قىلىشقاندەك بولۇشتى ھەم يەنە پۈتۈشۈپ قويۇشقاندەك خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىپ، جىددى ھالەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندەك بولدى، كەڭمۇ ئەمەس، تارمۇ ئەمەس بىر غاردىن ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇشتى... نېمىلەرنى ھىس قىلىشتى؟ ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر تۇيغۇسى بار ئىدى. ئەمدى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدى-غىنى دا ئۇستىنى تېپىپ چەكنى كىمنىڭ ئېپكەتكەنلىكىنى سوراش ئىدى.

قىسقا چاچلىق كۆك لىڭلەنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىدى، ئۇ ئازاتلىققا ئېرىشكەندەك قىلاتتى.

— ئىشىك قۇلۇپلاغلىق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئىشككە قاراپ.

— بۇ ئۇستام نەگە كەتكەندۇ؟ مەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس شاخمات ئوينايلىمىكىن دەپ كېپتىمەن! — دېدى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىمۇ خوش بولۇپ.

— دا ئۇستامىمۇ؟ مەن بىلىمەن، ئۇ خوتۇنىغا كۆمۈر ئاپىرىپ بەرگىلى كەتتى، — دېدى دوختۇر لۇ كۆزەينىكىنى كۆپچىلىك ئالدىدا

پالىلدىتىپ.

ــ دا ئۇستام ئىش ۋاقتىدا قانداق بولۇپ كۆمۈر ئالىنلى كېتىدىـ كەن؟ ــ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى شى جېڭبىن ئەسلىدە كۆپچىلىك ئارىسىدا ئىدى.

ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى شى جېڭبىنىنىڭ پەيدا بولۇشى كۆپچىلىكنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. كىشىلەر كېتەي دەپ تۇرۇۋشقاندا، دا ئۇستام پەيدا بولدى. ئۇ رىشكىنى مىنىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ئىدى، بىراق رىشكىغا كۆمۈر ئەمەس، تاختاي سۇرتىكۈچ بېسىلغان ئىدى. ئۇ رىشكىنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، كۆپچىلىككە قارىدى ـ دە، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئولۇشۇپلىشتىكى مۇددىئايىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ رىشكىتىن چۈشۈپ ھولۇقماستىن كىرلىشىپ كەتكەن لۇڭگىنى چىقىرىپ تەرلىرىنى ئېتىپ، كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى كۈتتى.

ــ دا ئۇستام، پۇل چېكىنى ئىگىسى ئېپكەتتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى شى جېڭبىن ئاۋال ئېغىز ئېچىپ.

ــ دۇرۇس، ئېلىپ كەتتى، ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا، مويۇ......

ـ مويۇ دىگەن مەن بولىمەن، ــ دېدى دا ئۇستام چوقچىيىپ تۇرغان تاختاي سۇرتكۈچكە يۆلۈنۈپ.

كىشىلەر سارانسىمغا چۈشتى، كۆزلەر دا ئۇستامغا تىكىلدى. شى جېڭبىن دا ئۇستامغا ئۇزاققىچە تىكىلدى، لېكىن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ باشقىچە تىكىلگەنلىگىنى سەزمىدى.

كىشىلەر تارقاشقاندىن كېيىن، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى شى جېڭبىن دا ئۇستامدىن ئاستا:

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، خەتنى سىز يازغانغا ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— خەتنى مەن يازمسام، پۇل ئېلىشقا قانداقمۇ پېتىناي. تاختاي سۈرتكۈچىنى ئېلىشقىمۇ قانداق جۈرئەت قىلاي؟ ئىشخانىلارنىڭ تاختاي سۈرتكۈچلىرى كونىراپ قاپتۇ. ئالماشتۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا......خەت......نى يازغان سىز ئىكەنسىزدە؟ — دېدى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جېڭبىن ”نى“ قوشۇمچىسىنى سوزۇپ.

— نېمىشقا تېخىچە ئىشەنمەمسىز؟ خەت ـ ساۋادىمنى تۆۋەن دەپ قارامسىز؟ ئېيتىپ قويايكى، ئەينى يىللاردا ماڭا مەدەنىيەت ئۆگەتكەن ھېلىقى پەيجاڭ مەركەزدە مىنىستىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

— خەتنى سىز يازغان بولسىڭىز، پۇچۇركىڭىز...

— يازغان خېتىمنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ كېزىتخانىغا يازغان خەت قولىڭىزغا چۈشۈپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ ئۇنداق بولسا ھەقىقەتەن ئاجايىپ غەلىتە ئىش بوپتۇ.

دا ئۇستام رىشكىدىن بىر تاختاي سۈرتكۈچنى ئېلىپ شى جېڭبىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. شى جېڭبىن لام ـ جىم دېمەي تاختاي سۈرتكۈچنى ئېلىپ ئىشخانا بىناسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ خەت پۇچۇركىسى ھەققىدە گەپ قىلىشنى يامان كۆرەتتى.

1983 ـ يىل ئۆكتەبىردە ئىدارىدىكى بىرقانچە كونا باشلىقلار ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋېتىلىپ باشقا ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شى جېڭبىن S شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىن-

لەندى. شى جېڭبىن ھەر قېتىم خەۋەرلىشىش بولۇمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ھېلىقى پۇل چېكى ئاشۇ يەردە يەنىلا باردەك ئىختىيارسىز ھالدا دەرىزىگە قاراپ قوياتتى. ئىدارە باشلىغى بولغانىدىن بۇيان، ئۇنىڭ دا ئۇستام بىلەن بىر پەس سۆزلىشىپ ئالغۇسى بولىسىمۇ، تېخىمۇ مۇھىم ئىشلار تۈپەيلىدىن بۇ ئىش ئارقىغا سوزۇلۇپ كەلدى. شى جېڭبىننىڭ دا ئۇستام بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا خەت يازغۇچىنىڭ دا ئۇستام بولماستىن،... كىم... كىم... ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇسى كەلدى، لېكىن، ئۇ يەنە ئىدارە بويىچە ئاشۇ ئىشنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش زۆرۈرىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھىس قىلدى، چۈنكى ئۇ ھازىر ئىدارىنىڭ باشلىغى ئىدى.

باتۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەمىشە قورقۇنچاقلاردا بولىدىغان ئاجىزلىقمۇ بولىدۇ. شى جېڭبىن مەنتىقە دەپ ئاتالمايدىغان بۇ مەنتىقىگە ئىشەنمەيتتى، بىراق ھەر كۈنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مۇشۇ قاملاشمىغان مەنتىقە نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

1983 ـ يىل نويابىر، باۋدىڭ.

## ئاپتور ھەققىدە

تيې نىڭ ئايال، 1957 ـ يىل بېيجىڭدا تۇغۇلغان، 1975 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن، 1979 ـ يىلى باۋدىڭ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن. ھازىر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كەسپى يازغۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. 1975 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ «ئېخ، شياڭشۆ»

www.uyghurkitap.com

ھكايىسى 1982 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە نادىر ھىكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(«تاللانغان ھكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھۇسىين ئېلى.**
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

## ئۇ تاماكا چەكمىگەن بولسا*

ــ ئەگەر تاماكا چېكىدىغان بولساڭ ھەرگىز چوڭ بولمايسەن! ــ دېدى ئانىسى ئوغلىغا.

ــ بوۋام تاماكا چېكىپمۇ 70 ياشقا كىرىپتۇغۇ ئەمسە؟

ــ ئەگەر ئۇ تاماكا چەكمىگەن بولسا 80 ياشقا كىرەتتى.

## چاقىرىلمىغان مېھمان*

بىر كۈنى بىر تونۇشۇم بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە 2 ـ 3 ھەپتە تۇرۇپ قالدى. ئاخىر مەن ئۇنىڭدىن:

ــ خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ توغرا ئېيتىسىز. شۇڭا بۈگۈن ئۇلارغا سىلەرمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىڭلار دەپ خەت يازدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بۇ "مۇدىر"لار

**شىن فېڭ**



## 1

ئىشخانىمىزدىكى كادىرلارنىڭ زىچلىغى ئېھتىمال "جۇڭگو بويىچە ئەڭ" دېگەن قاتارغا ئۆتــۈشى مۇمكىن.

ئىشخانىمىز ئىشىكتىن دېرىزىگىچە 5 مېتىر، ئۇ تامدىن بۇ تامغىچە 4 مېتىر كېلىدۇ، بۇ يەردە 5 "مۇدىر" ئولتۇرىمىز.

مۇدىر؟ ھەي، "تازىنىڭ نىمىسى بار؟ تۆمۈر تاغىقى" دېگەندەك،

بەشلىمىزنىڭ ئىدارىدا ئارخىۋىمىز بار، ئوتتۇزەيلەننى بىۋاستە ئۇ يان-بۇ يان قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلالايدىغان مۇدىرلارمىز. راستىنى ئېيتقاندا، جەمىيەتتە ھېچبىر ئەمەلىي ھوقۇقى يوق، گۈگشي باشقۇرغان زاۋۇتتىكى سېخ مۇدىرلىرىدىنمۇ، ھەتتا ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرىدىنمۇ نەچچە دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان "ئەمەلدارلار"مىز!

ئەمدى گەپنىڭ تېگىگە يەتكەنسىز، بىز بەشمىز سىنىپ مۇدىرى، يەنى يۇشى ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ تىل مۇئەللىملىرىمىز.

بىزنىڭ بۇ ئىشخانىمىز چۈشتىن ئىلگىرىكى ئىككى سائەتلىك دەرستىن كېيىن تازا قايناپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا دەپتەر-قەلەملىرىمىزنى قولتۇقلاپ، غەلىبە بىلەن "ئوردا"غا قايتىمىز.

ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىدىغىنى مەن، ئارقامدىنلا كىمنىڭ كىرىدىغانلىقىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ بىلىمەن: جوزىنىڭ ئۈستىگە كىتاپنى "پاقىدە" تاشلىغىنى دەل "ئاقۋاش بوۋاي"، ئىشىكتىن كىرىشىگىلا داس-چىلاپچىلار تاراڭلاپ كېتىدىغىنى، شۈبھىسىزكى، "كۆزەينەك" ئىدى.

"كۆزەينەك" سۇجۇلۇق بولۇپ، ئۇ ئارىمىزدىكى بىردىن-بىر "كونا ئۈچىنچى تۆۋەتلىك". ئۇنىڭ يېزىدا 8 يىل "ماكان"لاشقىنىغا قارىماي، ئاجايىپ ئىش، ئۇنىڭ تىرىسىنى ئاپتاپمۇ قارايتالمىغان. ئۇ ئاپپاق چاسا يۈزلۈك بولۇپ، قارا ساپلىق كۆزەينەك تاقىغان، ماڭسا ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋالىدۇ، گەپ قىلسا ئاستا سوزۇپ گەپ قىلىدۇ، تەققى-تۇرقى سىپايە بولۇپ، گاتتا زىيالىلارغا تازىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ پاكىز يۇرۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، دەرستىن

www.uyghurkitap.com

چۇشۇپلا ئالدى بىلەن قولىياغلىقى بىلەن ئۇستىدىكى بۇرنىڭ تۈزۈندىلىرىنى قىقىشتۇرىدۇ، ئاندىن قوللىرىنى يۇيىدۇ، ئالقانلىرى قول دۈمبىسىدىكى سوپۇن ماغزاپلىرى بەئەينى تاشقى كېسەللەر دوختۇرىنىڭ ئوپېراتسىيىگە كىرىشتىن ئاۋال قاتتىق دىزىنپېكسىيە قىلىۋاتقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەپسۇسكى ماسكىسى كەم.

— ”ھىكايىچى“ يەنە نىمە ماتىريال توپلاۋاتىسەن؟ — دىگەندىنلا ”پالۋان“نىڭ كاناي ئاۋازىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇرىسى كەڭ، تەمبەللىك، دىقماق ئادەم، 180 جىڭلىق ئىشتانكىنى كۆتىرەلەيدۇ، شۇڭا مەكتىۋىمىز بويىچە ”پالۋان“ دىگەن نامى بار ئىدى. ئۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ. ئۇ مېنىڭ دائىم كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغانلىقىمنى، قولۇمدىن «تاللانغان ھىكايىلەر» چۈشمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا ”ھىكايىچى“ دىگەن لەقەمنى قويۇپ قويغان ئىدى.

— مۇنداق قارىسام، «ئىت ئېيىقنىڭ شىمالىغا تەلمۈرۈشى» دىگەن بىر نەرسىنى يازماقچى بولىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ھا...، ھا... ھا...

— دەپ كۈلۈپ كېتىدۇ ئۇ. پالۋانىنىڭ خوتۇنى شىمالىدىكى بىر توقۇمىچىلىق مەكتىۋىدە خىزمەت قىلاتتى. مەن كۈلگەچ ئۇنىڭ تۆمۈر بېلىگىدىن ئۈزەمنى قاچۇرىمەنۇ، ”تۆگە“گە سوقۇلۇپ كېتىشىمنى بىلمەي قالىمەن، بۇنىڭ تۆگىدەك ئۇزۇن-ئىگىز، ئۇرۇق بويى دەلدەڭشىپ كېتىدۇ. بۇ بۇرادىرىم يەنە دەرسنى سوزۇۋەتتى! ئۇ ھەر قېتىمقى دەرسنى دىگۈدەك سوزۇۋېتىدۇ، گويا بىرنەچچە ئېغىز ئارتۇق سۆزلىمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ.

بەش ”كاتتا“ ”سورۇن“غا كىرىپ بولىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈگىمىدىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغان ”مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، شۇنىڭدەك مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەۋەرلەرنى ئۇلاپ ئاڭلا-

تىش نومۇرلىرى" باشلىنىدۇ.
— ھەي، ئاڭلىدىڭمۇ، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى يەنە ئۇتۇپتۇ!
— جىينەن چوڭ ئەترىدىدىكى 65 ياشلىق بىر بوۋاينىڭ بېشىغا مۈڭگۈز چىقىپ قاپتۇ...
— سۇ مەھسۇلاتلىرى يايمىسىدا تاپان بېلىق ئەرزانلاپتۇ، جىڭى 8 موكەن...

بىر مەھەل، ئۇ ئۇنى، بۇ بۇنى دەپ، تازا قىزىپ كېتىمىز. دەرۋەقە "ئۇلاپ ئاڭلىتىلىدىغان نومۇر"نىڭ ئاساسلىق "ئاڭلاتقۇچىسى" مەن بىلەن پالۋان بولىدۇ. كۆزەينەك كۆلۈمىسىرىگەن ھالدا ئۇستاكانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندا-ئاندا قايناقسۇنى بىر-ئىككى ئوتلاپ قويىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ، بەزى "پارتلىما خاراكتېرلىق" خەۋەرلەرمۇ ئاڭلىتىلىپ قالىدۇ.

ئاقۋاش بوۋايچۇ، ئۇ كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا كىتاپلىرىنى ۋاراقلاپ، ماتېرىيال ئاقتۇرۇپ، ماقالا يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىنتايىن ئاز سۆز قىستۇرىدۇ، لېكىن ئاغزىنى ئاچسىلا باھا بېرىدۇ، بەرگەندىمۇ غوتۇلداش خاراكتېرىدىكى باھالارنى بېرىدۇ:
— توپ ئويناپ ئۇتۇۋالسا نىمە بوپتۇ؟ ئىقتىسات بىلەن مەدەنىيەتتە خەقتىن تەرەققى قىلسا ئاندىن بۇ ھەقىقى بىگىسى بار بولغان ھىساپلىنىدۇ! 8 موغا بىر جىڭ تاپان بېلىق بەرسە ئەرزان بولامدىكەن؟ ھىم، بۇرۇن جىڭى 2-3 مو بولسىمۇ ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى...

تۆگە بولسا "شىرىن خىياللار" ئالەمىگە پېتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ياخشى كۆرىدىغىنى ئەرزان تاماكىنى چېكىپ پۇقىرىتىپ

ئىس چىقىرىپ ئولتۇرۇش ئىدى، ياكى خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسنىۋېلىپ، قىزىقسىنغان ھالدا بىرنىمىلەرنى سوراش ئىدى. لېكىن، ھەممىمىز بىرىنچىدىن ئۇنىڭ "بىرنەرسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمىگىچە بولدى قىلمايدىغان" ئادىتىنى بىلەتتۇق، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىق خەۋەرلەرمۇ تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، ئاساسلىق "ئاخبارات ئېلان قىلغۇچى" "مۇخبىرنىڭ سوئاللىرى"غا قىسقىغىنە جاۋاپ بېرىپ بولدى قىلىدۇ.

ئارقىدىنلا شاراقشىغان قەغەز ئاۋازى بىلەن شىرتىلدىغان قەلەم ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، گويا ئالەم ئىنتايىن جىملىق ئىچىگە چۆككەندەك بولىدۇ.

## 2

جەمىيەتتە شامال چىقسا، مەكتەپتە دولقۇن كۆتىرىلەتتى. يېقىندىن بۇيان ئىشخانىمىزدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ماۋزۇسى ئانچە ـ مۇنچە باشقا ياققا يۆتكىلىپ، تولاراق "پۇل"نى چۆرىدەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم مۇشۇ ئىش ئۈستىدە قىزىرىپ تاتىرىشىدىغان مۇنازىرىلەر قانات يېيىپ قالدى.

مۇنازىرىنىڭ ئەڭ شىددەتلىك بولغان بىر قېتىمى كۆزەينەكنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرىگە ئىستاژىغا قاراپ ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئاشۇ كۈنىدە بولدى.

خېلى ئۇزۇنغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سۈكۈت گويا ھاۋانى شامال سۈرۈپ ئەكەتكەندەك كىشىلەرنىڭ دىمىنى سىقىشقا باشلىدى.

— نىمە گەپ بۇ؟ پالاكەت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى باسامدىكەن؟ بىلىق يەنە قىممەتلەپ جىڭى بىر كوي 2 موغا چىقىپتۇ، يەنە تېخى ئۆلغاتقۇزمايدىكەن! — پالۋان بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى ۋە غەمكىنلىك بىلەن سىرتتىكى ۋەلىسپىتنىڭ رولىنى كۆرسەتتى. قارىسام، دىگەندەكلا بەشماداقتىن سەل چوڭ كېلىدىغان 4 بېلىق ئېسقلىق تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنى تۇتالماي ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم:

— ھەي، بۈگۈن قىلىغان ھەشەمەتىڭگە قارىغاندا خوتۇنۇڭنى كۆتۈۋالماقچىمۇ، قېيىنئاناڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەكچىمۇ؟

ھەقىقەتەن، دۇنيادىكى ئىنسانلار ئاجايىپ، مىڭ ئادەمدە مىڭ مىجەز باردە! پالۋاننى ئالساق، ئۇ ئاقكۆڭۈل ھەم ئايىغى يېنىك ئادەم، ھېرنەچچە ئىشخانىغا سۇ ئېپكىلىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، كۈچىنىغۇ زادى ئايىمايدۇ، بىراق پۇلنى جېنىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ.

قاتتىق كۈلكە ئىچىدە، پالۋان يەنىلا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغاچ، گېپىمگە ئېتىۋار بەرمىدى.

ئاۋاش بوۋايمۇ بېشىنى كۆتەرمەستىن:

— ئالدىرىماڭلار، ئۇخلاش ئالدى - كېيىن بولغان بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا تاڭ ئاتىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرىگە ياردەم پۇلى بېرىلگەن بولسا، ئەمدىكى نۆۋەت سىلەرنىڭ بولمامدۇ؟ — دىدى.

تۆگە "ھىم" دەپ قويۇپ، غاڭزىسىنى "خورتىلدىتىپ" چېكىشكە باشلىدى.

گەپ پۇل توغرىلىق بولغاندا مەن ئاۋازىمنى كۆتىرىپ:

— ئاڭلىدىڭلارمىكىن، ھازىر چوڭ شەھەرلەردە "چوڭى چەتكە

چىقىپتۇ، ئىككىنچىسى يەر ئاپتۇ، 9 ـ چىسى قەد كۆتىرىپتۇ، ھېچنېمە ئەمەسلەر پۇل تېپىپتۇ" دېگەن گەپلەر تارىلىپتۇ، ــ دېدىم.
ــ پاھ، تازا ئەپلىشىپتۇغۇ، "چەتكە چىقىپتۇ، يەر ئاپتۇ، قەد كۆتىرىپتۇ، پۇل تېپىپتۇ" دېگەن يەرلىرى ھەققەتەن يېپىشىپتۇ، ــ دېدى تۆگە كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ نېمىسى يېپىشىپتۇ! سەن قاچان قەددىڭنى كۆتىرەلىدىڭ؟ 53 كوي پۇلۇڭغا 5 جان ئاغزىنى ئېچىپ تۇرسا... ــ دېدى ئاقۋاش بوۋاي قەلىمىنى جوزا ئۈستىگە چۆرۈۋېتىپ.
كۆزەينەك قايناقسۇيىنى بىر ئوتلىۋېلىپ، كىلىشتۈرمىچىلىك بىلەن دېدى:
ــ ھەممىسى يېپىشمىسمۇ ئازراق چاپلىشىدۇ. ھازىر پۇل تېپىشنى بىلىدىغانلار ھەققەتەن پىچەتلەپ تېپىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن مەن قىسقۇچ پاقا سېتىش ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم: جەنۇپ تەرەپتىكى مۇشۇ ناھىيىنىڭ ئىككى سەھرالىقى 400 كويغا ئىككى تاغار قىسقۇچ پاقا ئېلىپ گۇاڭجۇغا ئاپىرىپتۇ. ئۇلار 3 چوڭ قىسقۇچ پاقىنى نۇسخا قىلىپ يايمىغا قويۇپتۇ. شۇ پەيتتە بىر چەتئەللىك كېلىپ ئېڭىشىپ قاراپ:
ــ "How much money" (قانچە پۇل؟) دەپ سوراپتۇ. ئۇلار قولىنى ساڭگىلىتىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ، چەتئەللىك ئاترايت ـ كاترايت دەپ يانچۇقىدىن شارتتىدىلا 50 يۇەننى چىقىرىپتۇ، ئۇلار چەتئەللىكنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي بېشىنى چايقىشىپتۇ. چەتئەللىك يەنە 50 يۇەننى چىقىرىپ، ھېلىقى 3 قىسقۇچ پاقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىپتۇ. ھېلىقى ئىككى سەھرالىقنىڭ زېرەككىرەك بىرسى: ھە، قىسقۇچ پاقا ئالماقچى ئىكەندە

دەپ، بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. چەتئەللىك 100 يۈەننى تاشلاپ بېرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھەم ھەيران، ھەم خوشال بولۇپ، دەرھال تاغاردىكى قىسقۇچ پاقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچتىن ـ ئۇچتىن قىلىپ، چەتئەللىكلەرنى كۆرسىلا، يىراقتىنلا بەشمادىغىنى چىقىرىپ، بىر تىزىغى 100 كوي دېگەن ئىشارىنى قىلىدىغان بوپتۇ. ھەي، نەدىنمۇ بىلسۇن، چەتئەللىكلەر بارغانسېرى ئاۋۇپ كېتىپتۇ، ھايال ئۆتمەي، ئىككى تاغار قىسقۇچ پاقا بىر تاغار پۇل بوپتۇ. كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پۇلنى ساناپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارغا مىڭ يۈەن قالدۇرۇپ، دەرھال تاراق ـ تۇرۇقلارنى يىغىشتۇرۇپ كېتىشلار دەپتۇ. بۇ ئىككىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇۋاشلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، قىسقۇچ پاقا سېتىش ئۇستىدە گەپمۇ قىلمايدىغان بوپتۇ، ھەم ئىككىنچى بارماسلىققا نىيەت قىپتۇ. بىراق، بىر كۈنى داۋۇتنىڭ شۇجىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى چاقىرىپتۇ، ئۇلار ئەمدى چاتاق چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلاپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پىرىۋوت قىلىپ ئەۋەتكەن پۇل ئىكەن، ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىشنىڭ يولىنى ئەپلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

كۆزەينەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ـــ سەنمۇ ئاڭلاپتىكەنسەندە؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ھەي، ئويلىساڭلا بىلىسەن، كونا ھۈنەر... مەن بۇرنۇمنى قېقىپ، كۆرەڭلىك بىلەن قەستەنگە ياقتۇرماسلىق تەلەپپۇزىدا توقۇپ چىقىلغان بۇ شاڭخونىڭ كۇرسىنى چۇشۇرۇۋەتتىم.

پالۋان خۇمارىدىن تولۇق چىقماي، بىلىپ تۇرۇپ:

— ئون مىڭ يۈەندىن ئارتۇق؟ راس بېيىۋاپتۇ! ئەگەر ئامانەت قويىدىغان بولسا...ۋاي - ۋۇي، — دېدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن شۆلگىيىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى.

— ئون مىڭ يۈەندىن ئارتۇق؟ — تۆگە گۇمانلىنىپ كۆزىنى چىمىلداتتى ۋە بېشىنى چايقىدى، — مۇمكىن ئەمەس، سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ، ئۇ ئىككى سەھرالىق نەدە ئولتۇرىدىكەن؟

ئاقۋاش بوۋاي لوقما سالدى:

— ئۇخلاپ يۇرۇۋەرمە! باشقىسىنى قويۇپ بىزنىڭ خېدۇگدىكى چېيەنمازى دىگەن چوقۇرنى ئالساق، ئۇ ئالدىنقى ئايدا دالىيەنگە بىر قېتىم بېرىپ قۇلۇلە سېتىپلا 900 يۈەن ھايان ئاپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كىممۇ بىزدەك مۇشۇنداق تىلەمچىلىك ئوقىتىنى قىلسۇن؟

تۆگە توغرا تاپمىغاندەك قىلىپ ھىملەپ قويدى:

— ھارام بايلىق! ھەرقانچە كۆپ تېپىپ كەتسىمۇ، كۆزۈم قىزارمايدۇ.

— قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق، — دېدى ئاقۋاش بوۋاي كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ.

— بەللى، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىمىشقىمۇ سەندەك ئەنئەنىۋىچى چوڭ سولچىنى پايقىمىغان بولغىيدى؟ — دەپ زاڭلىق قىلدى پالۋان.

تۆگە چاقچاقنى چاقچاقتا ئۆرىدى:

— ئادەم نامرات بولسىمۇ، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك! ئون مىڭ يۈەننى قولۇمغا قاتلاپ تۇتقۇزۇپ قويساڭمۇ ئالمايمەن. تەر تۆكمەي تاپقان پۇل ھارام.

ئاخىرىغا كەلگەندە قىزىرىشىش باشلاندى.

كۆزەينەك ئۇن چىقارماي ئولتۇراتتى. ئاقۋاش بوۋاي ئىنىق كۆز قارىشى بولمىغاچقا، غۇدۇڭشۇپلا قوياتتى. گەرچە ھەقسىقى قوشۇلمىغۇچى پەقەت بىرلا تۆگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا تەن بەرمەيتتى.

ئاخىرى يەنە كۆزەينەك ئوتتۇرىغا چىقىپ رولنى بۇراپ، تۆگىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى:

ــ بولدى، بولدى، بىر تالدىن چېكىشەيلى، فىلتىرلىق تاماكا، قېنى سىلەرمۇ...

## 3

تۆگە بۇ يىل 47 ياشتا بولۇپ، بويى ئېگىز، ئورۇق ھەم سەل دوكراق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا مۇشۇ لەقەمنى قويغان ئىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسىزلىقتا چىداپ، چۆل ـ باياۋانلاردا ئېغىر يۈك كۆتىرىپ ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋېرىدىغان سۈت ئەمگۈچى ئاشۇ جانىۋارغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇنىڭغا ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆت دىسە، ئۇ ماتېماتىكا ئۆتەتتى، سىياسى دەرسىنى ۋاكالىتەن ئۆتكىن دىسە، سىياسى دەرسىنى ئۆتەتتى، باشقىلار بىر سىنىپنىڭ تىل دەرسىنى ئۆتسە، ئۇ ئىككى سىنىپنىڭ تىل دەرسىنى ئۆتەتتى، باشقىلار يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى مەكتەپكە كەلمىسە، ئۇ كونىراپ كەتكەن ۋەلسىپىتىنى مىنىپ، سۇلياۋ يامغۇرلۇغىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ، بوران ـ يامغۇرغا قارىماستىن مەكتەپكە كېلەتتى. باشقىلار سائەت 9 غىچە ئىشلىسە، ئۇنىڭ شىرەسىدە سائەت ئون يېرىمغىچىمۇ چىراق يېنىپ تۇراتتى.

لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ تولىمۇ ساددا، راستچىل، ئاقكۆڭۈل،

تۈز بولغانلىقى ئۈچۈن، قوسىقىدا گەپ ياتمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىدە گەپ قىلغاندا خەقنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قوياتتى، شۇڭا، ئىلغارلارنى باھالىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق نامىنىڭ گىرۋىگىگە كېلەلىشى ئىنتايىن ئاز بولاتتى.

تۆگە "ئىلغار" بولالمىسىمۇ خاپا بولمايتتى. پەقەت رەھبەرلىك خۇلاسە يېزىشىدا "يەنە پالانى، پوكۇنىلارمۇ ئوبدان..." دەپ ئۇنى تىلغا ئېلىپ قويسىلا، قاپ-قارا چىرايىغا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى يۈگرەيتتى. ئەتىسى يەنە بىرىنچى بولۇپ خىزمەتكە باراتتى، ھەممىمىنىڭ كەينىدە خىزمەتتىن چۈشەتتى...

5 جان ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى، تۆگىنىڭ ئالقىنىدا يېتەرلىك پۇل بولمىغاچ، قىسىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى ئاغرىقچان ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئائىلىسى 6 مو يەرنى كۆتىرىگە ئالغان بولسىمۇ، دائىم يەرنى باشقىلارغا تېرىتاتتى، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز مەكتەپتە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن يامانلىشىقلىق ئىدى. مۇناسىۋەتتە يېرىكلەشكەن ھامانلا، تۆگە دېمى سىقىلىپ ئىچى پۇشۇپ، بىر قاپ تاماكا ئېلىپ چېكەتتى، لېكىن، بۇ تاماكىنىڭ باھاسى ھېچقاچان 2 مو 9 پۇڭدىن ئاشمايتتى. شۇڭا بىز بۇ قەدىناس بۇرادىرىمىزنىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرسەك، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتۇق.

بىر كۈنى ئۇ بىر ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى، كۆرۈنۈشى قىزىق ئىدى: چېچى كىرپىنىڭكىدەك تىك تۇرغان بېشى تامغا تېگىپ تۇراتتى، تېگىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئىككى پۇتى يەرگە تەگمەي تۇراتتى، يوتىسى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئىدى، بۇ ھالەت بەئەينى چوڭ بىر راكقا ئوخشايتتى.

بەختكە يارىشا ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە "ئەمگەك" ماركىلىق بىر قاپ تاماكا تۇراتتى.

مەن ئىشلىگەن بىر تال قەغەز يىپنى ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ چۆرىسىگە ئاستا كىرگۈزدۈم. ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ، قاتتىق بىر چۈشكىرىۋەتتى.

— ھەي، يەنە پالاق يىگەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى پالۋان.

كۆزەينەك چاينى بىر ئوتلىۋېتىپ كۈيلۈنۈش بىلەن:

— دىققەت قىل، سوغاق ئۆتۈپ قالمىسۇن، — دېدى.

نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇ خۇددى ئاغزىنى تىكىپ قويغاندەك ئۈن چىقارمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىم كۈن چىرىيىنى ئاچمىدى، يەنە كېلىپ ماڭا گېپى بار بولسىمۇ، ئېيتالمىغاندەك قىلاتتى. كەچ كىرىپ ئادەم قالمىغان چاغدىلا، ئاندىن ئۇ ماڭا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ:

— ھەي، سېنىڭ ئالقىنىڭ كەڭرەكمۇ؟ ماڭا بىرنەچچە كوي پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرساڭ... — دېدى ۋە ئائىلىسىدىكى قېيداشچىلىقنى ئېيتىپ بەردى، — كەمپىرىم دۆيدە خەقلەرنىڭ توشقان باققانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ باقساق بولامدۇ دەپ پۈتۈن بىر كۈن غۇدۇڭشىدى. ئۇ توشقان يۇڭىنى قىرقىپ ساتسا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنىلا بىلىپ، بىر جۈپ ساپ سورتلۇق غەربىي گېرمانىيە توشقىنىنىڭ 200 نەچچە يۈەنگە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مەن بېرىپ ئوغرىلىسام بولامدۇ؟ بۇ ئىشنى بۇلتۇردىن بۇيان سوزغان ئىدىم. قىشلىق تەتىلدە بوران-چاپقۇنغا قارىماي، ۋەلىسىپىتتە يۈز نەچچە چاقىرىم يول بېسىپ، 80 يۈەن پۇل خەجلەپ بىر جۈپ ئارغۇن توشقان سېتىۋالدىم. توشقاننىڭ بازىرى چىقماي قېلىشىنى، توشقان بالىسىنى ساتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، يۇڭىنىڭ باھاسىمۇ چۈشۈپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ مەكتەپتىن نېرى كېتەلمەسلىكىم سەۋەبىدىن، بىرنەچچە كۈن

كېچىكىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ توشقان بالىسى ئۆلۈپ قالدى. خوتۇنۇم ئۆيدە ئىنجىقلاپ ياتاتتى، ئاچچىغىم كېلىپ سەپرايىم ئۆرلىشى بىلەنلا ئىككى چايدان چېقىلىپتۇ. دۇيدە تەقسىم قىلىنغان خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ پۇلىنى مەن چىقىرىشىم كېرەك تېخى، ھەي پېشكەللىك... — ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى، پېشانىسىدە چوڭقۇر بىر قورۇق پەيدا بولدى. چېكىسىنىڭ ئۈستىخانلىرى گويا دېڭىز دولقۇنى قايتقاندىن كېيىن پەيدا بولغان يوشۇرۇن خادا تاشتەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ قارىداپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاپ-شۇرۇق دەپتەرلىرى دۈۋىلىنىپ تۇراتتى.

مەن يېنىمدىن 21 يۈەن 5 مو پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاستا قويدۇم...

4

خوشال-خۇراملىقنىڭ سەۋەپلىرى ئومۇمەن بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تىت-تىت بولغان ئادەملەرنىڭ دەرت-ئەلىمى بىر بىرىگە ئوخشىمىسا كېرەك.

تۆگە مەندىن قەرز ئالغان كۈنى، ئاقۋاش بوۋاي كۆن بويى ئۇندىمەي يۈردى، ئۇ يەنە رەسىملىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە خاپا ئىدى.

ئاقۋاش بوۋاي مەكتىۋىمىزدىكى تىل كافېدراسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىسى، شەھەرلىك مائارىپ جەمى-

يىتىنىڭ لىشىسى ئىدى، ئۇ مۇشۇ بىر قاتار مەرتىۋىلىرى بىلەن ۋە ئاپپاق چاچلىرى بىلەن دەسلەپ يۈز كۆرۈشكەن ئادەملىرىنىڭ پۈتۈنلەي دىگۈدەك ھۆرمەت قىلىشىغا سازاۋەر بولاتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى نىمە دەپ چاقىرسام بولار دەپ يۈرمەستىن، ئاتا دەپ چاقىرىۋېرەتتى. ئەمىلىيەتتە بولسا ئۇ مەندەك 28 ياشلىق "كىچىك بوغۇن"دىن 11 ياشلا چوڭ ئىدى.

ئاقۋاش بوۋاينىڭ ھاياتىنى "ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك، ئەمما بىتەلەي" دەپ تەرىپلەشكە بولاتتى. ئۇنىڭ قالتىس خەتلەرنى يېزىشى، كېلىشكەن رەسىملەرنى سىزىشى ۋە ئەتىدىن كەچكىچە كىتاپ ئوقۇشىدىكى مەقسىدى "رەسمىيلىشىش" ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر جۇڭگولۇق ئوقۇتقۇچىلار ئازاپ چەكتى دىيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، خەلق باشقۇرغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تېخىمۇ ئازاپ چەككەنلەر ھىساپلىنىدۇ. باشقىسىنى دىمەيلى، ئومۇمى بىر سىنىپ مۇدىرى تۇرۇۋۇلۇق، ياردەم پۇلىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا ئالالايدۇ. ئىش ھەققىچۇ، ئايلىغى 30 يۈەن 2 مو بولۇپ، زادى ئۆسمەي تۇرۇۋېرىدۇ، بوغۇمەيلى، يېزا قىشلاقلاردا ئاۋۇ خىراجەت، ماۋۇ راسخوت دىگەنگە ئوخشاش ھىساپ-كىتاپلار ناھايىتى جىق، ئىشقىلىپ ئالدى بىلەن يەنە شۇ چىقىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغاچقا، ئەزەلدىن ھەمىيانى قۇرۇق يۈرەتتى.

ئاقۋاش بوۋاينىڭ ئېسى-يادى "رەسمىلىشىش"نىڭ يولىنى تېپىشتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تىرىگى يوق ئىدى، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشنىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت قولىدىكى "گۈلدەك ھۈنىرى"گە تايىنىشقىلا مەجبۇر ئىدى. بىر يىل تۆت پەسىلدە ئەتىدىن كەچكىچە ۋاقتى بولسىلا شىرەگە سۆيىنىپ ئولتۇرۇپ يازاتتى. شۇڭا بەزىلەر

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ”تـۆرە بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان ”فەنچىن“ غوجام دەپ ئاتايتتى.

”سەۋەپ قىلساڭ سەۋەتتە سۇ توختايدۇ“ دىگەن مانا شۇ. ئۇ ئاخىرى بۆسۈپ چىقتى: ماقالىلىرى كەينى-كەينىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئالاقىدار ئىلمىي ژورناللىرىدا ئېلان قىلىندى، بەزى پەخرى ناملارمۇ بېرىلدى.

— مېھمان قىلارسىز، ئەمدى رەسىملىشىشىڭىزدە گەپ يوق. — دىيىشتۇق ھەممىمىز تەڭلا ئاۋازدا دىگۈدەك. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىشكەنلەرنىڭ بىر ”نەمۇنىسى“ بولىدى. ھازىر تالانتلىق كىشىلەرگە ئېتىۋار بېرىلىۋاتامدۇ؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ئانكىتتىن بىر كاتەكچە چىقىرىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇنداق چاغلارغا كېزى كەلگەندە، ئاقۋاش بوۋاي يەنىلا بېشىنى چايقايتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن خوشال بولغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ رەسىملىشىدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى، بىزنىڭمۇ ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى ۋە ھامان شۇنداق بىر كۈن كېلىدىغانلىغىغا ئۈمىت باغلايتتۇق.

بىراق، ھايت-ھۇيت دىگىچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۆز پېتىچە تۇرىۋەردى، رەسىملىشىشىنىڭ دەسلەپتە ئانچە-مۇنچە شامىلى باردەك ئىدى، مانا ئەمدى قۇدۇقتا چۆشكەن تاشتەك جىمىپلا كەتتى. ئۇ يەنە كۈندىن-كۈنگە غودۇڭشىيدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتە، مەن ئىشخانىسىغا كىردىم، پالۋان ئاقۋاش بوۋايغا رەسىملەشمىگەن، لېكىن ۋاكالىتەن دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەسىملىشىشى توغرىسىدىكى ئىشنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپتۇ:

— سىزمۇ ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، بۇ كەنتتىن ئۆتسىڭىز، ئۇ ئۆتەڭ

بولماي قالارمۇ؟ ــ مەن بىر قاراپلا ئاقۋاش بوۋاينىڭ ئۆگەي باشقىچە تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدىم ـ دە، تېخىچە ئاغزى بېسىلماي تۇرغان پالۋاننىڭ پۇتىغا دەسسەپ قويدىم.

پالۋان چۈشەندى، مەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ ئۇنى سىرتقا باشلاپ چىقىپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ دېدىم:

ــ بۇنى دەپ نېمە قىلاتتىڭ، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى غەش تۇرسا، ئۇقۇشسىمۇ ئوسۇرۇقتا تەڭ! ئەتىگەن، خەلق باشقۇرغان مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشى توغرىسىدىكى ئىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىر ئاش پىشىم تاكاللىشىش بولدى...

شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاقۋاش بوۋاي ياغاچتەك قېتىپ قالغان، كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشى ئاستاغىنە ئوڭ يېقىغا بۇرۇلدى ـ دە، بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ئارقىدىنلا پولاتكىدە يىقىلىپ چۈشتى...

5

ئاقۋاش بوۋاي ئاغرىپ قالدى. ئۇ دا 3 كۈن قاتتىق قىزىپ ياتتى.

دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ ئۇنىڭ «ئۇزۇن مۇددەت كەمقانلىق بولغانلىقى، خاپىچىلىق يۈرىكىگە تەككەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ھوشىدىن كېتىپ قالغانلىقى»نى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇ بىرنەچچە كۈن، ئۇنىڭ ياتىقىدا ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، كارۋىتىنىڭ بېشىدىكى تومپۇچقا ئىسسىق سۈت پاراشوكى،

كونسېرۋا، ئالما، ماندارىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئېھتىياتچان كۆزەينەكنىڭ ئاۋال دەپ قويغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى رەسىملىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە زادى ئېغىز ئېچىشمىدى.

پالۋانمۇ بۇ قېتىم "سېخىلىق" قىلىپ، بىر سۆەت نەشپۈت ئېپكەپتۇ. بۇ سېخىلىق ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن، سىز ئۇنىڭ-كىگە بېرىپ ئىشىك ئالدىدىكى نەشپۈت دەرەخلىرىگە قاراپ باقسى-ڭىزلا بىلىسىز. ئۇ ئەپلەپ-سەپلەپ "ئەل قاتارى"دىن قالماسلىق ئۈچۈن، ھەر بىر نەشپۈتنى قەغەز بىلەن قاتمۇ-قات ئورۇۋەتكەن ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، بىز ئىشخانىمىز بويىچە "مۇدىرلارنىڭ باش قوشۇش يىغىنى"نى چاقىرىپ، ئاقۋاش بوۋاينىڭ رەسىملىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشىغا تۆرلۈك ئاماللار بىلەن كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشنى بىر ئېغىزدىن قارار قىلدۇق.

قارارىمىزنىڭ مەزمۇنى "ئەسكىرىي كۈچىمىزنى 3 يۆنىلىشكە بۆلۈپ"، بىرلا ۋاقىتتا "ئاتاكىغا" ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولدى. "بىرىنچى يۆنىلىش"تە مەن ياكى كۆزەينەك قەلەم تەۋرىتىپ يۇقۇ-رىغا خەت يازىدىغان بولدۇق.

مەن قولۇمنى سىلكىدىم:

— بۇ خەتنى كۆزەينەك يازسا تازا مۇۋاپىق؛ مەن يازسام تېتاك تومۇرىغا تەككۈدەك ئېغىز يېزىۋېتىمەن. ئەڭ ياخشىسى بىرلا مەزمۇندا 8 نۇسخا يېزىپ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەرقايسىسىغا ئىككى نۇسخىدىن، قالغان ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئۆلكە گېزىتىگە، بىرىنى «نۇر گېزىتى»گە يوللايلى.

كۆپچىلىك بىردەم جىم تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىر يولىلۇق دەپ قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ "يۆنۈلۈش" مۇشۇنىداق بەلگىلەندى.
— ئاساسىي ھۇجۇم بولسىلا بولمايدۇ، چېكىنىشمۇ بولۇشى كېرەك، — كۆزەينەكنىڭ ئەينىگى پاللىدە قىلىپ كەتتى، ئۇ خۇددى باش مەسلىھەتچىدەك مېنى ۋە پالۋاننى كۆرسەتتى، — ئىككىڭلارنىڭ ماڭغۇدەك ئانچە-مۇنچە يولۇڭلار بار، شەھەر ۋە ناھىيىدە تاپشۇرۇشقا بولىدىغان ئادەم بارمۇ، يوق قاراپ بېقىپ، ئارقا ئىشىك تېپىڭلار.
گويا مەن ھەقىقەتەن "ھەرقانداق كاتتا كىشى بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان زات"تەك، كۆپچىلىكنىڭ كۆزى بىردىنلا ماڭا تىكىلدى، ئەمىلىيەتتە بۇرۇن شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان بىر تاغام بولۇپ، ھازىر ئۇمۇ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بوۋاينىڭ مىجەزى چۇس ئىدى، ئەقەللىسى كىچىك قىزىنىمۇ ئاران بىر كوللىكتىپ ئورۇنغىلا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئەندىشىسىنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا قويدۇم، شۇنداق بولسىمۇ، تۆگە بىلەن كۆزەينەك يەنىلا بېرىپ باققىن دەپ تۇرۇۋالدى. بولىدۇ دەپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.
پالۋان بۇ دۆرەم چورتلا مەيدىسىگە قاقتى:
— مېنىڭ ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى بولۇشقا تەقسىملەنگەن بىر ساۋاقدىشىم بار، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارىمەن، قانداقلا بولمىسۇن ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنىمەن! بارىكاللا، "يىگىت سۆزىدىن يانماس، يولۋاس ئىزىدىن" دىگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ؟
بىز غەيرەتكە كېلىپ، "سەپكە" ئاتلىنىشقا تەييارلاندۇق، ئەمىلىيەتتە يېڭىش، يېڭىلىشنىڭ سانى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى!
راست دىگەندەكلا يېڭىلىپ قالدۇق، ھىچبىر يول تاپالمىدۇق،

تۆتەيلەن بىر بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق، ئىختىيارسىز ھالدا ھەممەيـ
لەن بىردەك بىر ئۇھ تارتتۇق.

ئاقۋاش بوۋايمۇ ساقىيىپ خىزمەتكە كەلـدى، ئۇ بولۇپ ئۆتـكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىك ئالامىتى بىلىندى، ئاندىن كېـيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر قەۋەت نېـپىز تۇتەك پەردىسى بىلەن قاپلانغاندەك خۇنۇكلىشىپ كەتتى ۋە سۇيى قۇرۇغان كۆلدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتـتى. بىر ئاش پىـشىم ۋاقىت ئۆتكەنـدىن كېيىن ئۇ:

— پىشانەمگە پۈتۈلۈپـتىكەن، ”تەلـىيىم“دىن كۆرۈشۈم كېرەك. ئادەمنىڭ نامى چىقمىسا بىر گىپ، نامى چىقسىمۇ بەرىـبىر زايا... — دىدى ئاستاغىنە.

قارىماققا ئۇ ئانـچە ئۆزگەرمىگەنـدەك قىلاتـتى، ھەتـتا بەزىدە چىرايىدا تەبەسسۇم ئالامىتى كۆرۈنەتتى، ئانـدا ـ سانـدا چاخچاق قىلىشقاندا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىسـتۇرۇپ قوياتـتى، لېـكىن مەن ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلەتـتىم. ئۇ كۆپىنـچە ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلاتتى، قوشۇمىلىرى تۈرۈـلۈپ قاپىـقى سېـلىنىپ كېـتەتتى. ماقالا يازسـىمۇ بۇرۇنقىـدەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتـتى، بەزىـدە، تالادا شاخ ئۇچىدا قوشقاچلار ۋىچىرلىسا، ئۇمۇ ھاڭۋېـقىپ بىر ھازا ـ غىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى.

بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇ نېرۋا كېسىلى بولۇپ قالامسىمۇ؟

## 6

تاسادىپىي بىر پۇرسەت ئاقۋاش بوۋاينى ياشلىق باھارىنى جارى

قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.
دۈشەنبە كۈنى سەھەردە، ئاقۋاش بوۋاي ئالدىراپ-تېنەپ 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆيىدىن مەكتەپكە يېتىپ كەلدى، سالاملىشىشىمىز بىلەنلا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا ئۆزىنىڭمۇ بېيىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
— مېنىڭ قېيىنئاغام جەنۇبىي جياڭسۇدىكى بىر باغچىدا خىزمەت قىلاتتى. بۇلتۇر، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىپ 300 تۈپ ئەرزىمەس ئارچىنى ئۇلاپ بەرگەن ئىدى. بۇ نۆۋەت ھەممىسى ئۆتكۈزۈۋېلىنىپتۇ، بىر تۈپى 8 موچەن بوپتۇ! — ئۇ خوشال بولسا گېپىمۇ ئانچە چۇس بولماي قالاتتى، لېكىن قۇمچاقتەك كۆز قارچۇغىدىن مەشئەلدەك نۇر چاقناپ كېتەتتى.
— ئىككى يۈز قىرىق؟ سېنىڭ بۇ ئىككى يىللىق قەلەم ھەققىڭنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ جىق ئەمەسمۇ؟ — پالۋاننىڭ ئاغزىلىرى قورۇلۇپ يۇمۇلاق بولۇپ كەتتى.
— ھىم، بىر كوي ئارتۇق.
گويا ئاقۋاش بوۋاينىڭ قولىغا "ئىككى-تۆرت تال تەڭگە كىرگەنلىگى" ئۇچۇن، ياق، ئۇنىڭ "كۆڭلىنى تازا خوشال قىلىش" ئۇچۇن، ئىشخانىنىڭ ئىچىگە خوشاللىق كەيپىياتى تولۇپ كەتتى.
— ھەي، قېيىنئاغام مېنى 2 يېرىم مو قالدۇرۇق يەرنىڭ ھەممىسىگە كۆچەت تىككىن دېۋىدى، بولامدۇ، بولمامدۇ؟
— بولىدۇ، بولىدۇ! — پالۋان باشلىرىنى لىڭشىتىپ كەتتى.
كۆزەينەكمۇ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، بىرنەچچە قەدەم ئۇ يان-بۇ يان دەسسەپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى:
— بۇمۇ بىر يول.

www.uyghurkitap.com

مەن توساتتىن لوقما سالدىم:

ـــ بىراق، بۇنىڭغا ۋاقىت، زېھنىي كۈچ كېرەكتۇ... ــ ئىسپاپنىكى گەپنىڭ مەنىسى ئۇقۇ ـ ئۇقۇتۇشنى قانداق قىلىسەن؟ سىنىپنىڭ ئىشـ لىرىنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئىلمى جەھەتتە ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلامسەن ـ ئويلىمامسەن؟ دىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. تۆگە ئۇندىمەستىن "خور ـ تىلدىتىپ" غاڭزىسىنى شوراۋاتاتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاقۋاش بوۋاي ئايدىڭ چۈشۈپ تۇرغان مەك ـ تەپ مەيدانىدا ئۇ يان ـ بۇ يان ئايلىنىپ، ئاخىرى:

ـــ سىناپ كۆرەي، ــــ دىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن پەس ئىدى.

ئاقۋاش بوۋاي شۇنىڭ بىلەن "دەل ـ دەرەخ"نى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قانچە سىناق قىلغانسېرى شۇنچە بېرىلىپ كەتتى. خەقلەرنىڭ دىيىشىچە، ئۇ ئەژدەرسىمان ئارچا ئۆلاپتۇ، ئاق ئارچا، شەمشات، مەجنۇن شەمشات تىكىپتۇ، يەنە تېخى تىكەنلىك شەمشات تېرىپتۇ. دەسمىگە ھىلقى 240 يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىپتۇ. ياز كۈنلىرى چۈشتە ئۇ ئۇخلىماستىن ئۇنى ـ بۇنى دەپتىرىگە كۆچۈرەتتى، ئەلۋەتتە. بۇ يازغانلىرى ۋاڭ لى ئەپەندىمىنىڭ قېدىمى خەنزۇ يېزىغى ئەمەس، بەلكى قىسما ـ قىسما مەشھۇر دەرەخ بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈل ـ گىيالارنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئىدى.

ئۇنىڭ قىزغىن تەكلىپ قىلىشى بىلەن مەن، تۆگە، پالۋان، كۆزەينەك ئۇنىڭ "كۆچەتزارلىغى"غا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ياپىرىم، يېڭى كۆچەتزارلىق بولغىنىغا قارىماي، بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ قويدى. بىز يول بويى تەسىرلەندۇق. پالۋان ئاغزىنى چاكىلدىتىپ:

— بوش كەلمەيدىكەن، يارايدۇ، بۇنچىۋالا نۇرغۇن كۆچەتكە سەل قارىماسلىق كېرەك، كەلگۈسىدە ھەممىسى قىزىل پۇلدە! ئەگەر مېنىڭ-مۇ قالدۇرۇق يېرىم بولغىنىدا...ھەي، تۆگە، سەنىمۇ مۇشۇ يولغا ماڭساڭ بولمامدۇ؟ — دىدى.

تۆگە ئاچچىققىنا بىر كۈلۈپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى-دە:

— مەن بۇنداق بېيىشىنى خالىمايمەن! ئەگەر بىر كەم پۇل ئۆتنە بېرىپ دەسمايە سېلىپ بەرسىمۇ، كەلگۈسىدە ھەساپقا ئۆتكۈ-زۈپ بەرسىمۇ، ئائىلەمنىڭ نەدە ۋاقتى بار؟ ئۆزەمنىڭ نەدە ۋاقتى بار؟ سەن شەمشات تەرگەنلەرنىڭ غەلۋىر بىلەن تاسقاپ ئولتۇرغانلى-غىنى كۆرمەپسىدىڭ؟...

”بايلىق روھنى كۆتىرىدۇ“ دىگەنىدەك، ئاقۋاش بوۋاي مەكتەپكىمۇ، ئۆيگىمۇ قاتىراپ يۈرۈپ، ئورۇقلاپ قالغىنى بىلەن، روھى كەيپىياتىنى ئۆتكەن كۈنلەردىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، كۈن بويى ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرەتتى، يۈزىدىكى قورۇقلارمۇ يوقالدى. ئۇ ئاندا-ساندا كۈپپىيە يازسىمۇ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا يازغانلىغى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ”قايتۇرۇپ بېرىلەتتى“. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، قاراپمۇ قويماستىن، تارتمىسىغا تاشلاپ قوياتتى، ئاندىن كېيىن يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ۋەلسىپىتىنى مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالاتتى....

ئۇ ھەمىشە ئەنە شۇنداق ئالدىراش ئىدى.

## 7

خوشاللىق بىلەن پىشكەللىك دائىم ھەمرا بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن 7 كۈن ئىلگىرى، كۆزەينەكنىڭ سۇجۇدىكى ئۆيىدىن

"ئانىمىز جىگەر راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، چاققان قايتىڭ-
قىن!" دىگەن تېلېگىراما كەلدى. كۆزەينەك ئالمان-تالمان ئىككىنچى-
لىك خەت يېزىپ ماڭا بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن سىنىپنى باشقۇرۇپ
تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى. تارغىنە كەلگەن ئىككىلىك قەغەزدىن ئۇنىڭ
كۆز ياشلىرىنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېنىڭ يۈرىگۈم ئىختىيار-
سىز مۇجۇلدى، ئۆزەمچىلا كۆزەينەكنىڭ قايناقسۇ ئىچىدىغان ئىستاكانىنى
قولۇمغا ئېلىپ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان يىراقلىقتا يالتىراپ تۇرغان
يۈشى سۆيىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم، ئاھ ئېقىن، مېنىڭ ئەس-
لەشلىرىمنى ئېغىر خەتەر ئاستىدا قالغان ئانىمىزغا يەتكۈزگەيسەن...

خوشاللىغىمىز شۇ ئىدىكى، ئاقۋاش بوۋاي بېيىپ قالدى. خۇددى
سېھرىگەردەك، بىر يىلدىن ئارتۇق جاپاغا چىداپ ئىشلەش ئارقىلىق،
ئۇ "تەرەققى تاپمىغان"لىقتىن "تەرەققى تاپقان"لىق قاتارىغا پەيدىن-
پەي كىرىپ قالدى. لېكىن مەن بۇ خوشاللىق ئىچىدە قانداقتۇر بىر
ئەندىشە بارلىغىنى، ھەتتا بۇ ئەندىشىنىڭ خوشاللىقتىن چوڭراق
ئىكەنلىگىنى سېزىپ تۇراتتىم.

راست، بۇ نېرۋىلىرىمىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىلىشىپ
كەتكەنلىگى ئەمەس! بىزنىڭ مۇشۇ ئىشخانىمىزنى مىسالغا ئالساق،
يېقىندىن بۇيان كەيپىيات بارغانسېرى سۇسلىشىپ قالدى، ھېچنىمە-
دىن ھېچنىمە يوقلا، ئاقۋاش بوۋاي بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر
توساق پەيدا بولۇپ قالغاندەك بولدى. بەزىدە، تازا قىزىق پاراڭ-
لىشىۋاتقىنىمىزدا، ئۇ كىرسىلا پارىڭىمىز چورتتىدە ئۈزۈلۈپ قالىدىغان
بولدى. "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس"، "شامال چىقمىسا دەرەخ
لىڭشىمايدۇ" دىيىلگەن تەمسىللەر بار. مۇھەببەتنىڭ يىراقلىشىشى
تەبىئىكى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ. ئەمما بىۋاستە سەۋەپ ئاقۋاش

بوۋاينىڭ تولىمۇ "سەزگۈرلۈگى" ۋە تولىمۇ گۇمانخورلۇغىدا. مەسىلەن، بىز ئۆتكەن قېتىم قانىداق تېمىدىكى ماقالىنى يېزىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقىنىمىزدا، كىمدۇ بىرسى ''ھەممىدە پۇلنى كۆزلەش'كە باھا" دىگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قىلىۋىدى، ئۇ شۇ ھامانلا خاپا بولغاندەك:

— ئېكىسپىلاتسىيە قىلىپ تاپمىغانلا بولسا، ھارام پۇل ئەمەس! — دىدى. يەنە بەزىدە، كۆپچىلىك پالانى ئۇنداق قىپتۇ، پۇستانى جاما-ئەتكە زىيان يەتكۈزۇش ھىساۋىغا ئۆزى بېيىپتۇ، تولىمۇ زىغزىق چىقىرىپ پايدا ئاپتۇ دىيىشكەندە، ئۇ بۇ ئىش بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىسىمۇ، قاپاقلىرىنى تۈرەتتى، ياكى بولمىسا چۈشىنىپ بولمايدىغان ھالدا سوغاققىنە كۈلۈپ قوياتتى.

دەرۋەقە، كۆپچىلىك قارىماققا يەنە تۇزۇت قىلىپ، ئۆزئارا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەممە ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، پەقەت تۆگە ھە دىسىلا تەتۈر قاراپ، دىمىغىنى قېقىپ قوياتتى.

ئاز كەم ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، دەرت - ئەلەمدە بىرگە بولغان 20 يىللىق جان - جىگەر بۇ ئىككى بۇرادەر (تۆگە بىلەن ئاقۋاش بوۋاي)نىڭ ئاداۋىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، ئاساسەن تۆگە ئاقۋاش بوۋاي-نىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىدىن بارغانسېرى بىزار بولۇپ كېتىۋا-تاتتى. ئۇ دائىم غەزىۋى بىلەن ماڭا مۇنداق دەيتتى:

— مەن ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتمايمەن! ئاغىنە بولۇپ، بىرلىكتە ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىمىزغا 20 يىل بولدى. ئۇنىڭغا رەھمەت، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇ مېنىڭدىن دەرەخ تىككەمسەن دەپ سورىدى ۋە ماڭا ياردەم قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈردى، مەن رەت قىلدىم. ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىنساپ بولۇشى كېرەك!

www.uighurkitap.com

كىم ئاق نان يېيىشنى خالىماي، ئۇماچ ئىچىشنى خالىسۇن؟ بىراق نىمە بايلىق ئىكەنلىگىگە قاراش لازىم...دۇرۇس، ئۇنىڭ ئىكسپىلاتاتسىيە قىلمىغىنىنى، ھايانكەشلىك قىلمىغىنىنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن سىز ئېيتىپ بېقىڭ، ئۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا نەدە كۆڭۈل بەردى؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ پىكرى بار.

ۋىجدان بىلەن گەپ قىلغاندا، ئاقۋاش بوۋاينىڭ يېقىندىن بۇيانقى خىزمىتى بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە بىر ھەپتىدە 3 قېتىم كېچىكىدىغان، دەرستىن چۈشۈپلا غايىپ بولىدىغان بولۇۋالدى. بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ سىنىپىدا زىددىيەت چىقىپ، "ئەرز" ئىشخانىمىزغا كەلگەندە، تۆگە بىلەن ئىككىمىز ھەل قىلىشىپ قويدۇق. تاپشۇرۇقلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىمۇ قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىناتتى، دەرس بېرىشكە تەييارلىق قىلىنمايتتى. بىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا 6 سىنىپىمىز ئۈچۈن 5 تىل مۇئەللىمى بار تۇرۇقلۇق، ئاقۋاش بوۋاينىڭ سىنىپىدىكى تاپشۇرۇقلارنىڭ يېرىمىنى مەن، يېرىمىنى تۆگە كۆرىدىغان ئىشقا قالدۇق. ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بار بولىدۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن تارازا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئاقۋاش بوۋاي بىلەن كۆپچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئى ھالدا يىراقلىشىپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان، مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدىكى ئالدىراشچىلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، تۆگە بىلەن ئاقۋاش بوۋاي تېخىمۇ سۈركىلىشىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى: چۈشتىن كېيىن دەرسكە چىقىشتىن ئىلگىرى، تۆگە بىر دەستە تاپشۇرۇقنى مېنىڭ شىرەيىمگە تاشلىدى:

— قاراپ باقىنا، بىزنىڭ چوڭ گۇرۇپپا باشلىغىمىز ئىككى ماقالىغا قەلەم تەككۈزمەپتۇ!...ھىم، داچەننىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتكۈسى بار! —

مەن جاۋاپ بىرە ـ بەرمەستىنلا، ئىشىك "جاققىدە" ئېچىلىپ كەتتى، ئاقۋاش بوۋاي چىرايىنى كۆكەرتىپ قىمىرلىماستىن ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى، چېكىسىدىكى كۆپ ـ كۆك تومۇرلىرى كىچىك يىلاندەك سەكرەيتتى، كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ تۆگىگە چەكچىيىپ قارايتتى.

ئىشىك يەنە جاققىدە يېپىلدى ـ دە، ئاقۋاش بوۋاي كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چىقتىم، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا ئۇ غايىپ بولغان ئىدى.

بىر دەمدىلا، پالۋان مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان:

ــ ھەي، ھەي، ئاقۋاش بوۋاينى كۆردۇڭمۇ؟ بۇ قاقۋاش خوشال ـ لىقىدىن ئاينىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ــ دەپ ۋاقىرىدى.

ــ خوشاللىقىدىن؟!

ــ مەن ھېلىلا ناھىيىدىن قايتىپ كەلدىم. ئۇ گېزىتكە چىقىپتۇ، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ قاپتۇ! ئۇ بىرمۇنچە ماقالا ئېلان قىپتۇ ـ مىش، ھازىر باشلامچىلىق قىلىپ روناق تاپماقچىمىش، بۇ ھەم قىزىللىشىش، ھەم مۇتەخەسسىسلىش بولارمىش، زىيالىلارنىڭ روناق تېپىشىنىڭ تېپىك ئۈلگىسى ئىمىش. ئادەمنىڭ ئامىتى كەلسە ھەممە ماختايدۇ، ئۇ يەنە تېخى رەسىملىشىپتۇ! "ئامەت كەلسە قوش كېلەر، خودا بەرسە پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ" دىگەن مانا مۇشۇ ـ دە"...

ھىم؟ ــ مەن ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم.

ــ سەن ئۇنى خوشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەي قالدۇ دەمسەن؟ مەن دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئېيتسام، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

بىرىپ، ئۇنىڭغا رەسىملىشىش جەدۋىلى ۋە خەۋەرنى كۆرسىتىۋىدىم، ئۇ قولۇمدىكى سومكىنى كاپپىدا تارتىپ ئېلىپ كەتتى...

— هاھ، هاھ، ئىلغار، رەسمى! هاھ، هاھ، هاھ، هاھ — ئىلغار رەسىملىشىپتۇ... — توساتتىنلا يىراقتىن ئاقۋاش بوۋاينىڭ ۋاقىرىشى ئاڭلاندى.

— ئۇ نېمە بوپتۇ؟

تارمۇشتەك بىر جۈپ قول بىر سومكىنى ئېگىز كۆتىرىپ تۇراتتى، يەردە جەدۋەل، گېزىتلەر چېچىلىپ ياتاتتى، قەدەملەر ئۇ يان ـ بۇ يانغا چايقىلاتتى، ئۇ ماڭغاچ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ تۈۋلايتتى:

— ئىلغار...رەسمى! هاھ، هاھ، هاھ

يۈرىگىم قاتتىدا قىلىپ قالدى...

بىر چاقماق قاراسلاپ چېقىپ كۆكنى ياردى، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندا گۈلدۈرلىگەن قاتتىق بىر ئاۋاز ياڭرىدى...

## ئاپتور ھەققىدە

شېن فېڭ، ئەر، 1952 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭتەي ناھىيىسىدىن. 1980 ـ يىلى يەنچېڭ شىفەن تېخنىكوم مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، هازىر دۇڭتەي ناھىيىسى شىنجيېشياڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن رەھىم.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**

# ھوسۇل ئۇچۇن



## لياڭ شياۋشېڭ

### 1

نەس قارا بۇلۇت ئاسماننىڭ ئاداققى سۈزۈك جىيىكىنى شىددەت بىلەن يۇتۇۋەتتى. پۈتكۈل "مەنگەي دالىسى" دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە قالدى. قارا بۇلۇت گويا قۇرقۇنچلۇق بىر قىساسچى شۇمپەندەك، تېپ-تىنچ تۇرغان بوغداي دېڭىزىغا ياۋۇزلارچە تىكىلمەكتە ئىدى. چېقىلغان چاقماقلار ئۇنىڭ بارغانسېرى ئەسەبىلىشىۋاتقان ئەپتى-بەشىرىسىنى يالت-يۇلت قىلىپ كۆرسىتىپ قالاتتى. بوغداي دېڭىزى نازۇك قىزلاردەك خۇرسىنىپ، بۇ قارا بۇلۇتنىڭ بېشەملىكىگە چىدىماي ھەسرەتلىك تىنماقتا ئىدى. گۈلدۈرماما بولسا بۇرۇختۇم بولۇپ، ئۆزىنى بېسىپ تۇرماقتا ئىدى. مۇشۇنداق بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە، گۈلدۈرماما قات-قات بۇلۇتلار ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋالغان يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك دەھشەتلىك نەرە تارتىپ،

ئۆزىنىڭ خۇپپىيانە ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

ئۇپۇق سىزىقى ئۆچتى.

ئادەتتە كۆكى كۆك، سېرىقى سېرىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئاسمان بوشلۇقى بىردىنلا خىرەلىشىپ، ئالەمنى دۇغ-مانان قاپلاپ، ئىسسىقلىق تۇتەك باستى.

يامغۇر پەسلى شۇ تەرىقىدە يېتىپ كەلدى!

بىز "مەنگەي دالىسى"غا نەچچە تۈمەن جىڭ ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق چاچقان ئىدۇق. بىز بىر بىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئاشىق-مەشۇقلاردەك كۈتىۋاتقان مول ھوسۇل، بىزنىڭ خالىسانە ئىستەكلىرىمىزنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋاتقان مول ھوسۇل، بىزنى ئىچ-ئىچىمىزدىن شاتلاندۇرۇپ، ئالىجاناپ زوق پەيدا قىلىۋاتقان مول ھوسۇل، بوز يەر ئېچىشقا ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈشىمىزگە يېتىپ ئاشىدىغان مول ھوسۇل ئەمدى ئېچىنىشلىق تۇردە كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

بۇ بىز "مەنگەي دالىسى"نى بوي سۇندۇرغان ئىككىنچى كۈز پەسلى ئىدى، بىپايان بۇغداي دېڭىزىنىڭ ئاسمىنىدا يەنىلا ياشلىق باھارىنىڭ قىممەتلىك سايىلىرى جەۋلان قىلىپ، ئۈچ نەپەر ياش جاننىڭ مەڭگۈلۈك ساداسى ياڭراپ تۇراتتى. توختىماي چۈشۈۋاتقان يامغۇر بىز بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۈچىلەرگە: "مەنگەي دالىسى" نى بوي سۇندۇرغىلى بولمايدۇ! ئۇنىڭغا ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا تەبىئەت قانۇنى خوجايىنلىق قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى قۇپ-قۇرۇق ۋە كۈلكىلىك بىر ئىش! دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. دېڭىز دولقۇنى چايقىلىپ، قىرغاقتىكى ئىزلارنى يۇيۇپ تاشلىغاندەك،

رەھىمسىز كۆز يامغۇرى ياشلىق باھارىنىڭ ۋە ياش جانلارنىڭ بەدىلىگە كەلگەن مول ھوسۇلنى نابۇت قىلماقتا ئىدى!

يامغۇر پەسلى باشلىنىپ 4 ـ كۈنى پىشقەدەم لىيەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز لىيەنىمىز بۇغدايلىقىنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، بۇلۇت ـ يامغۇر تۇمانلىرى ئىچىدە قالغان بۇغداي دېڭىزىغا قاراپ قېتىپلا قالدۇق. قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قۇيۇلۇۋاتقان كۈز يامغۇرى ئۇچىمىزدىكى سۇزۇك سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇقىمىزدىن ئېقىپ چۈشۈپ، پۇتىمىز تۇرغان يەردە كۆلچەك ھاسىل قىلغان ئىدى. مېنىڭ يالىڭاياق پۇتلىرىم يامغۇردا كۆيۈشۈپ، پۈتۈن ئەزايىمنى تىترەك بېسىپ كەتكەن ئىدى!

ــ تۈگەشتى...، ــ دېدى پىشقەدەم لىيەنجاڭ ئاخىر ئېغىز ئېچىپ. ئۇ مىدىراپمۇ قويماي قېتىپلا تۇراتتى، ماڭا قاراپمۇ قويمايتتى.

"تۈگەشتى..." دىگەن سۆزنى ئىچىمدە مەنمۇ تەكرارلىدىم ـ دە، خۇددى سۇلياۋ يامغۇرلۇقنىڭ تۈگمىسى يامغۇر سۈيىگە چىلاشقاندەك، مېنىڭ قەلبىممۇ سۇغا چىلاشقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئارقامدا 3 كىشى ــ مۇئاۋىن يېتەكچى لى شاۋيەن، "مور" ۋاڭ جۇگاڭ ۋە كىچىك سىڭلىچاق شەن شەنلەر تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇلارمۇ "تۈگەشتى..." دىگەندەك قىلىۋاتاتتى، ئۇلار گويا مېنىڭ يېنىمدا تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئىختىيارسىز ئارقامغا قارىدىم، لىيەندۈي تەرەپتىن بىرسى ــ شىنىڭ بۇغداي ئۇمىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىدىن تۇەنىمىزدە تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن ساۋ گەنشى كېلىۋاتاتتى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ھەربى يامغۇرلۇق كىيگەن بولۇپ، سالماق قەدەم تاشلاپ، تەنھەر- كەتچىلەرگە خاس چەبدەسلىك بىلەن يامغۇر كۆلچەكلىرىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن:

— دەرھال لېيەندۈيگە قايتىڭلار، دىۋىزىيىنىڭ بۇغداي ئومىسغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىنىڭ بۇغداي ئومىسى توغرىسىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق يوليورۇغى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، — دېدى.

پىشقەدەم لېيەنجاڭ نۇقتىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى تەرەپكە ئاستا بۇرۇلۇپ، كۆزلىرىنى قىسقان پېتى، ئۇنىڭ قىلچە ئەرلىك ئالامىتى بولمىغان ئاق پۇشماق يۈزىگە سوغاق قارىدى ـ دە، — ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك، مېنىڭ لېيەنجاڭلىغىمنى سىز ئېلىۋەتكەن! — دېدى.

ئۇ دەرھال جاۋاپ قايتۇرمىدى، ئېگىلىپ كىيىمىدىكى يامغۇر سۇ- لىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈپ، ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي، رېزىنكە ئۆتۈ- گىدىكى لايلارنى پاك ـ پاكىز يۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆرە تۇردى ـ دە، يانچۇقىدىن ياغلىغىنى ئېلىپ، قوللىرىنى ئېرتىقاچ، رەڭگىنى ئۆزگەرت- مەي، — ئەمدى سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈردۇم — دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى خۇددى بىر سەركەردە بىر ئەسكەرگە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلىدى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تەكەببۇر خوتۇنلاردەك سوغاق كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى مەندە ئېنتايىن قاتتىق نەپرەت قوزغىدى، بولۇپمۇ ھازىرقى پەيتتە شۇنداق بولدى. بىر ئوچۇم لاي ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتقۇم كېلىپ كەتتى.

پىشقەدەم لېيەنجاڭ ئولتۇرۇپ، ئىككى بىلىگى بىلەن تىزىنى

ئوراپ، بېشىنى ئېغىر ساڭگىلىتىپ بىلىگىگە قويدى. ئۇنىڭ كونىراپ چۇرۇپ كەتكەن سۇلىياۋ يامغۇرلۇغىنىڭ بىر پېشى سوغا چىلىشىپ قالدى.

ئۇ خۇددى قاتتىق خورلانغان بالىغا ئوخشاش بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— يولداش، بۇ قانداق كەيپىيات؟ نارازىلىقمۇ؟ ئۈمىتسىزلىكمۇ؟ بۇنداق كەيپىيات تولىمۇ زىيانلىق!...

— يوقال كۆزۈمدىن!

مەن ئۇقتىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلىغىنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپپۇەتتىم، ئاغزىمدىن چورتىلا قىلىپ چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزۈمنىڭ دەرھال ئۈنۈم بەرگەنلىگىدىن رازى بولدۇم ۋە خوشال-لاندىم.

ساۋ گەنشى بىر دەم ھاڭ-تاڭ قىلىپ، — نىمە؟...، — دەپ بوش ئاۋاز بىلەن سورىدى، ئۇنىڭ خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ دەپ گۇمانلىنىد-ۋاتقانلىغى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يوقال كۆزۈمدىن! — يەنە تەكرارلىدىم ئۈنلۈك ۋە ئېنىق قىلىپ.

ئۇ قۇلىغىدىن ئەمدى گۇمانلانمىدى. ئۇنىڭ ئاق پۇشماق يۈزلىرى دەرھال ئالا-بۇلەك تۇسكە كىرىپ، خۇددى پىشمىغان غورىدەك، بىر تۇرۇپ قىزىراتتى، بىر تۇرۇپ كۆكىرەتتى، ئۇ بارمىغىنى ماڭا تەھدىت سىلىپ شىلتىيتتى، ئۇنىڭ بارماقلىرى تىترەيتتى.

مەن ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، يامغۇرلۇغۇم ئىچىدىكى مۇشتۇمۇمنى تۈگدۈم، شۇ تاپتا كىلىشتۈرۈپ بۇرنىغا بىرنى سېلىپ، ئۇنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ قويغۇم كىلەتتى.

مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىم بەك قورقۇنۇچلۇق بولغانلىغىدىنمۇ ياكى سۈزۈك سۇلياۋ يامغۇرلۇق ئىچىدىن مېنىڭ قەستىمنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىغىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ ئەيمەندى. ماڭا قاراتقان بارمىغىنى يىغىشتۇرۇپ، قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى.

— قېنى ئۇرۇپ باقسىنا...، — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن غودۇڭشۇپ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى...

يامغۇر ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. "مەنگەي دالىسى"نىڭ كۈزلۈك يامغۇر پەسلى كۆڭۈلسىز ھەم ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ھاۋا ئوچۇق چاغلاردا ئوچۇق كۆرۈنىدىغان يۈەنشەن تېغىمۇ ھىلىدىن-ھىلىغا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇلۇت-يامغۇرلارنىڭ قوغۇشۇن رەڭلىك تۇمانلىرى ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولدى. بۇ تۈتەك ھەممىنى: يۈەنشەن تېغى باغرىدىكى قويۇق ئورمانلارنى، بۇغداي دېڭىزى ياقىسىدىكى شالاڭ-شالاڭ قېرى دەرەخلەرنى، لىيەندۈينىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ئاددى كېسەك ئۆيلىرىنى، ئىشقىلىپ ھەممىنى قوغۇشۇن رەڭگە بوياپ بولغان ئىدى... پەقەت موردىن چىقىۋاتقان تۈتۈنلا بۇ دالىدا تىركىشىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئالىي دەرىجىلىك ھاياتنىڭ بارلىغىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شارقىراپ چۈشۈۋاتقان كۈزلۈك يامغۇر چىلەكتىن سۇ تۆككەندەك توختىماي ياغاتتى. دالىدىكى ئازگاللار، ئېرىق-ئۆستەڭلەر يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇپ، ھەر تەرەپكە شاخلىنىپ ئېقىپ، پۈتۈن دالا سۇ دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسمان سەھنىسىدە ئالاقزادە بولۇپ پەس ئۇچقان رەتسىز تورنىلار بىرە-بىرە ھەسرەتلىك غاقىلداپ قوياتتى ياكى لىيەندۈيدە ئۇرۇلغان داڭ ئاۋازى گويا بۇ دالىدىكى ئادەملەرگە نىمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئاگاھلان-

دۇرۇش بەرگەندەك داراڭلايتتى.

قوغۇشۇن رەڭگە كىرگەن بۇ زېمىندىكى ھاۋا ئوچۇق چاغلاردا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بۇغداي دېڭىزى دات باسقان مىستەك قارىداپ كەتكەن ئىدى. بۇغدايلار ھە دەپ يېتىشقا باشلىدى...

— تۈگەشتى...، — بۇ سۆزنى ئىچىمدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. مەن ئېتىمىز بويىدىن بىرنەچچە تال باشاقنى ئۈزۈۋاپ، بۇغداي دانلىرىنى ئالقىنىمغا قويۇپ، سىنچىلاپ قارىدىم. توق بۇغداي دانلىرى قاسراقتا تېخى نەم بولۇپ كۆپمىگەن ئىدى. مەندە بىرئاز غۇۋا ئۈمىت پەيدا بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە، بۇغدايلارنى ئوروۇپ خامانغا ئاپىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرۈشىمىز مۇمكىن ئىدى. بىز بۇ دالىدا ئۇرۇق چاچقۇچىلار قانداقمۇ بۇ ھوسۇلنى نابۇت قىلىۋېتىمىز! بۇ نەچچە يۈز مىڭ تونىنا ئاشلىق - تە!

پېشقەدەم لېيەنجاڭ ئورنىدىن دەس تۇردى. گويا ماڭا بىرەر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى، ئاغزىنى ئۈمەللەيتتىيۇ، ھېچنېمە دېمىدى.

مەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭمۇ مەن دېمەكچى بولغان گەپنى دېمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم: بۇغداي ئورمىسى توغرىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق يولىيورۇغى قۇرۇپ كەتسۇن!

پېشقەدەم لېيەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز بىر بىرىمىزنى يۆلەپ، پېيپىشقاق پاتقاق ۋە ئوي - چوڭقۇر كۆلچەكلەرنى دەسسەپ، تېيىلىپ، يىقىلىپ، لېيەندۈيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. نەچچە قېتىم يىقىلىپ، پۈتۈن ئۈستى - بېشىمىز پاتقاق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ لام - جىم دېمەي مېڭىۋەردۇق.

بۇ شانلىق ھوسۇل پۈتۈنلەي نابۇت بولۇپ، بىر تال دان

ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، بىز ئەيىپلىك ئەمەس. يول بويى مەندە بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق ئوي پەيدا بولدى، گويا مۇشۇنىلىق ئويلىسام ئاز-تولا يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك.

لېكىن، مەن پىشقەدەم ليەنجاڭنىڭ بۇنداق ئويلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى بىز ئەيىپلىك ئەمەس دەپ ئويلاش ئۇنى تېخىمۇ ئازاپلايتتى.

يامغۇر پەسلى بىزنىڭ مۆلچەرلىمىزدىكىدىن بىر كۈن بۇرۇن باشلاندى. بىزنىڭ كومباينىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن رېمونت قىلىنىپ بولغان، بۇغدايلىرىمىزمۇ ئۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن ئوغاق سالغۇدەك بولغان ئىدى. بىز ئومىدا كارامىتىمىزنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ تۇراتتۇق، بىراق بۇغداي ئورمىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋى بۇغدايىنى ئورۇشىمىزغا رۇخسەت قىلمىدى. نۇقتىدا تۇرۇشلۇق گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ساۋ گەنشى دىۋىزىيە بۇغداي ئورمىسىغا قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىزنى قاتتىق چەكلىدى.

"بۇغداي ئورۇشمۇ جەڭ قىلغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى، بىر بۇيرۇق بىلەن پۈتۈن دىۋىزىيە بىر تۇتاش ھالدا بۇغداي دېڭىزىغا 'ئومۇمىي ھۇجۇم' باشلايدۇ...شۇ كۈنىلا پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە بۇغداي ئورۇش جېڭىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز..." بۇ قالتىس ئويلىشىلغان كۆلكىلىك ئارزۇ ۋە بۇيرۇق ئىدى.

ليەنجاڭ غەزەپكە كەلدى، ئۇ بىر يۈز نەچچە ئادەمگە ۋاكالىتەن دىۋىزىيە پارتكومىغا خەت يېزىپ، بۇغداي ئورمىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىنىڭ شاللاقلىغىنى ئەيىپلىدى، نەتىجىدە دەرھال ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ليەنجاڭ ۋەزىيپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، لىيەنىنىڭ كۆندىلىك خىزمىتى يېڭىلا مۇئاۋىن ليەنجاڭلىققا تەيىنلەنگەن مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى.

— ماشىنىلار تەييارلىنىپ بولدى، ئەمدى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىۋى تەييارلىقنى تۇتۇش كېرەك! — دىگەن تەلەپنى قويىدى. مەن چوقۇنىدىغان ساۋ گەنشى نۇقتىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغىلىق سۈپىتى بىلەن.

— بۇغداي پىشىپ كەتتى! بۇغداينى ئورۇشىمىز كېرەك! ھەممەيلەن نۆۋەتتە بىرلا ئىشنى — ھوسۇل ئېلىشنى كۈتۈۋاتىدۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوق...، — مەن ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولسامۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتىم.

ئۇ مەنىستىمىگەندەك قىلىپ، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ دىگەندەك قىياپەت بىلەن ماڭا قارىدى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىچە كەڭ قوساقلىق قىلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرۈپ، ئۈزاققىچە ئۈندىمەي تۇردى. گويا ماڭا بىر ئۆگىنىش پۇرستى بەرگەندەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن "سىلەر نىمە دىگەن گۆدەك - ھە!" دىمەكچى بولىۋاتقانلىغىنى سەزدىم.

ئۇنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى. مەن كاجلىق قىلىپ ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالىدىغان كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى مۇئاۋىن ليەنجاڭ، نەچچە يۈز مىڭ جىڭ بۇغداينى يىغىۋېلىش ۋەزىيپىسىنى ئۈستۈمگە ئالغان مۇئاۋىن ليەنجاڭ. ماڭا كېرىكى ئۇنىڭ كەڭ قوساقلىغى ئەمەس، مەسخىرىسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوللىشى، شەرتسىز قوللىشى ئىدى.

— "مەنگەي دالسى" دا بۇغداي بۇرۇن پىشىدۇ، بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى بۇرۇن باشلىغان، بىز ئىگەللىگەن ھاۋارايى ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، بۇ يىل كۆزلۈك يامغۇر پەسلى بۇرۇن... — دەپ يالۋۇرغاندەك قىلىپ كەتتىم.

— لېيەندۈيىكلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىدىن ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ، — دىدى ئۇ بۆلەكچە تەمكىنلىك بىلەن سۆزۈمنى بۆلۈپ، — ئىككى كۈن ۋاقىت يېتەمدۇ؟ — ئۇنىڭ تەمكىنلىگى مېنىڭ ئۆچلۈگۈمنى كەلتۈردى.

مەن دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۇنىڭ سۈپ-سۈزۈك يۈزىگە قاراپ ياغاچتەك قېتىپلا قالدىم. شۇ ئەسنادا مەندە ئۇنىڭ بۇرنىغا راسا بىر مۇش سالايمىكىن دىگەن نىيەت پەيدا بولدى.

ئۇقتىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ باشلىغى لېيەنىمىزگە يېڭى كەلگەن چاغلاردا، مەن ئۇنىڭغا بەك ھۆرمەت قىلغان ئىدىم. ئۇ بىز زىيالى ياشلار ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3-سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن بولۇپ، نازاكەتلىك، كېلىشكەن ياش ئىدى، ئادەتتە تەمكىن يۈرەتتى، گەپ-سۆز، چاخچاق-پاخچاق دىگەنلەرگە ئارىلاشمايتتى، بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزچە بۇ ھال "پىشىپ يېتىلگەن"لىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. يىغىن باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئۇ بىسمالال تۇراتتى، گەپ-سۆزنى جايىدا قىلاتتى، ئۇ يەر-بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ پىكرى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەگەر ۋاقىتلا بولسا، ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى. ۋاقىت قىس بولسا، دىمەكچى بولغان گېپىنى يىغىنچاقلاپ، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرەتتى. بۇ بىز زىيالى ياشلار نەزىرىدىكى "تالانت" نىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭ "پىشىپ يېتىلگەنلىكى"، "تالانتى" ئۇچۇن پىشىپ يېتىلمىگەن، ئۇنىڭ ئۇس-

تىگە بىلىمى ئاز بولغان بىزدەكلەر ئۇنىڭغا قول قوياتتۇق، ئەلۋەتتە. بىز ئۇنىڭغا باش قويۇپ چوقۇنغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇغداي يىغىمىدىن كېيىن تۇەنىمىزگە مۇئاۋىن سىياسى كومىسار قىلىپ تەيىنلىنىدىكەن دىگەن گەپلەرمۇ بولغان ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باي ـ كاتتا ئائىلىدىن چىققان نازۇك قىزلارغا خاس زەيىپانە مىجەز ـ خۇلق بولمىغان بولسا، ئەرلەرگە خاس خىسلەت كۆپرەك بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈزى هازىرقىدەك ئاق پۇشماق بولمىغان بولسا، ئەگەر مەن قىز بولۇپ قالغان بولسام، ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى...

شۇ كۈنلەردە، مەن هەر كۈنى تۇرغۇن قېتىم بۇغداي ئېتىزىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز هالدا ئالتۇن باشاقلارغا قاراپ، غەمكىن هەم مەيۇس هالدا، كۈز شامىلىنىڭ سوقۇشى بىلەن بۇغداي دېڭىزىدىن شىلدىرلاپ چىقىۋاتقان غەلىتە سادىغا قۇلاق سالاتتىم، بۇ سادا، خۇددى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئاياللارنىڭ پىچىرلىشىغا ئوخشاش، ماڭا "هوسۇل....هوسۇل..." دەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. بۇ پىچىرلاشلار ـ دىن مۇئاۋىن يېتەكچىنىڭ، سىڭىلچاق شەن شەننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىـ ۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شۇ كۈنلەردە، بىرىنچى قېتىم كۈتۈشنىڭ تەمىنى تېتىدىم، دۇنيادا خىلمۇ ـ خىل كۈتۈش بولىدۇ، هەر بىر ئادەم ئۆمرىدە هەر خىل كۈتۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىمۇ مۇمكىن. بىراق مېنىڭ كۈتكىنىم، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم قاتتىق قايغۇ بىلەن كۈتكىنىم بىر ۋاراق ئىش قەغىزى ۋە بۇغداي ئومىسى توغرىسىدا قاملاشمىغان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان 1 ـ نو ـ

مۇرلۇق يوليورۇق ئىدى!

شۇ كۈنلەردە، ھەر كۈنى دېگۈدەك لېيەندۈيىنىڭ جەڭچىلىرى مېنى "مۇئاۋىن لېيەنجاڭ، نېمىشقا بۇغداينى ئومايمىز؟" "يەنە كېچىكتۈرىدىغان بولسىڭىز گۇناكار بولۇسىز!" دەپ سوراققا ئالاتتى. مەن بولسام "سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇڭلار" دەپلا جاۋاپ بېرەتتىم. ئەگەر مەن جەڭچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش قاراشتىكى كەيپىياتىمنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولسام، جەڭچىلەر مانا مۇئاۋىن لېيەنجاڭ ماقۇل بولدى، قوشۇلدى دەپ، دەرھال كومباينىلارنى غاقىرتىپ بۇغداي دېڭىزىغا ھەيدەپ كىرىشى مۇمكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. دېمىسىمۇ مۇنداق قىلىشنىڭ نېمە قورقۇنچلۇقى بار؟ بۇغداي پىشقاندىن كېيىن ئورۇش كېرەك-تە. بۇ ئاددىيلا بىر ئىشقۇ! ئادەتتىكى بىر ئىشقۇ! بىراق، ئادەم دېگەن رېياللىق ئالدىدا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر نەرسە بولۇپ قالىدىكەن!

ئەمەلىيەتتە، مەن باشاقلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئويلىمايتتىم، باشاقلارنى خوش قىلىشنىمۇ ئويلىمايتتىم. لېكىن، ئۆسۈپ يېتىلىشنى، پىشىپ يېتىلىشنى ئويلايتتىم. باشاقلارنىڭ "ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى" دېگىنىنى ئاڭلاشنى ئويلايتتىم. مەن ھەمىشە بۇغداي ئومىسىغا قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ بۇغداي ئومىسى توغرىسىدىكى 1-نومۇرلۇق يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىشنى ئۆزەمنىڭ "پىشىپ يېتىلگەن"لىكىمنىڭ بەلگىسى دەپ قارايتتىم. مەن سىناقتىن ئۆتۈشنى كۈتەتتىم، لېكىن نەتىجىدە، ھەممىدىن ئاۋال يامغۇر پەسلىنى كۈتۈۋالدۇق...

مەن يىقىلغان پىشقەدەم لېيەنجاڭنى يەنە بىر قېتىم يۆلىگىنىمدە، باياتىن ساۋ گەنشىنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ سالماي، چوڭ خاتالىق

ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

ليەندۇي ئىشتاۋىغا كىرسەك، ساۋ گەنشى ئۇستەل يېنىدا راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ، ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان «لېنىن ئەسەرلىرى»دىن خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى كۆچۈرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇ دىۋىزىيە بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزىرىيىسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ دىۋىزىيە بويىچە «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىلا ئەمەس، بەلكى «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»نىمۇ ئوقۇپ چىققان بىردىن ـ بىر كىشى ئىدى. «بىڭتۇەن جەڭچىسى گېزىتى»دە ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ماقالىلارمۇ بېسىلغان ئىدى، ماقالىلاردا ئۇنى «لېنىن ئەسەرلىرى»نى ئوقۇشقا باشلىدى دېگەن گەپمۇ يالغان ئەمەستەك تۇراتتى. گېزىتتە ئۇ پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى كادىرلارغا ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزىرىيىسىدىن دەرس ئۆتۈپ، ئومۇمى يۈزلۈك ئالقىشقا ئېرىشتى دەپ تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. دىۋىزىيە پارتكومى ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. ئۇنى تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولغانلىقىنى ھەرگىز يامان قىپتۇ دېگىلى بولمايتتى.

پىشقەم ليەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىدى. بىز لام ـ جىم دېمەستىن، پاتقاققا مىلەنگەن يامغۇرلۇقىمىزنى سېلىپ تامغا ئاستۇق ـ دە، ئۆزۈن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئەمدىلا ئولتۇرغان پىشقەدەم ليەنجاڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستەلدىن بىر چوڭ چىنىنى ئالدى ـ دە، ئىدىشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سۇ ئالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم، ئىچىمدە بۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىكەن، ئۆزىنى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، ھىلىلا مەن

ھاقارەتلىگەن ئىددىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا دىققىتىنى چاچماس-
تىن «لېنىن ئەسەرلىرى»نى ئۆگىنىۋاتقىنىنى قارا، دەپ ئۆيلىدىم،
راستىنى ئېيتسام، مەن ھەرگىز مۇنداق قىلالمايتتىم.
ئۇ قولىدىكى قەلەمنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى ئۈستەل ئۈستىگە
قويۇپ، ئۇزاققىچە ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى:
— باياتىن ئېتىز بېشىدا مېنى ئۇرماقچى بولدۇڭ، راستمۇ؟
— مەن ھازىرمۇ بۇ نىيىتىمدىن يانغىنىم يوق، — دەپ ئوچۇق
قىلىپ جاۋاپ بەردىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ.
ئۇنداق بولسا نىمىشقا ئۇرمىدىڭ؟ ئۇرۇشۇشقا توغرا كەلسە
مەن ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن-دە!
— شۇنداق بولغاچقا، مەن نىيىتىمنى ھەركىتىمدە كۆرسەتمىدىم.
— ھارامزادىلىك قىلىۋاتسەنغۇ دەيمەن؟ — ئۇ ئىشەنمىگەندەك
قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، — بەلكىم مېنىڭ كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ
تۈەنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارى بولىدىغانلىغىمنى ئەستە تۇت-
قانسەن؟ مەن پسىخولوگىيىگە دائىر كىتاپلارنى ئوقۇغان، — ئۇ جاۋ-
غايلىرىنى سەل مىدىرلىتىپ ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان
ھىلىقى ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدىغان كۈلكىسىنى كۈلدى.
— مەن خاتا ئويلىغانلىغىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن...، — دىدىم-
دە، بىردىنلا مۇشتۇمۇمنى تۈگۈپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.
پېشقەدەم لىيەنجاڭ قولۇمنى تۇتۇۋالدى.
— توسماڭ، ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ باقاي، — ئو يەنىلا ئىككى
قولىنى ئۈستەلگە قويغان پېتى مىدىرلىماي سوراقچىلاردەك ئولتۇردى.
— سەن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاساس تېپىش ئۈچۈن ئۇنى خاتالاش-
تۇرماقچىغۇ؟ — ياخشى گەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن خاتالىشىپ بېرەي،

— دەپ پىشقەدەم لیەنجاڭ مىنى ئىتتىرىۋەتتى-دە، چىنىدىكى سوغاق سۇنى بىر تىنىمىمۇ قالدۇرماي ئۇنىڭ يۈزىگە چاچتى.

— سەن...، — ئۇ ھەيران قېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

ئارقىدىنلا ئىككىنچى چىنە سۇمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە چېچىلدى.

ئۇ تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.

3 -، 4 -، 5 - چىنە سۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە چېچىلدى. پىشقەدەم لیەنجاڭ بەئەينى يەر سۇغارغاندەك، بىمالال ھەركەت قىلاتتى.

ئۇ ئاخىر ئۇر - ئۇرغا قالغان ئىتتەك ليەندۈي ئىشتاۋىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

پىشقەدەم لیەنجاڭ قولىدىكى چىنىنى يەرگە شۇنداق ئۇردىكى چىنە پارا - پارا بولۇپ كەتتى.

— ئاناڭنى! مىنىڭ...مىنىڭ قولۇم بەك يۇمشاق ئىكەن! نىمىشقىمۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن سىلەرنى باشلاپ بۇغدايىنى ئو-مىدىم - ھە! ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئالدىدا خىجىلمەن!...

پىشقەدەم لیەنجاڭنىڭ بەدىنى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئىدى، ئۇ لاسسىدە ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى پولاڭلىتىپ بېشىغا ھە دەپ مۇشتلىغىلى تۇردى.

پىشقەدەم لیەنجاڭنىڭ سۆزلىرى قەلبىمگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلدى.

— لیەنجاڭ، مىنى ئۇرۇڭ! — دەپ ۋاقىرىدىم - دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم، — كۆپچىلىكنى باشلاپ ماڭمىغان گۇنا مەندە، ئەمىلىيەتتە، مەن بىر ئېغىزلا گەپ قىلسام....

مەن ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتىم. ئۆز گۇنايىمنى چۈشەندىم.

ئۈستەلگە چۈشكەن سۇ ھىلىقى «لېنىن ئەسەرلىرى»نى، دئۇبزىيە بويىچە ئەڭ مەشھۇر ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزىرىيىسى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھىلىقى چىرايلىق خاتىرە دەپتىرىنى، بۇغداي ئومىسى قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ:

"بۈگۈن، بۇغداي ئومىسى قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ باش قوماندانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 3 ـ تۈەندە بۇغداي ئومىسىغا قەسەمىيات قىلىش يىغىنى چاقىرىلدى. ھاۋا ئوچۇق، بۇلۇتتىن ئەسەر يوق. ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بۇغداي دېڭىزى قۇياش نۇرىدا جىلۋە قىلماقتا..."
دېگەن قۇرلار يېزىلغان 1 ـ نومۇرلۇق يولىيورۇغىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

بۇلتۇر ئالدىراپ ـ تېنەپ سالغان لىيەندۇي ئىشتاۋى ئىچكى ـ تاشقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدىن تەركىب تاپقان ئىدى. ساۋ گەنشى ئىچكىرىكى ئۆيدە ياتاتتى، مەن تاشقارقى ئۆيدە ياتاتتىم.

شۇ كۈنى كېچىدە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئوڭدامغا يېتىپ پىكرىم ھەر ياققا چېچىلاتتى، سىرتتا يامغۇر شارىلداپ چۈشۈۋاتاتتى، شارىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر دەرىزە ئەينىكىگە كېلىپ ئۇرۇلۇپ، تارس ـ تۇرس ئاۋاز چىقىراتتى. ئوتتۇن تېپىپ كېلىشكە كۆڭلۈم بارمىغاچقا، كاڭغا ئوت قالىمىغىلى نەچچە كۈن بولغان ئىدى، يوتقان ـ كۆرپىمۇ مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. نۆۋەتتە تۇرۇپ ئىشلەش گۇرۇپپىسى باشلىغىنىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق ئىدى، ئەمما تاپا ـ تەنە قىلىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھوقۇقۇم بار دەپ ھىساپلايتتى. ئۇنىڭ تاپا ـ تەنە ۋە نارازىلىق گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىقا سېلىپ يۈرەتتىم. ئۆيى شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، بەش بارماقنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆزەمنى گويا بۇ كەڭ دالىدا يامغۇرلۇق كېچىدە ياتقان بىر

جەسەت ساندۇغۇدەك ھس قىلاتتىم. يالغۇزلۇق ۋە پەرىشانلىق تۇي-غۇسى مەنــدە تەسۋىــرلەش تەس بولغان بىر خىل قايغۇ-ھەسرەت پەيدا قىلدى. مەن ئىچىمدە مۇئاۋىن يېتەكچى، "مور"نى، سىڭىلچاق شەن شەنلەرنى ياد ئېتەتــتىم. ئۇلارنىڭ "مەنگەي دالسى"نىڭ قارا تۇپرىغى ئاستىدا ئۇيقۇدا ياتقىنىغا 500 نەچــچە كۈن بولغان ئىدى. مەن مۇئاۋىن يېتەكچىنىڭ «قايغۇسىــز ئالــما» دېــگەن ھېكايىسىنى، "مور"نىڭ خوشال ئىسقىرتىشىنى ئەمدى ئاڭلىيالمايتتىم.

سىڭىلچاقنىڭ غەمكىن ئەمما مېھرىبانلىق قارا كۆزلىرى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈگە غايىپ بولغان ئىدى. ئۆلۈم دېگەن سۆز ئانچە قورقۇنچلۇق بولمىسا كېرەك. قورقۇنچلۇقى "مەڭگۈ" دېگەن سۆز ئىــدى. بۇ سۆز ھايات كىشىلەرگە بىرئاز خىيالىي ئۇمىت ياكى خىــرە ئارزۇمۇ بېغىش-لىمايتتى. ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ دېگەن سۆزنى ئىجات قىلغانلىقلىرى



ئۈچۈن چەكسىز پۇشايمان يىگەنلىگى چوقۇمدەك تۇرىدۇ، شۇڭا ئۆلگۈچىنى "قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات" دېگەن سۆزلەر بىلەن تەس- ۋىرلەيدىغان شەكىلنى ياراتقان بولسا كېرەك. بۇنى ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىش دېگەندىن كۆرە، ھايات تۇرغانلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش دېگەن تۈزۈك. ئەگەر ئۆلگەنلەر راستلا "بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات" بولىدىغان بولسا، مەن كۆكرىگىمنى يېرىپ، يۈرىكىمنى ئېلىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، گۈزەل ھەم قىزغىن مۇئاۋىن يېتەك- چىنى، تۈز ھەم ئاقكۆڭۈل "مور"نى، پاك ھەم غەمكىن سىڭىلچاقنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزەمنى "مەنگەي دالىسى"نىڭ قارا تۇپرىغى ئاستىغا كۆمۈشنى خالىغان بولاتتىم. مەن ئۆز ئۆلۈمۈم بەدىلىگە ئۇلار بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارت- مايتتىم. ھەتتا بۇ قىسقىغىنە پۇرسەت ئىچىدە "مەن سىلەرنى سۆيىمەن" دېيىشكىلا ئۈلگۈرەلىسەممۇ مەيلى ئىدى. ئۆتۈپ كەتكەن 500 نەچچە كۈننىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك، مەن، ئۇلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشقان ھالدا ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈۋاتىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇرنى ساقلاپ كەلدىم...

"مەنگەي دالىسى"غا قەدەم تاشلىغان كۈندىن تارتىپ، مەندە خىجىل بولۇش ھېسسىياتى تۇغۇلۇپ باقمىغان ئىدى. "مەنگەي دالىسى"نى بوي سۇندۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كىشىلەرنىڭ باھاسىدىن ئۆتەلەيمەن دەپ ھېس قىلاتتىم. ئەپسۇسكى بۈگۈن، پىشقەدەم لىيەنجاڭنىڭ لىيەندۈي ئىشتاۋىدا ئېيتقان سۆزى ئۆزەمگە بولغان ئىشەنچىمنى تېرە-پېرەك قىلىۋەتتى.

مەن نىمە ئۈچۈن بۇغداي ئۇممىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىنىڭ چۈشۈرگىلى ئۇنۇمايۋاتقان بۇغداي ئۇممىسى توغرىسىدى-

كى 1 ــ نومۇرلۇق يولىيورۇغىغا بوي سۇنىمەن ــ هە!
شانلىق مول هوسۇلنى نابۇت قىلغان بىر ۋاراق قەغەز!...
چاشقانلار كىترلاپ، ئۆينىڭ تورىسىدىكى ۋاسا ياغاچلارنى زىرىك-مەي غاجايتتى.
ساۋ گەنشى ئىچكەركى ئۆيدىن يوتقان ــ كۆرپىسىنى كۆتەرگەن پېتى چىقىپ، سىلاپ يۇرۇپ يېنىمغا كېلىپ ئورۇن سالدى، ئۇ خۇددى ئالۋاستى كۆلەڭگۈسىدەك ئۇن ــ تىن چىقارماي كاڭغا چىقتى ــ دە، يوتقىنىغا كىرىپ كەتتى.
مەن مىدىر ــ سىدىر قىلماي ياتاتتىم، ئىچكەركى ئۆيدىن يامغۇر ئۆتتى بولغاي دەپ ئويلىدىم، بولمىسا ئۇ مېنىڭ زىمىنىمغا بېسىپ كىرمەس ئىدى.
ــ ئۇخلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.
مەن جاۋاپ قايتۇرمىدىم.
ــ تاماكا چېكەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى يەنە.
مەن يەنىلا جاۋاپ قايتۇرمىدىم.
ئۇ بىر ئۆرۈلدى ــ دە، سەرەڭگە چاقتى. سەرەڭگىنىڭ خىرە يورۇ-غىدا چاشقانلارنىڭ كىترلىغان ئاۋازى توختىدى. قارىسام تۇرۇس-نىڭ يېڭى خۇيلىغان قەغەزلىرىدىن بىرنەچچە تۆشۈك ئېچىلىپ قاپتۇ. 3 سۇڭ كېلىدىغان بىر چاچقان قۇيرۇغى بىر تۆشۈكتىن ساڭگىلاپ چىقىپ ئاستا سەزگۈرلۈك بىلەن مىدىرلاپ تۇراتتى. بۇ بەدىنىدە قارا بولماچ يول بار بىر خىل ياۋا چاشقان ئىدى. بۇ چاشقانلار ياۋايى تۇرمۇشنى ياقتۇرماي، كىشلەر بىللە يېتىپ-قوپۇشنى خالايدىغاندەك قىلاتتى. بىز سالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەۋلات قالدۇرىدىغان ئۇۋىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇلار

بەدىنىدە ناھايىتى ياراشقان بولماچ يولى بار چاشقانلار بولغاچقا، باشقا چاشقانلارغا قارىغاندا ئۇلارغا كەڭ قوساقلىق قىلاتتۇق. بۇ جانلىقلارنى بىزگە تەھدىت سالدى ۋە داۋاملىق تەھدىت سالدۇ دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى.

ساۋ گەنشى ياستۇقتا يۆلىنىپ تاماكىسىنى شورىغىلى تۇردى، سەرەڭ-گى ئۆچتى، ئۆينى يەنە قاراڭغۇلۇق باستى.

— سىلەرنىڭ مەندىن ئاغرىنىشىڭلارنىڭ ئورنى يوق، ئويلاپ باق، دىۋىزىيە باشلىقى بولسا بۇغداي ئومىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىنىڭ باش قوماندانى، دىۋىزىيە باشلىقى ئۆزى نۆۋەتتە تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان 3-تۈەندىمۇ تېخى ئومىنى باشلىمىدى، بىز ئالدى بىلەن ئومىنى باشلىۋەتسەك دىۋىزىيە باشلىقىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپقان بولمايمىزمۇ! مېنى دىۋىزىيە باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇغداي ئومىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن، مەن سىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئوما قىلىشىڭلارغا قوشۇلىدىغان بولسام، ماڭا كېلىدىغان زىيان ... ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بول-ساڭ، سەنمۇ بۇنى نەرەرگە ئالغان بولاتتىڭ...، — ئۇ قاراڭغۇدا، قوسىغىدىكىنى ئېيتىپ، ئەپۇ قىلىڭلار، يارىشايلى دېگەندەك قىلدى.

مەن خېلى بىر ۋاقىت جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— جىندىن قورقامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا:

— نىمە دېگىنىڭ بۇ؟ — دەپ يانىدۇرۇپ سورىدى.

— بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 3 زىيالى ياش ئەزىز جېنىد-نى قۇربان قىلدى، — دېدىم مەن سوغاق تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ-نىڭ بىرسى مېنىڭ سىڭلىم، ئۇلارنىڭ روھى كۆنىلەرنىڭ بىرىدە

سىنىڭ ئالدىڭدا ئايان بولىدۇ، ئېھتىمال سېنى تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارى قىلىپ تەيىنلىگەن كۇنى ئايان بولۇشى مۇمكىن.
ئۇ چاغدا، ئۇلار سېنىڭدىن جېنىمىز بەدىلىگە كەلگەن بۇ يەردىكى ھوسۇلىنى نىمىشقا نابۇت قىلىۋەتتىڭ دەپ سورىسا، سېنىڭ ۋىجدانىڭ ئازاپلانامسىمۇ؟ سەن ئۆزەڭنى مەندە ھېچ گۇنا يوق دەپ ھىساپلامسەن؟... ئەلۋەتتە، ئۇلار مەندىنمۇ شۇنداق سورايدۇ...
— مەن كىچىك بالا ئەمەس. مەن ماركسىزىم - لېنىنىزىمغا، ماتېرىيالىزىمغا ئېتىقات قىلىمەن. ئىنقىلاپ بولغان ئىكەن قۇربان بېرىش بولىدۇ، ئادەم ئۆلىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ...، — ئۇ شۇنچە تەمكىن، شۇنچە يېنىك سۆزلەيتتى.
مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا سۆزلىششنى خالىماي ئۆرۈلۈۋالدىم.
— ئاڭلاپ تۇرغىنا، — دىدى ئۇ تۇيۇقسىزلا، — نىمىنىڭ ئاۋازى؟ بىرسى دەرىزىنى چېكىۋاتىدۇ.
— ئۇلارنىڭ روھى. ئۇلار كەلدى، — دەپ جاۋاپ بەردىم تەمكىن ھالدا. مەن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمىغان ئىدىم.
— راست گەپ! بىرسى دەرىزىنى چېكىۋاتىدۇ! — ئۇنىڭ ئاۋازى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ يوتقىنىغا چىڭ ئورۇلۇپ، دومۇلاپ يېنىمغا كېلىۋالدى.
دىگەندەكلا بىرسى دەرىزىنى چېكىۋاتاتتى. مەن شۇ تاپتا پەس يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.
مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، بۇ يىغا ئاۋازى سىڭلىمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ تۇراتتى!
— سەن... نىمە قىلماقچىسەن؟ ئىشىكنى ئاچما! ماتېرىيالىزىمچى مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قورقۇنچ باس-

قان ئىدى.

مەن ئۇنى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتىم. ئۇنىڭ بېشى بېرىپ جاقىلىيە تامغا تەگدى. مەن سەكرەپ چۈشۈپ، سىرتتىكى يامغۇر سۈيىنىڭ ئۆيگە ئېقىپ كىرگەنلىگىنى بىلدىم، ئايىغىمنى سۇ لەيلىتىپ ئېقىتىپ كېتىپتۇ. مەن تىمسىقلاپ يۈرۈپ تاتمىسنى ئېچىپ، قول چىرىغىنى تېپىپ، سۈنى كېچىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. خۇددى توغان ئېچىلىپ كەتكەندەك يامغۇر سۈيى ئۆيگە توسالغۇسىز كىرگىلى تۇردى.

قول چىرىغىنى يورۇتۇپ قارىسام، ئالدىمدا پىشقەدەم لىيەنجاڭ-نىڭ كىچىك قىزى جۈەن جۈەن تۇرۇپتۇ. بۇ 6 ياشلىق قىز تامغا چاپلىشىۋاپتۇ، لەمپىدىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى خۇددى بىر پەر-دىدەك ئىككىمىزنى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا يامغۇرغا دال بولغۇدەك بىر پارچە سولياۋمۇ ئېلىۋالماپتۇ، يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ تىزىدىن ئاشقان ئىدى. ئۇ خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بىچارە جانىۋاردەك تىترەيتتى، ياش بىلەن يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ يۈزىدە گىرەلىشىپ ئاقماقتا ئىدى.

— جۈەن جۈەن، نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— دادام ئاغرىپ قالدى... — دىدى-دە، ۋارلا قىلىپ يىغلىۋەتتى...

پىشقەدەم لىيەنجاڭ كاڭدا ھۇشسىز ياتاتتى. كاڭنى سىلاپ باقسام مۇز چىقىپ تۇراتتى. پۈتۈن "مەنگەي دالىسى"دىن بىرەر باغلام قۇرۇق ئوتۇن تېپىش تەس ئىدى.

بۇ ئىنتايىن ئاددى، داق ئۆيدە ياپقىلى بولىدىغانلا نەرسىنىڭ ھەممىسىنى جۈەن جۈەن دادىسىغا يېپىپ قويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ

مۇز چىقىپ تۇرىدىغان بۇ كاڭدا، ئۇ قورۇلۇپ غۇجمەك بولۇپ قالغان ئىدى ھەمدە توختىماي غال ـ غال تىترەيتتى.

ئۇنىڭ چېكىسىنى ئاستا سىلىسام، ئۇ شۇ دەرىجىدە قىزىغانكى، دەر ـ ھال قولۇمنى تارتىۋالدىم.

ئارقامغا ئۆرۈلدۈم ـ دە، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتىم.

كوللىكتىپ ياتاقخانىغا بېرىپ سانىتارنى تېپىپ كەلدىم.

ئۇ تېرمومېتىرنى پىشقەدەم ليەنجاڭنىڭ قولتۇغىدىن ئالغاندا، تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدىم:

ــ قانچە گىرادۇس؟

ــ 41 گىرادۇس...، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ قاتتىق تەشۋىش بىلەن.

ــ ئېغىر زۇكامدىن بولغانمۇ نىمە؟

ــ بەلكىم... بىراق... بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇنلا ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىغان...

ــ ئۇنداق بولسا، نىمشقا ماڭا دىمىدىڭ؟ ــ دەپ ھۆكۈرىدىم. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى مەن ئۇنى سۆرەپ يۈرۈپ بۇغدايلىقنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىگىمنى ئويلاپ، شۇ زامات ھوشسىز ياتقان بۇ كىشى ئالدىدا خىجىل بولۇشقا باشلىدىم.

سانىتار بېشىنى سالدى ھەمدە ئەيمەنگەن ھالدا:

ــ ئۇ... ساڭا ئېيتىشقا رۇخسەت قىلمىدى...، ــ دىدى.

مېنىڭ غەزىۋىم تېخىمۇ ئۆرلەپ، ئۇنى قاتتىق ئەيىپلىدىم:

ــ بۇ گەپچە، سەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپسەنــدە! ئەگەر ئۇنىڭ قىزىتمىسىنى ياندۇرمايدىغان بولساڭ، كۆرىدىغىنىڭنى كۆرستىمەن!

ــ ئۇ... ئۇ مەن ئاغرىپ يېتىپ قالسام مۇئاۋىن ليەنجاڭ يۆلەن ـ

چۆكسز قالارمكن دەپ قورقمەن، — ددى، مەن قزتمنى ياندۇردغان نەچچە ئوكۇل ئۇردۇم...، — ددى سانستار كۆزگە ياش ئېلپ.

— قۇرۇق گېپڭنى قوي! ئوكۇل ئۇر! ئەڭ ئۈنۈم بېردغان ئوكۇلدن ئۇر!.

— بەينەندن ئوكۇللا بار...

مەن قايتا بر نەرسە دمدم، پشقەدەم ليەنجاڭنڭ ئۈستدكى نەرسلەرنى بر-برلەپ ئېلپ تاشلاپ، سانستارغا ياردەملشپ ئۇنڭ تۈگملرنى يەشتم.

— قول چرغنى پەسرەك يېقڭ، — ددى سانستار قولدا ئوكۇل يڭنسنى تۇتقان پېتى هودۇقۇپ. ئۇ يڭننى قويۇپ يېقن كېلپ، پشقەدەم ليەنجاڭنڭ كۆكرگنى ئىنچكە تەكشۈردى. ئاندن كېين ئۇنڭ قاپاقلرنى ئۆرۈپ، ئىڭەكلرنى تۇتۇپ، بلەكلرنى كۆتەردى...

ئۇنڭ بۇ تەكشۈرۈش تەرتپلرگە قاراپ يۈرۈگۈم قاتتق سېلشقا باشلدى.

— ... بولۇپ قالمسۇن يەنە، — ددى ئۇ ماڭا قاراپ، — قاناش قزتمسى...، — دگەن ۋەهمىلك سۆز چقتى ئۇنڭ ئاغزدن.

قولۇمدن قول چرغى چۈشۈپ كەتتى، قاراڭغۇلۇق بۇ كچك ئۆيدكى 3 چوڭ ئادەم، بر كچك قزنى ئۆز قوينغا ئالدى...

ۋەهشى ۋابا ئىلاهنڭ كۆلەڭگۈسى مەنگەي دالسدا يەنە ئايلنشقا باشلدى ئۇ جاننى شام ئۆچۈرگچلك ئاسانلقتا ئالاتتى. ئۇ شۇ دەرجدە رەهمسز ئىدكي، هەتتا كشلەرگە ئازراق بولسمۇ

قارشلىق كۆرسەتكۈدەك ۋاقتمۇ بەرمەيتتى. ھەتتا بەلگىسمان قارشلىق كۆرسىتىشكىمۇ ۋاقىت بەرمەيتتى. ئۇ سۆيۈملۈك قىزىمىنى، مېھرىۋان سىڭلىمنى ۋە قەدىرلىك سەپدىشىمنى مەندىن ئايرىپ ئېلىپ كەتتى، ئەمدىلىكتە بولسا لىيەندۈينى قۇرغۇچىلار ئىچىدىن قۇربانلىق تاللىماقچى بولىۋاتىدۇ!

"قاناش قىزىتمىسى" دىگەن گەپ ئەتىسى ھەرقايىسى لىيەندۈيلەرگە تارقالدى. ھەرقايىسى لىيەندۈيلەردە بىر تۈركۈم يېڭىدىن قاناش قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىغانلار پەيدا بولدى. بەزىلەر تېخى يوشۇرۇن ھالەت باسقۇچىدا، بەزىلەر كېسەل تۇتۇش باسقۇچىدا تۇراتتى. توختىماي يېغىۋاتقان كۈز يامغۇرى "مەنگەي دالىسى"دا پەيدا قىلىغان زەھەرلىك نەم دالا ۋاباسىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇراتتى. كېسەللەرنى تۈەنىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىشنىڭ ئامالى يوق ئىدى. تاشقان دەريا سۈيى ۋە زەيكەشلىكنىڭ سۈيى تۈەن ئىشتاۋىغا بارىدىغان ھەممە يولنى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى. "مەنگەي دالىسى" كەڭ بىپىداخۇاڭدىكى (شىمالىي چۆللۈك) يەككە ئارالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ماشىنا تاشقان دەريا ۋە زەيكەشلىكتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قاناش قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىغانلار ماشىنىنىڭ يولدا قاتتىق قاڭقىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

كېسەللىك ئالامىتى روشەن بولۇپ، قاناش قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىغان 8 نەپەر ئادەمنىڭ ساقىيىش ئۈمىدى لىيەندۈينى قۇرغۇچىلاردىن بولغان 5 نەپەر سانىتارغا باغلانغان ئىدى. قىسقا مۇددەت تەربىيە كۆرگەن 5 نەپەر سانىتار بولسا، بۇنداق ئۈمىتنى چەكلىك دورا سېلىنغان ساندۇغىغا، كېسەللەرنىڭ ئىممۇنىت كۈچىگە باغلىغان ئىدى. ئۇلار ئەڭ قىممەتلىك دورا — گىلىكوزانى مەركەزلەشتۈرۈپ

ئىشلەتمەكتە ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە ئادەم ھاياتىغا خەۋپ سالىدىغان قاناش نۇقتىلىرىنىڭ بار-يوقلۇغىنى توختىماي تەكشۈرەتتى. بىرەرسىنىڭ بەدىنىدىن قاناش نۇقتىسى ئۇچرىتىلغان ھامان ئۇ خۇددى پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمدەك كارۋاتقا دۈم چۈشەتتى-دە، مىدىرلىمايتتى. سانىتارلارنىڭ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەپ قىلىش ئارزۇسى ھالى خاراپ 5 دورا ساندۇغى دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى. تىرناق ئاستىدىكى ئاددى قاناش نۇقتىسى كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە غايەت زور ۋەھىمە قوزغايتتى. بۇغداي ئومىسىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتاۋىنىڭ ئوما لايىھەسى كىشىلەر قەلبىدە پەيدا قىلغان غەزەپلىك كەيپىيات ئۆز ئۆزىدىن ئۆچۈپ كەتتى. كىشىلەر كۆزلۈك يامغۇر، بۇغداي، ھوسۇل ئۈستىدە گەپ قىلمايتتى، قاناش قىزىتمىسى ئۈستىدىلا سۆزلەشەتتى. بۇ تېمىغا زىچ ئالاقىدار بولغان، ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولغان ئاتالغۇلار — ئاغرىق تەنىنىڭ قىزىرىشى، قاناش نۇقتىسى، كۆز ئالمىسىدىكى بىرىكتۈرگۈچى پەردە، يۇمشاق تاڭلاي ئورنى دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار ئۈستىدىلا گەپ-سۆز قىلىشاتتى...

پىشقەدەم لېينجاڭنىڭ قەيسەر يۈرىگى ھوشسىز ھالەتتە، بىر قېلىپتا 32 سائەت سوقۇپ، ئاخىر توختىدى، بۇ كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيتتى. ئۇ ئارام تاپتى. مەڭگۈگە...

"قەلبىمىزدە ھايات" ياشايدىغانلاردىن يەنە بىرسى قوشۇلدى.

مېنىڭ قەلبىمدە يەنە بىر ئوبراز، يەنە بىر غەم-قايغۇ كۆپەيدى. كىچىككىنە قەلبكە چوپ-چوڭلا 4 ئادەم قانداق پاتسۇن! ئېھتىمال ئۇلار قەلبتىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە زىمىندا غەم-قايغۇسىز "ياشاش" نى ئارزۇ قىلىدىغاندۇ؟ ياكى بۇ زىمىن بەك تار بولغاچقا كۆپ

غەم ـ قايغۇنى سىغدۇرالامسۇ؟ ئۇ كۆيۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.
بۇ 32 سائەت ئىچىدە، پىشقەدەم لىيەنجاڭ ھۇشىغا كەلگەن ئاشۇ دەقىقىدە بىرلا جۈملە سۆز قىلدى:
ــ مىۋە كونسىرۋىسى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.
بىچارە ''مەنگەي دالىسى''دىكى 5 لىيەندۈيدىن بىرەر قۇتا مىۋە كونسىرۋىسى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ئاشپەزلەر بەنجاڭكى كۆكتات ئۇرىسىدىن مۆللىدە ياشىرىپ تۇرغان چوڭ بىر تال سەۋزىنى تاللاپ ئېلىپ ۋە قىرىپ 4 چاسا قىلىپ كېسىپ، بىر كونسىرۋا قۇتىسىغا سېلىپ، شېكەر سۇيىگە چىلاپ ماڭا بەردى، مەن ئۇنىڭغا بىر قوشۇق ئىچۈردۇم.
ئۇ ''كونسىرۋا سۇيى''دىن بىر قوشۇق ئىچكەندىن كېيىن مۇنۇ سۆزنى قىلدى:
ــ ئېمەن دەرىخى...
بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.
ئۇ بۇ سۆزنى دەپ بولۇپلا بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كۆزىنى يۇمدى. ئۇ خۇددى چارچاپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئادەمگە ئوخشايتتى.
ئۇنىڭ شەندۇڭلۇق يۇرتدىشى ئاشپەزلەر بەنجاڭى ئارقىچە تۇرۇپ:
ــ لىيەنجاڭ، مېنى سەۋزە بىلەن ئالدىدىڭ دەپ ئاغرىنماڭ...، دىدى ئاستاغىنە كۇسۇلداپ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ.
......
4 تىراكتور گۈرۈلدەپ كېلىپ، تۆمۈر تۇمشۇغى بىلەن ئۇنىڭ 4 تېمى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيىگە بىر ئۇرۇلۇۋېدى، ئۆي گۇپپىلا قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ قەۋرىسى تەييارلاندى. ئۆي بىساتى ھېساپلانمايدىغان پۈتۈن ئۆي بىساتى بىلەن قوشۇپ دەپنە

قىلىندى،

دەپنە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قاراپ، ئۈنۈمىنى چىقارماي تۇرۇپ يىغلىدىم.

قۇچىغىمدىكى جۇەن جۇەن:

— دادا، دادا! سىلەر بىزنىڭ ئۆينى نېمىشقا بۇزۇسىلەر؟...، — دەپ چىقىرايتتى، مېنى تاتىلايتتى، چىشلەيتتى، چاچلىرىمنى يۇلاتتى، مەن بولسام ئۇنى شۇنچە باغرىمغا چىڭ باساتتىم.

ماتەم مۇراسىمى دەپنە مۇراسىمىغا ئوخشاشلا ئاددى ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن لېيەندىكىلەر يامغۇردا ئۇنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا ئۇزاققىچە سۈكۈتتە تۇردۇق.

ئۆزەمنىڭ مەرھۇمغا بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسەن، پۈتۈن لېيەندىكىلەرگە پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى بايان قىلدىم:

"ۋاڭ ئەنيۇ، ئەر. 46 ياش، ج ك پ ئەزاسى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، بىر قېتىم بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككى قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن..."

مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ لېيەندۇيىمىز "مەنگەي دالىسى"غا كۆچۈش ئالدىدا، ئۆيىنى يوقلىغىلى خېيىيگە كېتىپلا كەلمەي، ئۇنىڭغا "مېنى قايتىپ كېلىپ بىرگە تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ دەپ ئۈمىت قىلماڭ!" دەپ خەت يازغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ بولسا دائىم باشقىلارغا "ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى" دەيتتى. بۇ گەپنى ئۇنىڭ ئارزۇسى دېگەندىن كۆرە، بىر ئەرنىڭ ئۆز ئىپتىخارىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئالداپ ئېيتقان يالغان گەپ دېگەن تۈزۈك بولاتتى.

مەن شۇنىمۇ بىلەتتىمكى، 30 نەچچە ياشلىق بىر قىز ئۇنى

چىن كۆڭلىدىن سۆيەتتى. بۇ قىز ئەسلىدە مەلۇم بىر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەرتىسى بولۇپ، ئىدىيىسى ئەكسىيەتچى بولغانلىغى ئۈچۈن» ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلسۇن دەپ بېيداخۇاڭغا تەقسىم قىلىنىپ، ليەندۇيىمىزدە چوشقا باققان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن بىر كۈنى يېرىم كېچىدە قېرىنداش ليەندۇيلەردىن ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ، چوشقا قوتۇنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ليەنجاڭنىڭ بۇ قىزنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەن كەپىسىدىن چىقىپ، غىپپىدە كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ قىز ئىشىككە يۆلىنىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈزاققىچە قاراپ تۇرغان ئىدى. بۇ قىز مېنى كۆرۈپ قېلىپ چۆچۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ زاماتلا مېنىڭ ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا يىغلىغىلى تۇردى:

"مەن تېخى ياتلىق بولمىغان قىز، مەن ئۇنى سۆيۈشكە ھەقلىق، ئۇ خوتۇنىدىن مەھرۇم بولغان ياخشى ئەر ئىكەن، بىزنىڭ ئىشىمىزنى سىزلا بىلىپ قېلىڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي..."

مېنىڭ زۇۋان سۈرمىگىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

"بېرىپ مەلۇم قىلىڭ! ئۇنى مەن ئەگەشتۇردۇم، شۇنداق دەپ مەلۇم قىلىڭ! بېرىڭ!..."

شۇ كېچىسى مەن خىرە ئايدىڭدا بىر ئايالنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن تولغان چەكسىز ئىنتىزارلىق قەلبىنى كۆردۈم ھەمدە بىر ئايالنىڭ قەيسەرلىگىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭغا:

— "مەن مەلۇم قىلمايمەن،... دىدىم-دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدىم... ليەندۇيىمىز "مەنگەي دالىسى"غا كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ جىنايىتى يەڭگىللىگەندەك بولۇپ، تۇەنىنىڭ ئامبىرىغا قاراشقا

يۅتكەلدى.

مەن ئۇنىڭ پىشقەدەم لىيەنجاڭغا كىشلەردىن: سىز مېنى ئەمدى ڭىزگە ئېلىش نىيىتىگە كەلگەنلا بولسىڭىز، مەن ”مەنگەي دالىسى غا بېرىپ، ئۅمۈرلۈك ھەمرىيىسىڭىز بولىمەن...، دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنلىگىنىمۇ بىلەتتىم...

ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىگىنى بىلمەيتتىم. مەن تۇرمۇش لەززىتىنى كۅرەلمىگەن پىشقەدەم لىيەنجاڭنى ياخشى كۅرەتتىم.

پىشقەدەم لىيەنجاڭ تېخى قېرى ئەمەس ئىدى. ئۇ قوپارغۇ بىلەن تىراكتۇرنى ئورنىدىن قوزغىيالايتتى، پاتقاققا پېتىپ قالغان ھارۋىنى مۈرىسى بىلەن كۅتىرىپ چىقىرالايتتى. ئۇ بازغاندەك قوللىرى بىلەن بىر ئامبۇرنى تولغاپ سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى!

ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچە ئوڭاي ئاياقلاشتى!

ئۅلۈم، ”مەنگەي دالىسى“دا مانا مۇشۇنداق قەدىرسىزلىشىپ كەتتى.

قابىل بىر ئەرنىڭ قىسقىغىنە ئۅلۈم تارىخى كىشلەردە ”قاناش قىزىتمىسى“غا نىسبەتەن تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

......

مەن ئىنتايىن چۈشكۈن كەيپىيات ئىچىدە لىيەندۈي ئىشتاۋىغا قايتتىم، ئىشكىنى ئاچسام، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزىرىيىسى ئوقۇتقۇ ـ چىسى قىپ ـ يالىڭاچ بولۇپ، قولىغا بىر كىچىك ئەينەكنى ئېلىۋېلىپ، غولىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىنچىكلەپ قاراپ چىقىۋاتقان ئىكەن...

## 3

ئۆلۆم پۇرىغى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ دالىدىن قاچماقچى بولغان
ئۇن نەچچە زىيالى ياش توپ-توغرا بىر كۈن يول مېڭىپ، يول
ئادىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاخىر يەنە شۇ يول بىلەن ئۆز لېيەندۈي-
لىرىگە يېنىپ كەلدى.

5 لېيەندۈينىڭ ھەر بىرىدىن تاللانغان مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇس-
تۈن 5 نەپەر جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان خەۋەر يەتكۈزۈش گۇرۇپپى-
سى خىل ئاتلارنى مىنىپ، بىر سومكىدىن يېمەكلىك ئېلىپ، تۈەن
ئىشتاۋىغا قاراپ يولغا چىقتى.

خەۋەر يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى يولغا چىققاندىن كېيىن يامغۇر بىر-
ئاز پەسىيىپ، ھاۋا ئېچىلىدىغاندەك قىلدى.

بۇغداي دېڭىزى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلگەن ئىدى.
كىشىلەر ئۆيدىن چىقىپ بېشىنى كۆتەرسىلا ئۇنى كۆرەلەيتتى، بىراق
كىشىلەر ئەسلا يوق نەرسىدەك، ئۇنىڭغا قارايدىغاندەك ئەمەس
ئىدى. مەنلا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارىيالمايتتىم، چۈنكى، لېيەن-
دۈي ئىشتاۋىنىڭ 10 دەرىزىسى بۇغداي دېڭىزىغا قارىتىپ ئېچىلغان
ئىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىر ئاخشىمى يامغۇر توختىدى. دەرىزىنى
ئېچىپ قارىسام، بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا ئېچىلىپ، دىدارىنى كۆرمى-
گىلى خېلى ئۇزاق بولغان شەپەق خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇغداينى
شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە يېقىملىق ئۆپۈپ تۇراتتى. بارا-بارا شەپەق
ئۆزىنى بۇغداي دېڭىزىنىڭ قوينىغا ئاتتى. بۇغداي دېڭىزى ئاسمىنىدا

يول ـ يول ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولدى. كەچكى شەپەق ئۇپۇقتىن پۈتكۈل ئاسمان بوشلۇغىغا چېچىلاتتى، قالدۇق بۇلۇتلار ئالىلاچ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئىدى. ”مەنگەي دالىسى“نىڭ ھاۋاسى سۈزۈل-دى، يېقىمدىن سالقىنلىدى. بىراق، يامغۇردىن كېيىنكى بۇ كۆڭۈل-لۈك مەنزىرە مېنى شاتلاندۇرالمىدى. مەن قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلغان ھالدا ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. مېنىڭ بۇ قىلغىم خۇددى باغرى تاش يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىنى تاشلىۋەتكەن قىلى-غىغا ئوخشايتتى.

ئېخ! بۇغداي دېڭىزى، بىزنىڭ بۇغداي دېڭىزىمىز، مېنىڭ بۇغداي دېڭىزىم، مېنى كەچۈر! ھەر بىر جەڭچىنىڭ ھاياتى ۋابا كېسىلىنىڭ تەھدىدىدە قالغاندا، مەن قانداقمۇ سېنى ۋاقتىنچە كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتمەي!

مەن ليەندۆي ئىشتاۋىدىن چىقىپلا توختاپ، ئىشىك ئالدىدا دەك-كە ـ دۈككىدە قېتىپلا قالدىم. بىر قىز ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقى مۇئاۋىن يېتەكچىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ قېشىمغا كېلىپ، ئىككىلىنىپراق توختىدى ـ دە، قىياس بىلەن سورىدى:

— سىز مۇئاۋىن ليەنجاڭغۇ دەيمەن؟ مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەن توەن دوختۇرخانىسىدىن ئەۋەتكەن دوختۇر، ئېتىم شاۋ شۈيۈن، — دېدى ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ.

مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتتۇم، گويا قۇتقۇزغۇچىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتىم، بىر ھازادىن كېيىن:

— ھەممە ئىش سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى!...

ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، لايىغىدا قىلىپ: — مەن ئۆزەمدىن

سىزنىڭ ئۇمىدىڭىزنى يەردە قويماسلىقنى ئۈمت قىلىمەن، — دىدى ئۇ. ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى مۇئاۋىن يېتەكچىگە بەك ئوخشاپ كېتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان كۈلكىسمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. تۇرقىدىن قارىغاندا، مۇئاۋىن يېتەكچىدىن 4 — 3 ياش چوڭدەك قىلاتتى، ئەمما مۇئاۋىن يېتەكچىگە قارىغاندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەندەك قىلاتتى.

— سىلەر قانداق كەلدىڭلەر؟ — دەپ سورىدىم ھەم ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتىم.

— تۈەن ئىشتاۋىنىڭ بىر دالا ماشىنىسى ئېپكېلىپ قويدى، يەنە ئىككى تىراكتورمۇ ھەمرا بولۇپ كەلدى. ماشىنا بىلەن بىر تىراكتور يېرىم يولدا پېتىپ قالدى، بىز پىيادە مېڭىپ كەلگەچكە بىر كۈن كېچىكىپ قالدۇق.

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بەتنىكە، پايپاقلىرىنىڭ لايغا مىلەنگەنلىكىنى، تۇرۇپ، كېيىن چۈشۈرۈۋەتكەن پۇشقىنىڭ تېخى قۇرۇمىغانلىقىنى بايقىدىم.

— خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن 5 كىشىنىڭ 4 نەپىرى زادىلا كەلگىنى ئۇنىمىدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — بەختىمىزگە يارىشا سىلەرنىڭ لىيەندۈيدىن بارغان شياۋلى يول باشلاپ قىلچە باش تارتماستىن، مېڭىشقا ئىپادە بىلدۈردى، بولمىسا دالىدا ئېزىپ قالغان بولاتتۇق!

رەھمەت ساڭا، شياۋ لى! دىدىم ئىچىمدە. ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق ھەقىقىي جەڭچىنى ئەۋەتكەنلىكىمگە ئۇچۇن پەخىرلەندىم ۋە مەغرۇرلاندىم.

ئۇ:

— شى ئىشتاۋىدىن كەلگەن ساۋ گەنشى سىلەرنىڭ لىيەندۈيدى-

www.uyghurkitap.com

مۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئۇ شۇئان خوشال بولۇپ ئېچىلىپ كەتتى. مەن بۇ ئىككۆيلەننىڭ مۇناسىۋىتى قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىگىنى دەرھال پەرەز قىلدىم-دە، مەندە ئەپسۇسلىنىش ھىسسىياتى پەيدا بولدى ھەم سوغاق ھالدا:

— ئۇ ليەندۈي ئىشتاۋىدا، — دىدىم.

ئۇ مەن بىلەن كۆپرەك گەپلىششكە ئۇلگۇرمەيلا، قۇيۇنىدەك چېپىپ، ليەندۈي ئىشتاۋىغا كىرىپ كەتتى.

مەن كوللىكتىپ ياتاقخانىغا كەلدىم. لى شۇجۇ ياتاق ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، كىچىگىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان قارا كۈچۈكنى تىزىغا قىسىپ ئوينىتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ، كۈچۈكنى قويۇپ بەردى ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، سىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلدىم.

مەن مىننەتدارلىق نەزىرىم بىلەن، گەپ-سۆز قىلماي، ئۇنىڭ گۆدەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان بالا چىراي تەلەتىگە تىكىلىپ قارىدىم...

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا، تىراكتورغا سۇ قۇيۇش ئۈچۈن بىلا دەرياسى بويىغا بارسام، ئۇمۇ تىراكتورغا سۇ قاچىلاۋاتقان ئىكەن. ئۇ دەريادىن بىر چېلەك سۇنى ئالدى-دە، ماڭا قاراپ بىرنىمە دىمەكچى بولغاندەك قىلدى، ئەمما شارتلا قىلىپ ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىغى سىڭلىمنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا بىرنىچى قېتىم ئۇچرىشىپ قالغاندا قىلغان قىلىغىغا ئوخشايتتى.

— ھەي!... دەپ چاقىردىم ئۇنى.

ئۇ ئۆز جايىدا توختاپ، ئاستا ماڭا قاراپ ئۆرۈلۈپ، باتۇرلۇق

بىلەن تىكىلدى.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىپ:

— ئېتىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدىم.

— لى شۇجىژ... — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

— قايسى شەھەردىن؟

— بېيجىڭدىن.

— ھازىر قايسى لیەندۇيدە؟

— يېڭىدىن قۇرۇلغان 3 ـ لیەندۇيدە.

— بىزنىڭ لیەندۇيگە يۆتكىلىپ كېلە!

— ...

— سەن مەن بىلەن بىر لیەندۇيدە تۇرۇشنى خالىمامسەن؟

— سىز... مېنى يامان كۆرمەمسىز؟...

— ياق...، — مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، سەن ماڭا كېرەك...، — گەپنىڭ ئوچۇغىنى قىلدىم.

ئۇ قولىدىكى چېلەكنى تاشلىدى ـ دە، ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى...

ئۇ لیەندۇيىمىزگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ھىسسىيات ۋە روھى جەھەتتىن مەلۇم تولۇقلىما ۋە تەسەللىگە ئېرىشكەندەك بولۇپ قالدىم. لېكىن، بىز كۆپ ئۇچرىشالمىدۇق. بولۇپمۇ ئۆز ـ ئارا دۇگىلىرىمىزنى ئېيتىشالمىدۇق. لېكىن، سىڭلىم ھەقىقى سۆيگەن، سىڭلىمنىمۇ ھەقىقى سۆيگەن بىر يىگىت مېنىڭ يېنىمدا ياشاۋاتقانلىغى ئۈچۈن، ھەر ھالدا سىڭلىمنىڭ بىر قىسىم روھى تۇرمۇشۇمدا نامايەن بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى، بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى.

مەن ئۇنى خەۋەر يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرۇشتا، ئۇنىڭغا ۋابا تارقالغان بۇ كەڭ دالىدىن كېتىشنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا پۇرسىتى ـ

www.uyghurkitap.com

نى بىرىشنى كۆزلىگەن ئىدىم. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئاۋال "ئىشىنىڭ ۋەزىپەڭ خەۋەر يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت..." دەپ بىشارەت قىلغان ئىدىم، ئۇنىڭ مېنىڭ ھەقىقى غەرىزىمنى چۈشەنگەنلىكىنىمۇ سەزگەن ئىدىم. مەن بۇ ئىشنى يامان غەرەز بىلەن قىلمىغان ئىدىم. شۇنداقلا، سىڭلىمغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئىلھامى بىلەنمۇ قىلمىغان ئىدىم، مۇھىمى، ئۇنىڭ لېيەندۈيىمىزدىكى ئەڭ كىچىك زىيالى ياش بولغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان ئىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇ يەنىلا كىچىك بالا ئىدى. ئېغىر ئەھۋالدا، كىچىك بالا ئالاھىدە ئاسرىلىشقا ھەقلىق ئىدى...

ئۇ بۈگۈن يەنە "مەنگەي دالىسى"غا قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا ۋابا قويىنىغا كىرگەن، خەۋەر يەتكۈزگىلى كەتكەن 5 كىشى ئىچىدە بىردىن-بىر ھەقىقى مەسئۇلىيەتچانلىقى بار، ۋەزىپىنى ھەقىقى ئورۇنلىغان كىشى ئىدى. مەن يەنە بىر قېتىم سىڭلىمنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بولغان بالا چىراي بىر ياشنى سۆيگەنلىكىنى، ئۇنى زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋىلا ساپ، شۇنچىۋىلا چىن، شۇنچىۋىلا چوڭقۇر سۆيگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم! سىڭلىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ھايات چېغىدا بىر قىز بالا ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قىلچە ئىزا تارتمىغانلىقىنى، ئۆز نىيىتىدىن زادى يانمىغانلىقىنى، ھەتتا ھەرقانداق كىشىنىڭ جۈملىدىن مېنىڭ — ئۆز ئاكىسىنىڭ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى قىلچە سۆكۈشكە يول قويمىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم.

مۇھەببەت، ئەگەر پاك، مۇقەددەس بولىدىغان بولسا، ئەگەر ھەقىقى بولىدىغان بولسا، "مۇھەببەت" دېگەن پاساھەتلىك سۆز بىلەن

ئىپادىلەشكە مۇناسىپ بولىدىغان بولسا، بىر مەھەل ھىسسىياتىنى باسالماي نومۇسقا قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى "سەۋەنلىك"لا دىيىش كېرەككى، ئۇ ھەرگىز گۇنا ئەمەس.

ئەگەر مەن ئۇلارغا ئالدىبۇرۇن كەڭچىلىك قىلغان بولسام، ئۇنىڭ بالا چىرايىغا تىكىلىپ قارىغان چېغىمدا، ئۇنى باغرىمغا باسقان بولاتتىم، ئۇنىڭدىن، سىڭلىمدىن ئەپۇ سورىغان بولاتتىم. چۈنكى مەن رەھىمسىز تىللار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى سۆككەن، قاغىغان، تىللاپ ھاقارەتلىگەن ئىدىم! مەن ئەيىپلىك ئىدىم.

مېنىڭ خىيالىمغا مۇشۇ بىرمۇنچە ئىشلار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا: "بەك چارچاپ كەتتىڭ، ئوبدان دەم ئالغىن!" دىگەن سۆزنىلا قىلالىدىم.

ياتاققا كىرىشىم بىلەنلا ھەممەيلەن مېنى ئورۇۋېلىپ، ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ كەتتى.

— تۈەننىڭ نىمە قىلغىنى بۇ، چاقچاق قىلغاندەك بىر قىز بالىنى ئەۋەتكىنى نىمىسى!

— ئۇ لىيەنىمىزدىكى سانىتاردىن قانچىلىك ياخشىدۇر؟

— بىزنىڭ ئۆلۈم-كۆرۈم دەپتىرىمىز شۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا قانداق بولغىنى؟!

— تۈەندىن بىزگە مۇشۇنداق ئىگە بولماي مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا، بىز...

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دەپ ۋاقىرىدىم.

كۆپچىلىك دەرھال جىمجىت بولۇپ، ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ماڭا قاراشتى.

— تۈەندىن ئەۋەتكەن دوختۇرغا كىم ئىشەنمىسە، ئۆزى "مەن-

www.uyghurkitap.com

گەي دالىسى“دىن كېتىپ، جېنىنى دالىدىغا ئالسۇن! ــ ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى كەيپىمنى خويمۇ ئۇچۇردى، ئۆزەمنى باسالماي ۋاقىراپ، ئۇلارنى ئەيىپلىدىم ۋە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتىم. مەن شياۋ شۇيۈن ئۈچۈن ئاممىنىڭ گېپىگە قىلىشنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ جەڭچىلىرىمنىڭ غەزىۋى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. شياۋ شۇيۈننىڭ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بارلىغى ئۇنىڭ مەندە قالدۇرغان تۇنجى تەسىرىگە نۇقسان يەتكۈزدى. ئەمدى ئۇ ماڭا مۇئاۋىن يېتەكچىگە ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان بولۇپ تۇيۇلدى.

لى شۇجۇ يەنىلا ياتاق ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇراتتى، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن يىراقتىكى بۇغداي دېڭىزىغا قارىماقتا ئىدى، ئۇ مېنىڭ چىققانلىغىمنى سەزمىدى. ئۇنىڭ كۆچۈگىلا ماڭا خوشامەت قىلغاندەك قىلىپ قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتاتتى.

ليەندۈي ئىشتاۋىغا قايتسام، ئۇ يەرنىمۇ ئەنسىزلىك بېسىپتۇ. ئىچكەركى ئۆيدە شاۋ شۇيۈن بىلەن ساۋ گەنشى جاڭجاللىشىۋاتقان ئىكەن.

ــ قاناش قىزىتمىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەمسىز؟ ئۇ ۋابا! بۇ يەردە ھەر كۈنى تۇيۇقسىز بولۇپ تۇرىدۇ، كېتىمەن دېيىمۇ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، سىز بولسىڭىز تېخى باتۇرلۇق قىلىپ...

ــ مەن دوختۇر!

ــ سىز مېنىڭ كەلگۈسى رەپىقەم! بىز تويىنىڭ تەييارلىغىنى قىلىشىمىز كېرەك!...

ــ نىمە ۋاقىرايسىز؟ بۇ يەردە، توي ئىشىمىزنى تىلغا ئالماڭ!

ــ شۇيۈن، مەن ئۆزەمنى دەۋاتىمەنمۇ؟! ــ ساۋ گەنشىنىڭ ئاۋازى

پەسەيدى، يۇمشىدى.

— بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق ۋاقىت بولدى، نىمە ئۈچۈن كۆرۈشۈپلا تاكاللىشىمىز؟ مېنىڭ قانچىلىك سېغىنغانلىغىمنى بىلەمسىز؟ كېلىڭا، كېلىشتۈرۈپ سۆيۈپ قوياي...

جالاققىدە ئاۋاز چىقتى، ئۇ ساۋ گەندىسىنى ئىتتىرىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ئارخىپ ئىشكاۋىغا ئۇرۇلدى.

مەن ئارقامغا يېنىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئۇ ئۆيىدىن غەزەپلەنگەن هالدا چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى-دە، يۈزلىرى هوپپىدە قىزاردى ۋە ئۆزىنى تەمكىن تۇتقان هالدا:

— سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، سىز مېنى ليەندۈيىمىزلەرگە ئېلىپ كېتىڭىز!

— هازىرلىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە! — دىدى ئۇ ئۈنلۈك قىلىپ، — هازىر، دەرهال!

ئۆينى جىمجىتلىق قاپلىغان ئىدى.

مەن ئەسلىدە ئەتە بارايلى دىمەكچى ئىدىم، چۈنكى جەڭچىلىرىمنىڭ ئاچچىغى يانمىغاچقا، ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك، قوپاللىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. لېكىن ئىختىيارسىز هالدا ئۇنىڭغا يولباشلىغۇچى بولۇپ بەردىم، بۇ باياتىن ئۇنىڭ شەخسى ھىسسىياتى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغانلىغىمدىن بولسا كېرەك؟

بىز كوللىكتىپ ياتاق ئالدىغا كەلسەك، لى شۈجۇ تېخىچە ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرغان ئىكەن. قارا كۈچۈك ئۇنىڭغا قاراپ قاۋىغىلى تۇردى.

ئۇ ئورنىدا توختاپ كۈچۈككە قاراپ سورىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ كىم باققان ئىت؟

ــ مەن، ــ دېدى لى شۈجى ئۇنىڭغا قاراپ، ھەم ئىتنى چاقىرىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، ئىت يۇۋاشلىق بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

ــ ئىتنى يوقىتىڭ، ــ دېدى ئۇ.

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ــ لى شۈجى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تىكىلدى.

ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ناھايىتى ئېنىق، بۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. ــ ئۇ ناھايىتى تەمكىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارشىلىق قىلىشقا بولمايدىغان، سۈرلۈك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

ــ باشقا بىرسى بۇ گەپنى قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تازا كېلىشتۈرۈپ سالغان بولاتتىم، ــ دېدى لى شۈجى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

ئۇ شەھلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ماڭا بۇرۇلۇپ:

ــ ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ سۆزۈم پەرمان! ــ دېدى ـ دە كوللىكتىپ ياتاققا كىرىپ كەتتى.

مەن لى شۈجىغا بىرنېمە دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ كىرىپ، كارىدوردا ئۇنى توستۇم ـ دە، پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدىم:

ــ ئاۋال قىزلار ياتىقىدىن باشلامسىز؟ ياكى ئوغۇللار ياتىقىدىن باشلامسىز؟ ليەندۈيىمىزدىكى ئوغۇل زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرئازدىن...ئەدەپسىزرەك...

ئۇ بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ، مېنىڭ سۆزۈمدىن قانداقتۇر بىرەر

نەرسە سەزگەندەك بولدى ـ دە، رەڭگىنى تۇرۇپ:
ــ ئۇنداق بولسا، ئەلۋەتتە، ئاۋال ئوغۇللار ياتىقىدىن باشلاش كېرەك! ــ دېدى.
مەن ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، ئاۋال ئۇ كىردى. كۆپچىلىك ئۇنى كۆرۈپلا قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى توختاتتى ـ دە، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇنى مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ياتقىنى ياتقانچە، يۆلەنگىنى يۆلەنگىنىچە دومىلاپ ياتقىنى دومىلاپ ياتقىنىچە يېتىشاتتى، ھەتتا بىرئاز تۈزۈتمۇ قىلىپ قويۇشمايتتى.
ئۇ ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي ئۇلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.
ــ خاپا بولماڭ، ــ دېدىم مەن بوش ئاۋازدا، ــ بۇلار...
ــ نىمىشقا، ــ دەپ سۆزۈمنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ مەن بەك نارازى! بۇنداق روھى ھالەت ماڭىمۇ، بۇلارغىمۇ پايدىسىز! سىز بۇلارغا پەسكە چۈشۈپ ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىشقا بۇيرۇق بېرىڭ.
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سۆزسىز بىر ھەيۋەت چىقىپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ كانىۋىيىدەك، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدىم.
ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمنى دەپلا، خوش ياقمىغاندەك بىر ـ بىرلەپ پەسكە چۈشۈپ، لاغايلىشىپ، ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلدى.
يەنە بىرنەچچىلەن پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كاڭدا ئولتۇرغان پېتى قارت بىلەن پال سېلىپ، "تاپانىنىڭ سالدىتى ــ ھاياتلىق، قارغىنىڭ كارولى ــ ئۆلۈم..." دېيىشەتتى.
مەن چېچىلاي دەپ تۇرسام ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن مېنى

جىملىدى.

— مەن "مەنگەي دالىسى"غا ئۆزەم تەلەپ قىلىپ كەلدىم، — دىدى ئۇ سالماق ئاۋاز بىلەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مەلۇم ئالاھىدە رول ئوينىدى بولغاي، بىر قىسملار ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىشتى.

— مەن تىببى شۆيۈەندە ئىككى يىل تەربىيىلەنگەن، — دىدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تەربىيىلىنىش مەزگىلىدە قاناش قىزىتمىسىغا دائىر ئۆلگىلەرنى مەخسۇس توپلىغان ئىدىم. يۇقۇملۇق قاناش قىزىتمىسى تەبىئى يۇقۇملۇق كېسەل خاراكتىرىدىكى بىر خىل كېسەللىك، ئۇنىڭ يۇقۇش شەكلى ئاساسەن تارقىلىشتىن ئىبارەت، كۆپلىگەن ئادەم يۇقۇش رايونىغا كىرگەن ئەمما مۇداپىئە كۆرۈش ئىشى ئىشلەنمىگەن ئەھۋالدا، پارتلاش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدۇ. يۇقۇش رايونى، كۆپىنچە، كۆل، زەيكەش، بىنام ۋە ئوتاي ھۆلچەلىك بولىدىغان يېرىم ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونلاردىن ئىبارەت بولىدۇ، كۈز ۋە قىش پەسىللىرى يۇقۇش دەۋرى ھىساپلىنىدۇ...

ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئەستايىدىل ئاڭلاشقا باشلىدى، پال سېلىۋاتقان بىرقانچىسىمۇ ھەيران بولغان ھالدا دىققەت قىلغىلى تۇردى.

— بۇ كېسەللىكنى قارا چاچقان ۋە تۇلۇم چاچقان تارقىتىدۇ، ئادەتتىكى چاچقانلارنىڭ بۇ كېسەللىكنى تارقىتىشنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. يۇقۇش رايونىدا مۇشۇك، ئىتمۇ كېسەللىك تارقاتقۇچى ۋاستە بولۇشى مۇمكىن...

كىشىلەرنىڭ نەزىرى بىردىنلا ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى، لى شۇجېرمۇ قاچاندۇر كىرگەن ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى

ئاڭلىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، لىۋىنى چىش-لەيتتى.

— گەرچە، — دېدى شاۋ شۇيۈن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ليەندۇيىڭلارنىڭ سانىتارى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارنى بىر رەت تەك-شۈرگەن بولسىمۇ، ھازىر قايتىدىن يەنە بىر رەت تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، كىيىمىڭلارنى سېلىڭلار.

ھېلىقى پال باققانلار كاڭدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن كىيىملىرىنى سالدى.

بىرسى تۇيۇقسىز ئىغۋاگەرچىلىك بىلەن:

— كۆكرىكىڭلارنىڭ قىزاردىمۇ، قولتۇقۇڭدا قاناش نۇقتىسى بارمۇ؟ سورايدىغىنىڭلار مۇشۇ نەرسىلەرغۇ؟ — دېدى.

شاۋ شۇيۈن بۇرۇلۇپ، كۆز نەزىرى بىلەن ئۇنى تاپتى ھەمدە ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلغان كىشىگە:

— ئەگەر سىز بۇنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قارىسىڭىز چىقىپ كې-تىڭ! — دېدى.

بۇ سورۇننى ھەددىدىن زىيادە جىمجىتلىق باستى.

— كالتا ئىشتىنىمىزنىمۇ سالىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرسى پەس ئاۋاز بىلەن، بۇمۇ ئىغۋاگەرچىلىك ئىدى، ئالدىنقىسىغا قارى-غاندا مۇجمەلرەك بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسىدىن پەسكەشرەك ئىدى.

شاۋ شۇيۈن پىسەنت قىلمىغاندەك، دەرھال جاۋاپ قايتۇردى:

— ئەگەر سىز پىسەنت قىلمىسىڭىز، مەن تېخىمۇ پىسەنت قىلمايمەن.

ئۇ مېنىڭ قېتىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، قاپىقىنى تۈردى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چوڭ ئاۋاز بىلەن:
— سىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس! — دېدى.
مەن كىيىملىرىمنىڭ تۈگمىسىنى يەشكىلى تۇردۇم.
تۇيۇقسىزلا بىرسى ”چاشقان...“ دەپ ۋاقىرىۋەتتى.
ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ياستۇق يەرگە چۈشتى. ھايت-ھۇيىت دىگۈچە كالتا ئىشتان كىيگەن ئون نەچچە ئادەم دۈپۈرلۈشۈپ، يالىڭاياق پېتى قولىغا چىققانلىلا نەرسىنى ئېلىپ ئاتقىلى تۇردى....
بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پاراكەندىچىلىك بېسىلدى. ئون نەچچەيلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىشتى. ھەممەيلەن ئوچاق يېنىدىكى مىدىرلاۋاتقان قىزىل گۆشكە ئوخشاش ئۆلۈك چاشقانغا قارايتتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزىدىن بىر خىل ئۆچمىنى ئالغاندەك، غەلىبە ۋە خوشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۆلتۈرۈلگىنى بىر چاشقان ئەمەس، بەلكى ياۋۇز، ۋەھشى ۋابا ئىلاھى ئىدى.
پاك!...
مىلتىق ئاۋازى!
لى شۈجۈ مىلتىق تۇتقان پېتى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاچان چىقىپ كەتكەنلىگىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئۇ مىلتىقنى تامغا ئېسىپ قويۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كۆپچىلىككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇردى-دە، زوۋان سۇرمەي كىيىمنى سېلىشقا باشلىدى.
ھەممەيلەنگە مىلتىق ئاۋازىنىڭ نەتىجىسى ئايان ئىدى.
ئۇنىڭ كىچىگىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ قارا كۈچۈكنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. بۇ كۈچۈك ئۇنىڭ يېقىن دوستى، ھەمرىيى ئىدى، ھەر كۈنى دىگۈدەك ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر روھىي تەسەللىگە

مۇھتاج ئىكەنلىگىنى باشقىلارغا قارىغاندا مەن كۆپرەك چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۇنغان قەلبىگە قارىتىپ ئوق ئاتقانلىغى ئېنىق ئىدى.

شاۋ شۇيۈن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يالىڭاچ بىلىگىگە ئاستا قول تەككۈزۈپ

— شاۋلى، رەھمەت ساڭا...، — دىدى.

مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ياغاچچىلار بەنگە ئېيتقىن، ئىتتقا ساندۇق ياساپ بەرسۇن، مېنى قوشۇلدى دىگىن، — دىدىم.

ئۇنىڭ كۆزىدىن لۆم — لۆم ياش چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى...

شاۋ شۇيۈن بىلەن مەن كوللىكتىپ ياتاقخانىدىن چىقىپ، ليەندۈي ئىشتاۋىغا ماڭغاندا، شاۋ شۇيۈن خۇددى ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتكەندەك ئۇھ تارتتى.

— تېز ئېيتىڭ، نەتىجە قانداق؟ — دەپ سورىدىم تەقەززا بولۇپ.

ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ، ئاستا سۆزلىدى:

— سىلەرنىڭ ليەندۈيدە ئەھۋال ياخشى ئىكەن، بىرلا ئادەم... كىم؟...

ئۇ ماڭا قارايتتى، كۆزلىرىدىن غەم-قايغۇ چىقىپ تۇراتتى، خېلى بىر ھازادىن كېيىن،

— سىز...، دىدى ئۇ پىچىرلاپ.

## 4

سانسز چىشلىق بىر چاق جىددى ئايلانماقتا...

قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى چاقنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، مەن چاق بىلەن تەڭ چۆگىلەيتتىم، پىقىرايتتىم...

چاق چۆگىلىگەنسېرى كىچىكلىمەكتە ئىدى، مەن بولسام بارغانسېرى چوڭىيىۋاتاتتىم.

مەن بىر ئىستانوك ئۈستىدە ياتاتتىم، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسام، تېز چۆگىلەۋاتقان چاق پېشانەمنى بېسىپ چۇشۇۋاتاتتى، مانا پېشانەمنى باستى، چاقنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى گۆشلىرىمنى، پېشانەمنىڭ سۆڭىكىنى خۇددى بۇرغىدەك يەنجىپ، تاكلىيىمغا، ئاندىن يۈرىكىمگە سانجىلدى...قاملىقىمنى بىر نەرسە توسۇۋالدى، نەپىسىم قىسىلدى، مەن جان تالاشتىم، ۋاقىرىدىم. ئانا دەيتتىم، مۇئاۋىن يېتەكچىنىڭ ئىتىنى چاقىراتتىم. ”مور“نى چاقىراتتىم. سىڭلىمنى چاقىراتتىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئىتىلىپ يۈگۈرەيتتى. ئۇلارمۇ ماڭا قاراپ ۋاقىرايتتى. ئەجىبا، ئۇلار نىمىشقا مېنىڭ ئىتىمنى چاقىرماي، ”مۇئاۋىن ليەنجاڭ“ دەپ چاقىرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى يىراق-يىراق جايلاردىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇلار مېنى قۇتقۇزغىلى كەلمىگەندەك تۇراتتى. ئۇلار مېنىڭ قاتتىق جازالىنىۋاتقانلىقىمنى زادىلا كۆرمىگەندەك قىلاتتى، ئاسماندىكى پەرىلەردەك ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندەك قىلاتتى، مەن ئۇمىتسىزلەنگەندەك قىلىپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتىم...

مەن كۆزۈمنى ئاچتىم، كۆز ئالدىم قاپ-قاراڭغۇچىلىق ئىدى،

ھەتتا چۈشۈمدە كۆرگەن يورۇقچىلىقمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ چۈشۈم ياكى ئويغۇم ئىكەنلىكىنى، ئويغۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتىم.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ...، — دىگەن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى. مېنىڭ بىر قولۇمنى باشقا بىرسى چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

مەن بېشىمنى ئاستا بۇراپ، سورىدىم:

— سىز كىم؟...

— مەن شياۋلى...، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋىلىپ يىغلايتتى.

— شياۋلى، نىمىگە يىغلايسىز؟

— مەن...يىغلىمىدىم...

— مەن نەدە؟

— ليەندۈي ئىشتاۋىدا.

— ليەندۈي ئىشتاۋىدا؟ نىمىشقا مۇنچىۋالا قاراڭغۇ؟

— سىزنى شامالداپ قالمىسۇن دەپ، شياۋ شۈيۈن دوختۇر دەرىزىلەرنى ئېتىۋەتتى...

شاۋ شۈيۈن دوختۇر؟...مەن ھۇشۇمغا كەلدىم. مەن قاناش قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىپتىمەن.

— شاۋلى، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم-ھە؟ — مېنىڭ ئاغزىمدىن بۇ سۆز چىقىش بىلەن تەڭ ئىچىم سىرىلدى-دە، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ياق، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، سىز ئۆلمەيسىز...، — شاۋلى يۈزىنى ماڭا ياقتى-دە، ماڭا قارىدى، — مۇئاۋىن ليەنجاڭ، سىز ھۇشسىز ياتقىلى توپ-توغرا 3 كۈن بولدى، ئىككى قېتىم ئاسما ئوكۇل ئۇردى. پۈتۈن ليەندۈيدىكىلەر سىزدىن ئەنسىرىدى. شاۋ شۈيۈن

توپ ـ توغرا 3 كۈن يېنىڭىزدىن كەتمىدى...، ــ ئۇ مېنىڭ ياشلىرىمنى ئېرىتتى.

ــ شاۋ شۈيۈن دوختۇر قېنى؟

ئۇ 3 ـ ليەندۈيگە كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا كەتتى...ئۇ يەردە كېسەللەر كۆپ ئىكەن. ئۇ ماڭا سىزگە ئوبدان قاراشنى تاپىلىدى، ئۇ، سىزنىڭ خەۋپلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىر مۆجىزە دىدى...، ــ ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بېرىپ دەرىزىدىكى ئەدىيالنى ئېلىۋەتتى، ئۆي شۇ ھامان يورىدى، تۇيۇقسىز كىرگەن نۇردىن كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم.

ــ مۇئاۋىن ليەنجاڭ، قاراڭ! ــ دىدى ئۇ چىۋىقتىن توقۇغان كىچىك قەپەزنى كۆتەرگەن پېتى يېنىمغا كېلىپ.

ــ نىمە بۇ؟ ــ دەپ سورىدىم ئەجەپلىنىپ.

ــ قارا چاشقان! سىز قانداق قىلىپ بولمىسۇن بىرنى تىرىك تۇتۇپ بەر دىگەن ئەمەسمۇ؟

مەن قاچان، قانداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا بۇنداق تەلەپ قويغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىدىم.

ــ ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇپسىز، سىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى جاكالىغان كۈنى سىز نائىلاج ليەندۈي ئىشتاۋىدا يېتىپ، ماڭا تۇتۇپ بەرمىسەڭ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ دىگەن ئىدىڭىز!

مەن يەنىلا ئەسلىيەلمىدىم. بۇ قارا چاشقان قەپەزنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى، ئۇ ۋەھىملىك كۆزى بىلەن ماڭا قارايتتى. مەن مۇئاۋىن يېتەكچى، پىشقەدەم ليەنجاڭلارنى، مۇشۇ ئاجايىپ كۈنلەردە بۇ چاشقاننىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى سەپداشلىرىمنى ئەسلىدىم. بۇمۇ ئىنسانغا ئوخشاش



www.uyghurkitap.com

جان ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭدە ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بار ئىدى.

شاۋلىنىڭ قولىدىن شارتلا قىلىپ قەپەزنى ئالدىم-دە، ئۇنى چۇۋۇپ، چاشقاننى ئالقىنىمغا ئالدىم.

ئۇنى تىرىك پېتى مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم-دە، يەرگە تاشلىدىم، مەندە بىر خىل ئىنتىقام ئېلىشتىن كېيىنكى خوشاللىق پەيدا بولدى.

— شاۋ شۈيىۈن دوختۇر ئۇنى ئەۋرىشكە قىلىمەن دىگەنتى، تېخى! — دەپ غودۇڭشىدى شاۋلى.

كىمدۇر بىرسى ئىچكەركى ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن لىيەندۈي ئىشتاۋىغا سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋاز چىقتى.

شۇ چاغدىلا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئەدىيال بىلەن مىخلىۋېتىلىپ، تاشقارقى ئۆي بىلەن ئايرىپ تاشلانغانلىقىنى بايقىدىم. ئەدىيال ساۋ گەنسىنىڭ ئەدىيالى ئىكەن.

مەن شاۋلىغا گۇمانلىق نەزىرىم بىلەن قارىدىم، ئۇ: "ئۇ قانداق نىمە، ئادەم بولامدۇ! سىز ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئەبلەخ كېسىلىڭىزنىڭ يۇقۇپ قىلىشىدىن قورقۇپ دەرىزىنى ئىشىك قىلىۋالدى..."

مېنىڭ كۆڭلۈمگە بۇنىڭدىن قاتتىق ئازار بولمايتتى، مەن لام-جىم دىمەي، ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم.

سىرتتىن ماڭا ئىنتايىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن تەسلىكتە قولۇمنى تىرەجەپ ئولتورۇپ:

— لىيەندۈيىمىزنىڭ تىراكتۇرلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

شاۋلى بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— بۇغداينى ئورغىلى بولدىمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدىم.

ئۇ راستچىللىق بىلەن بېشىنى چايقىدى.

— ياغاچ تاپان ياساڭلار، سىلەر نىمە ئۈچۈن تىراكتورلارغا ياغاچ تاپان ياسىمايسىلەر؟! ماڭا قارىمىساڭمۇ بولىدۇ! بار، سەن بېرىپ ئېيت، مەن كۆپچىلىكتىن ئۆتۈنىمەن، ھوسۇلىمىزنى ھەرگىز نابۇت قىلىۋەتمەيلى! بار! تېز بول! — مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، قوللىرىمنى شىلتىپ، ئۇنى لىيەندۈي ئىشتاۋىدىن چىقاردىم.

— مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، سىز ھۇشسىز ياتقاندا جۈيلۈپ تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى دىگەن، مەن كۆپچىلىككە ئېيتقان، كۆپچىلىك ياغاچ تاپان ياساۋاتىدۇ...، — ئۇ ماڭا ئىككى قولىنى سۇندى، ئۇنىڭ ئالقىنى قاپىرىپ، قان قاپارتقۇلىرى ئۆرلەپ چىققان ئىدى.

— ئۇنداق بولسا تىراكتورلىرىمىزنى نىمىشقا بۇغدايلىققا ھەيدەپ بارمايسىلەر؟! بىزدە ھوسۇلنى يىغىۋالغۇدەك يەنە قانچىلىك ۋاقىت بار؟! يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇغداي غولىدا تۇرۇپ بىخ ئۇرىدۇ! سەن بۇنى بىلمەمسەن؟! — مەن يەنىلا ھۆكىرىدىم.

ئۇ بېشىنى سىلىپ، بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئازار چەككەندەك قىلىپ:

— ياغاچ تاپان ياسايمىز دەپ ئىككى كېچە-كۈندۈز ئۇخلىمىدۇق...، — دىدى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم.

مەن خىجىل بولدۇم، ئاستاغىنە قىلىپ:

— شۇنداق، ھەممەيلەن ھوسۇلنى يىغىۋېلىشنى كۈتۈۋاتىدۇ...، — دىدىم.

شاۋلى قاتتىق قايغۇرغان ھالدا دىدى:

— بىز نۇرغۇن قېتىم سىناپ باقتۇق، بىراق لېيەندۇيېدىكى ياغاچ قاتتىق ئەمەسكەن...

ماگا ئەۋلىيا ئەقىل كۆرسەتكەندەك قىلدى، مەن بىردىنلا پىشقەدەم لېيەنجاڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان "ئېمەن دەرىخى..." دىگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم.

— ئېمەن دەرىخى...، — دەپ ۋاقىرىدىم ئۇنىڭغا، — ئېمەن دەرىخى تېپىڭلار! ئېمەن ياغىچىدىن ياغاچ تاپان ياساڭلار! چاققان بول، بېرىپ كۆپچىلىككە ئېيت!...

— ئېمەن دەرىخى؟...، — شاۋلى بىرئاز ئىككىلىنىپ بۇرۇلدى-دە، ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

شاۋلى بىلەن بىرئاز سۆزلەشكەنلىكىم ئۈچۈن، ھالسىراپ بېشىم قايدى، نا ئىلاج يەنە ياتتىم.

"پىشقەدەم لېيەنجاڭ، بىزگە ھەلىمۇ ئېمەن دەرىخى دىگەن سۆزنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەنسىز، بىز ھوشۇلىمىز بىلەن قەۋرىڭىزنى بېزەكلەيمىز! كېلەر يىل قەۋرىڭىزنىڭ ئەتراپىغا ئېمەن دەرىخى تىكىپ، سىزنى ئېمەن دەرىخى ئىچىدە مەڭگۈ ئەمىن تاپقۇزىمىز..." دەپ ئۇنى دىلىمدا ياد ئەتتىم.

بىرسى كاڭنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردى، مەن بۇرۇلۇپ قارىسام شاۋ شۇيۈن ئىكەن. مەن ئورنۇمدىن قوپماقچى بولدۇم، ئۇ ئىككى قولى بىلەن مۈرەمنى بېسىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— قوپماڭ...، — دىدى.

مەن مىننەتدارلىق ھىسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدىم، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى دەرۋەقە، مۇئاۋىن يېتەكچىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

ئۇ بىر قولنى مەگزىمگە قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ياش ئانى-
نىڭ بالىسىنى سىلىغىنىغا ئوخشايتتى. ”خۇدايا شۈكرى، سىز ھەر
ھالدا ساق قالدىڭىز، — دىدى-دە، — مېنىڭ ئالدىمدا بالىلارچە
شوخلۇغىنى تۇنجى قېتىم ئىپادىلىدى. ئۇ كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى
خۇددى سۈپ-سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك يۈرىكىمدىن ئېقىپ ئۆتتى.
مېنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى سولغۇن ھەم پەرىشان كۆڭلۈم ئۇنىڭ
شەھلا كۆزى ئالدىدا ئېچىلىپ كەتتى، ئۆزەم يەڭگىللا بولۇپ
قالدىم.

— شياۋ شاۋ! — دەپ چاقىردى ئەدىيال بىلەن ئايرىپ تاشلانغان
ئىچكەركى ئۆيدىكى ساۋ گەنشى، — مەيەرگە كىرىڭ، سىز بىلەن مەس-
لىھەتلىشىدىغان ئىشىم بار.

مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇلار بىرىنچى كۈنى كۆرۈشكەندە،
ساۋ گەنشى ئۇنى ئەكىلەتمە ئېتى بىلەن چاقىرغان ئىدى. مۇشۇ
كۈنلەردە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولغاندەك
قىلاتتى. نىمىشقىدۇر، ئىچىمدە خىجىللىق ھىس قىلدىم.

شاۋ شۈيۈننىڭ يۈزىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ كەتتى. ئۇ سوغاق ھالدا:
— نىمە گېپىڭىز بار، دەۋېرىڭ. ئەدىيالنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ
دىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، — دىدى. ئەمما ئۇ كېيىن يەنىلا كىرىپ
كەتتى. يېرىمى قايرىپ ئېچىۋېتىلگەن ئەدىيال بىلەن بىللە، ئىللىق،
يېلىنغاندەك قاراشلىرى بىلەن كىرىپ كەتتى.

ساۋ گەنشى نېرىسىدىن ئىككى قولنى چىقىرىپ، شاۋ شۈيۈننىڭ
يەلكىسىگە قويدى، باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقتىمۇ نىمە،
ئۇنىڭ ئاۋازى بەك پەس ئىدى! مەن دەرھال ئۆرۈلۈپ كەينىمنى
قىلىۋالدىم.

— ياق!...، — دىگەن شاۋ شۇيۈننىڭ بىرىنچى قېتىم بەرگەن كەس-
كىن ئەمما جانسىز جاۋاۋى ئاڭلاندى. يەنە پىچىرلاش داۋام قىلدى،
ئاۋاز بارغانسېرى ئۈنلۈك چىققىلى تۇردى
— ياق دەيمەن!...، — شاۋ شۇيۈننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق جاۋاۋى
ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەك چىقاتتى.
— مۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! — شاۋ گەنشى ئاخىر
ئۆزىنى باسالماي ۋاقىرىدى، — سىزنى ھىچكىم ئەيىپلىيەلمەيدۇ!...
— ۋىجدان! — دىدى شاۋ شۇيۈن، — سىز ۋىجدان دىگەننى بىلەم-
سىز؟ ۋىجدان ئەيىپلەيدۇ!...
— بۇ قايسى يىللار؟ "ۋىجدان" دىگەن نىمىكەن؟ بىز ماركس-
ىزىم-لېنىنىزىم دەيمىز، ...
— ساختىلىق...، — دەپ يىغلىۋەتتى تۇيۇقسىزدىن شاۋ شۇيۈن، —
سىز ساختىپەز...
— نىمە دىسىڭىز دەۋېرىڭ! مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىمىنىڭ
يۈزىنى قىلىۋاتىمەن، سىزنى ئاسراشقا ھەقلىقمەن! — شاۋ گەنشى گويا
ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى، ئاۋازلىرى غەلىتە چىقاتتى.
— مەن كەتمەيمەن، سىزنىمۇ كەتكۈزمەيمەن! — شاۋ شۇيۈن مې-
نىڭ بارلىغىمنى ئەستىن چىقاردى بولسا كېرەك، ئۇ بەكمۇ چېچىلىپ
كەتتى، — سىزنىڭ ئورنىڭىز سىزنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىڭىزگە يول
قويمايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر سىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ! مەن كېتەلمەيمەن،
مەن ئۇلارغا كېرەك. ئېلىنچىلەرنىڭ يۇرتىدىن قاناش-قىزىتمىسىغا
داۋا بولىدىغان ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا ئۆسۈملۈگىنى تاپتىم! ھەرقاند-
داق بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قالساڭ، ئۇ ھەممە مىننەتدارلىغىنى، ئىشەن-
چىسىنى ساڭا بېغىشلايدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاراڭ، ئادەم قاناش

www.uyghurkitap.com

قىزنىمىسنى تارقاتمايدۇ، بىزگە خەۋپ يوق. بەدەندە يارىلانغان يەر بولسا باشقا گەپ، ئۇ قان ئارقىلىق...

شاۋ شۈيۈننىڭ سۆزلىرى مېنى تەسىرلەندۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلىرى راست ئىدى. مەن ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا قارىدىم.

ئۇ — ساۋ گەنشى يانچۇغۇدىن قەلەمتاراچ چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىسىنى ئېچىپ.

— مۇشۇنداقمۇ؟...، — دىدى - دە، كالپۇكىنى چىشلەپ، قەلەمتاراچ بىلەن سول قولىنىڭ ئۈستىنى كەستى!

شاۋ شۈيۈن ئالاقىزادە بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قارايتتى ھەم دەرھال بىر بىلىگى بىلەن پۈتۈن يۈزىنى يېپىۋالدى. قان، قىپ - قىزىل قان تامچىلاپ ئاقماقتا ئىدى...

— ھەممىنى كۆردۈڭ، — دىدى ساۋ گەنشى ماڭا قىيپاش قاراپ ھەم سوغۇق كۈلۈپ، — بىراق، ھىچگەپ يوق، ۋىجدان، — دىدى ئۇ شاۋ شۈيۈنگە قاراپ، — سىز تەلەپ قىلغان ۋىجدان بەرىبىر ئەمەن تاپتى. ئەمدى بىز مەردانە قەدەم تاشلاپ بۇ يەردىن كەتسەكمۇ بولار...

— جىنىڭىز نەچچە! — دىدى شاۋ شۈيۈن. مەن قاتتىق قول، ئالىجاناپ ئايالنىڭ تەققى - تۇرقىنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم.

— كېتىپ بېقىڭا...، — ئۇ ساۋ گەنشىنىڭ قولىدىكى قەلەمتاراچنى تارتىۋالدى، قەلەمتاراچ ئۇنىڭ قولىدا تىترەيتتى. ئۇ "كېتىپ بېقىڭا قېنى" دىگەن گەپنى تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولغان ئىدى. مەن قاراپ تۇرالمىدىم. يوتقان بىلەن بېشىمنى چىڭ ئورىۋالدىم شاۋ شۈيۈن ئۈچۈن يىغلىغۇم كېلەتتى. ئەمما ئۈن چىقىرىپ يىغلىۋېتىشتىن قورقاتتىم.

ئېخ! لەنتى دالا!

جىمجىتلىقنىڭ قانچىلىك ھۆكۈم سۈرگەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ بىرسى كېلىپ يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاچقىچە داۋام قىلدى.

— مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، بەزىلەر قېچىپ كەتتى... قوتاندىن ئىككى ئاتنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، قاچتى...، — دېدى شاۋلى غەمكىن ھالدا.

— نېمە؟! ھەممىسى قېچىپتىمۇ؟ ئىككىسى قېچىپتىمۇ؟! — مەن قۇلىغىمغا ئىشەنمىگەندەك قىلدىم.

— ساۋ گەنشى قېچىپ كەتتى دەۋاتىمەن. بىر ئات ئۆزى يېنىپ كەلدى. شاۋ شۇيۈن دوختۇر بار، ئۇ كۆپچىلىك بىلەن ئېمەن دەرىخى تاللاۋاتىدۇ.

......

كەچ كىرەي دېگەندە يەنە بىر ئاتمۇ قوتانغا قايتىپ كەلدى. بەزىلەر بۇ ئاتنىڭ ساۋ گەنشى ئوغرىلاپ كەتكەن ئات ئىكەنلىكىنى تونىدى. مەن شاۋلىنى بىرنەچچە ئادەم بىلەن كېچىلەپ ساۋ گەنشىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار ئەتىسى چۈشلەر بىلەن قايتىپ كەلدى.

بىرسى، شاۋ شۇيۈن دوختۇر كېچىچە يىغلاپ چىقتى، ھازىر يوق تۇرىدۇ، دېدى.

مەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇنى ئۆزەم تېپىپ كېلىشىم كېرەك ئىدى، نېمىشقىدۇر، مەن ئاستا-ئاستا مېڭىپ، پىشقەدەم لىيەنجاڭنىڭ جىمجىت قەۋرىسى يېنىغا بېرىپ قاپتىمەن.

گۈگۈم چۈشمەكتە ئىدى. يەر بىلەن ئاسماننىڭ چېگرىسىنى تۈتەك بېسىپ قوغۇشۇن رەڭگە بويىغان ئىدى. موردىن چىققان تۈتۈن بىراقتىكى ئاسمان بوشلۇغىدا تەنھا ۋە قاتۇرۇپ قويغاندەك ئەگرى-بۈگرى سىزىق ھاسىل قىلىپ، گويا مەن قاراپ تۇرغان تەرەپتە ئىگىز كەلگەن بىرسىنىڭ شولىسى تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

مەن ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا باردىم، باياتىن مېنىڭ ھاسىرىغانلىغىمنى ئۇ چوقۇم ئاڭلىدى بولغاي، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈدەك بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدىم.

— قاراڭ...، — دېدى ئۇ ماڭا قارىماي، ئالدى تەرەپكە قارىغان پېتى، — قارىڭا...

مەن قارىدىم. ئۇ ئۇزاق قاراپ تۇرغان ھەممە نەرسىنى كۆردۈم. پىشقەدەم لېيەنجاڭ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان قەۋرە تېشى ئالدىدا يەنە بىر نا تونۇش ئايالنىڭ گەۋدىسى ئېنىق چىققان تەتۈر شولىسى پەيدا بولدى. ئۇ يېشىنى ئېرتىۋاتقاندەك، ئۆمۈر بويى شۇ يەردە سۈكۈتتە تۇرغاندەك قىلاتتى.

بىز ئىختىيارسىز ھالدا ئالغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇنى ئېنىق كۆردۈم، ئۇ پىشقەدەم لېيەنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان پىشقەدەم لېيەنجاڭنىڭ سۆيگۈنى ئىدى.

مەن شۇ زامات ئۆزەمنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمنى قالدۇرماي شاۋ شۇيۈنگە دەپ بەردىم.

— مەن كەلدىم...! — دېدى بېشىنى كۆتىرىپ ئۇ، بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا كەتتى.

— مەن كەلدىم، — دېدى ئۇ. ئۇ بېشىنى سىلىپ، خۇددى يەرگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى، — كېچىكىپ قالدىم، ئەمما بۇ يەردىن ئەمدى كەتمەيمەن، بۇ يەردە سىز بار، جۇەن جۇەنمۇ بار، — ئۇ ئىڭىشىپ يوتقان-يېپىنچىسىنى ئالدى، — ئارام ئېلىڭ، ھەر كۈنى سىزنى يوقلاپ كېلىمەن. ئەمدى بېرىپ قىزىمنى تاپاي، ئۇنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرەي.

ئۇ كەتتى. مېڭىشتىن ئاۋال يەنە ئىگىشىپ تاشقا ئويۇلغان قىزىل

خەتلەرنى بىر قۇر سىلاپ چىقتى.

ئۇ كەتتى.

شاۋ شۈيۈن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ پىشقەدەم لېەنجاڭ ئۈچۈن يىغلىدىمۇ، ھىلىقى ئايال ئۈچۈن يىغلىدىمۇ، ياكى ئۆزى ئۈچۈن يىغلىدىمۇ، بۇنىسىنى سورىمىدىم، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈمۇ كەلمىدى. چۈنكى قەلبىمدە ياشاۋاتقان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن چۈشىنەتتىم.

ئاخىر شاۋ شۈيۈندىن مەن بىلەن بىرىپ بۇغدايلىقنى كۆرۈپ كېلىشنى ئۆتۈندۈم، ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ ماقۇل بولدى.

بىز بۇغداي دېڭىزى قىرغىقىدا مۆرىدىشىپ تۇراتتۇق، قۇلاقنى يارىدىغان تىراكتۇر ئاۋازى، كومبايىن ئاۋازى بىز دەسسەپ تۇرغان يەرنى دىر-دىر تىترىتەتتى. بۇلار ئاخىر ئېتىزلىققا ھەيدەپ كېلىندى! بۇلار ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن كەلدى! مەن مۆدۈرۈپ بېرىپ، قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ بۇغدايلىققا ئۆزەمنى ئاتتىم...

شۇنداق، "مەنگەي دالىسى" شۇنچە كەڭ، شۇنچە كەڭ؛ ئادەم بالىسى بۇ دالىدا كىچىككىنىلا بىر نەرسە، ئەرزىمەس بىر نەرسە...

لېكىن، ئۇنى بەرىبىر ئايىغىمىزدا دەسسىدۇق!...

1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، فېڭىلەي.

## ئاپتور ھەققىدە

لياڭ شاۋشېڭ، ئەر، 35 ياش، شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1968 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيداخۇاڭغا (شىمالىي چۆللۈك) بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقان، 1973 - يىلى شاڭخەي فۇدەن داشۆسى

تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭ كىنو فىلىمى ئىشلەش زاۋۇدىغا كىرىپ ھازىرغىچە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «بۆگۈن كېچە بوران ـ چاپقۇنلۇق بولىدۇ» قاتارلىق نۇرغۇن پوۋېست، ھىكايىلىرى ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە «بۇ ــ سىرلىق ماكان» ھىكايىسى 1982 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە نادىر ھىكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«تاللانغان ھىكايىلەر» ژورنىلىنىڭ

1984 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئوسمان مولىلەك.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

## تارىخنى تەكرارلاۋاتىدۇ*

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئوغلى توغرىسىدا ئوقۇتقۇچى بىلەن سۆزلەشتى:

ــ ئېيتىڭا، ئوغلۇمنىڭ تارىخ ئۆگىنىش ئەھۋالى قانداقراق؟ مەن ئوقۇغان چاغدىغۇ تارىخنى ياخشى كۆرمەيتتىم، بىر قېتىم ئىمتىھاندا ئۆتەلمىگەنتىم.

ــ ئوغلىڭىز تارىخنى تەكرارلاۋاتىدۇ. ــ ئوقۇتقۇچى جاۋاپ بەردى.

(بۇ ساندىكى* بەلگىسى بار يۇمۇرلارنى **ئالىمجان ئانايەت** رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان.)

# كىچىك ھېكايىلەر

## سىياسەتتە كەڭ بولۇش

### تيەن ۋېنماۋ

شياۋ خۇ باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن كۇندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە رەتلىك قىلىپ مۇنداق سۆزلەرنى يازدى:

ئالىي ماتېماتىكىنى ئۆزلىگىمدىن پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ تۈگەتمىگىچە، قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيمەن. بۇ قۇرۇق پو ئاتقانلىق ئەمەس، دىگەن گېپىمنى ئەمىلىيەتتە كۆرستىمەن.

بىر يىلدىن كېيىن، شياۋ خۇ ئاران دىگەندە بىر يېرىم سوئالنى ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ بولدى. شۇ ئەسنادا ياخشى نىيەتلىك، كۆيۈمچان كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇشماقچى بولۇشتى. شياۋ خۇ مۇشۇ چاغدا سىياسەتتە كەڭ بولۇشقا مەجبۇر بولدى-دە، كۇندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دەپ يازدى:

قىزچاق بىلەن مۇھەببەتمۇ باغلىدىم، ئەمما ئۆزەمگە دەرسلەرنى ئۆزلىگىمدىن ئۆگىنىپ بولمىغىچە ھەرگىز توي قىلمايمەن، دىگەن تۈزۈمدىن بىرنى بەلگىلىشىم لازىم.

يەنە بىر يىلدىن كېيىن، ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىۋاتقان دەرسلەردە يەنىلا تۈزۈك ئىلگىرىلەش بولمىدى. شياۋ خۇ ئۆيلەندى. توي قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخشىمى ئۇ يەنە كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ قەسەم سۆزى يازدى:

ئەندى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىمەن. غەيرەت ـ ئۇستىگە غەيرەت قىلىپ، دەرسلەرنى ئۆزلىگىمدىن ئۆگىنىپ بولغاندا، ئاندىن بالىلىق بولىمەن...

تۆتىنچى باھارمۇ كىلىپ قالدى. شياۋ خۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى بۇرۇنقىدەك تۇرىۋەردى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى قۇچىغىغا ئېلىپ ئەكىلىپ تۇرغان يېقىملىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ھەۋىسى كەلدى. ئاخشىمى، ئۇ خوتۇنىنىڭ يېنىدا يېتىپ:

ــ بىزمۇ بالىلىق بولساق بولغۇدەك! ــ دىدى.

ــ دەرسلىرىمنى ئۆگىنىپ بولمىغىچە، بالىلىق بولمايمەن، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

ــ قارىمامسەن، بالىلىق بولغانلار نىمە دىگەن بەختلىك ھە! بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەڭ، مەن تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆگىنەلەيمەن!

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ شياۋ خۇ خوتۇنىنى قايىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، شياۋ خۇ سىياسەتتە يەنە بىر قېتىم كەڭ بولدى.

ــ ئى خۇدا، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلالمىدىم، كەچۈرگەيسەن. بالىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزەمنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن.

شياۋ خۇ ئارزۇسى بويىچە بىر ئوغۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراشچىلىقتا پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بەزىدە كىتاپنى ئەمدىلا قولىغا ئالا ـ ئالمايلا مۈگىدەپ قالىدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ قالدۇردى:

بەس، ئۆتكەن ئىشلارغا سالـۋات. ئەمـدى بالامـنى چوڭ قىلىۋېلىپ، ئاندىن دىققەت ـ ئېتىۋارىمنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنەي!

تەرجىـمە قىلغـۇچى: رەھىم يـۈسـۈپ.

تەرجىمە مۇھەررىـرى: ياسىن ھاۋازى.

## ”خەتـتات“

## سى يۈشـېڭ

خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدە، كىشىـلەر مۇسابىـقە كۆرۈۋاتـقان گاۋ جۈجاڭنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۇنى خەت يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى.

ـــ نىمە يازسام بولار؟ ـــ گاۋ جۈجاڭ مىيىغىـدا كۈلۈپ قويۇپ، قولىغا قەلەم ئالدى ـ دە، بۇرۇلۇپ باشقىلاردىن سورىدى.

ـــ نىمە يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ. جۈجاڭ قولى ئاسان كېلىدىـغان، كۆڭلىدىكى ياخشىراق خەتنى يازسۇن.

ـــ سەتچىلىك بولىدىغان بولدى ـ ھە! ـــ گاۋ جۈجاڭ بىر ھازا ئويـلاندى ـ دە، تىترەپ تۇرغان قولىدىـكى قەلەم ـ قەغەزگە قاراپ يۈز ـ لەندى. شۇ زاماتلا ”قوشۇلىمەن“ دىـگەن كۆركەم چوڭ خەت قەلەم ئۇچىدىن قەغەز ئۈستىگە سەكرەپ چۈشتى.

كىشىلەر توپى ئىچىدىن ھەيران قالغانلىق ساداسى كۆتىرىلـدى. بەزىلەر ”يەنە بىرنەچچە خەت يېزىـپ بەرسۇن!“ دەپ ۋاقىراشـتى. گاۋ جۈجاڭ ئاۋاز چىققـان تەرەپكە قارىـدى ـ دە، چىـرايى ئۆڭگەن ھالدا:

— يازمىسامۇ بولار، ياخشىراق يازالايدىغان خېتىم شۇ خەتلا ئىكەن، — دېدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەھىم يۇسۇپ.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

## ئۇلار مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدى

### خاۋ ۋېي

بۇ تامامەن تاسادىپىيلىق ئىدى — ئەگەر ئۇ بۇ ئاشخانىغا كىرمەي، باشقا بىر ئاشخانىغا كىرگەن بولسا، ئىشىك ئالدىدىكى بىرقانچە سېكۇنتلۇق ئارىسالدىلىق ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويمىغان بولسا ئىدى. بۇ ئىشلارمۇ ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

ئەمما، بىرقانچە سېكۇنتلۇق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ ئاشخانىغا كىردى.

قاتارغا تۇردى. بېلەت ئالدى. تۆشۈككە بېرىپ تاماق ئالدى.

ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا، ئۇلار تەڭلا بىر بىرىنى كۆرۈپ قېلىشتى، دەسلەپتە ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ھاڭقېتىپ قېلىشتى: شۇنى دېمەمدىغان، بۇنداق بىر پەيتتە ئۇچرىشىپ قېلىش ھېچقايسىنىڭمۇ خىيالىغا كىرمىگەن ئىدى.

— ۋوي، لاۋ نيوغۇ سەن؟

ئۇ ئىككىنچى تەرەپنىڭ لەقىمىنى توۋلىدى.

— ھوي، بىلمىدار، سەنمىدىڭ! — لاۋ نيومۇ ئۇنىڭ لەقىمىنى چاقىردى. بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى بىر گەۋدە جوزىنىڭ يېنىدا ئۆرە قوپتى، پەلتۇسىنىڭ پېشى جوزىغا ئىلىنىپ قېلىپ، جوزا مىدىرلاپ كېتىپ، بىر جوزىدا ئولتۇرغانلار كۆز قىسىپ قويغىنىدا ئۇ

ئالدىراپ ـ تېنەپلا:
ــ كېچىرىڭلا ــ دەپ ئەپۇ سوردى.
ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى ـ دە، لاۋ نىيو قاچانىڭىياغى بۇنداق سىپايە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ــ دەپ ئويلاپ قالدى.
كوللىكتىپ تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ئۆتىشەتتى. 5 يىلنىڭ ئالدىدا بىللە شەھەرگە قايتىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇ بىر زاۋۇتقا تەقسىم قىلىنىپ كۆرسەتكۈچ ئەسۋاپقا قارايدىغان ئەپچىل بىر ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ؛ لاۋ نىيو تاشيول ئاسراس ئوچاستىكىسى دەمدۇ بىر ئورۇنغا تەقسىم قىلىنغان ئىكەن، تۇرمۇش قۇرۇپ بالا ـ چاقىلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا بېرىپ كېلىشمۇ ئازىيىپ قالغان ئىدى. ئالدىراشچىلىقتا ئۇلار بىر بىرىنى ئىزدىشەلمەي قالغان ئىدى. زېغىرلاپ ھىساپلاپ كەلسە، كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىلدىن ئارتۇغراق ۋاقىت بولۇپتۇ.
ئۇلار تالىشىپ يۈرۈپ ھاراق، سەي ئېلىشتى.
ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، لاۋ نىيونىڭ ئىگىز بەستىگە، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا قاراپ، ئويلايتتى.
شۇنداق، شۇ كوللىكتىپ تۇرمۇشتا، لاۋ نىيو ئۆزىنىڭ ئوچۇق چىرايلىقى بىلەن نام چىقارغان ئىدى، باشقا بىرەرسى بىلەن زادىلا يىرىكلىشىپ قالمىغان ئىدى، بۇنداق قىلىقلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. بىرقانچە يىل مابەينىدىكى شەھەر تۇرمۇشى لاۋ نىيونىڭ بۇنداق خۇشخۇي مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدى، بۇنىسى قەدىرلەشكە ئەرزىيتتى.
قانداقراق، ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن؟ ــ دەپ سوردى لاۋ نىيو.
ــ نىمە دىسەم بولاركىن ـ تاڭ، ئىشقىلىپ قەدىر ئەھۋال يۈرىۋا-

تىمەن. — ئۇ پەرۋا قىلمىغاندەك تەرىزدە گەپنى قەستەنگە تۇزلا ئېيتتى.

ئۇ ئىچىدە ئاجايىپ پەخىرلىنەتتى. ئۇ تەڭ-تۇشلىرىنىڭ قاتارىدا زېرەك، قولى ئەپچىللەردىن ئىدى، خىزمەتتە ئېھتىياتچان بولغاچقا، چوڭراق چاتاق-پاتاقمۇ چىقمىغان ئىدى، ھەر ئايلىق مۇكاپاتىمۇ خېلى بار ئىكەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرىنى باھالاشتا ئىلغارلار تەرەپتىرەك تۇرىدىكەن؛ ئائىلە قۇرۇلۇشىمۇ كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىقتا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلىۋاپتۇ... ھەممە ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇۋېتىپتۇ.

ئۆزەڭچۇ ئەمسە؟ — دەپ سوردى ئۇ.

— مەنمۇ؟ — قەدىر ئەھۋال، دەپ جاۋاپ بەردى لاۋ نيۇ.

ئۇ ئاسانلا قانائەت ھاسىل قىلاتتى دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇلار يەپ-ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، پاراڭنىڭ تېمىسى ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشقا باشلىدى... كوللىكتىپ تۇرمۇشتىن تارتىپ ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالىغىچە، ئاندىن يەنە ھازىرقى جەمئىيەت ئەھۋالىدىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى...

ئۇلارنىڭ گېپى ناھايىتى تېزلا بىر يەردىن چىقىپ قالدى، نىملا دىگەن بىلەن بىر كاڭنىڭ ئۈستىدە 3-4 يىل بىللە ياتقان-دە! لېكىن نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، لاۋ نيۇ ئۇنىڭغا ئەينى يىللاردىكى لاۋ نيۇ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى، قايسى تەرەپتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى: مىجەزىمۇ؟ گەپ-سۆزىمۇ؟ توپ توغرا بىر نەرسە دىيىش تەس ئىدى. لېكىن ئۇ راستىنلا لاۋ نيۇنىڭ ئۆزگىرىپ، كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى.

كېيىن لاۋ نيو بىر سائەتتىگە، بىر رومكىدىكى ھاراقنا قاراپ قويۇپ:
كەيپىڭ قانداقراق؟ — دەپ سوردى.
— چاتاق يوق. ئۇنى ئىچەمسە دەپ سوردىمىكىن دەپ ئويلاپ، تۈز كۆكۈللۈك بىلەن جاۋاپ بەردى.
لاۋ نيو ئارقىدىنلا يەنە:
— مېنىڭچە... ھەر ئىككىلىمىز خېلى ئىچىشتۇق، قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ يەردە بولىدى قىلايلى، مەن چۈشتىن كېيىن دەرس ئاڭلاشقا بارىمەن، يۈز ـ كۆزلىرىمنى قىزارتىۋالسام قانداقمۇ دەرسخانىغا كىرگىلى بولسۇن... — دېدى.
— دەرس ئاڭلايمەن دېدىڭما؟ نىمە دەرس ئاڭلايسەن؟ — ئۇ خاتا ئاڭلاپ قالدىممىكىن، دەپ قالدى.
تېلېۋىزىيە داشۆ. تېلېۋىزىرىيە داشۆدە ئوقۇۋاتىمەن.
نىمە؟ تېلېۋىزىرىيە داشۆ؟ لاۋ نيو تېلېۋىزىرىيە داشۆدە ئوقۇۋېتىپتۇ ـ دە؟ ئۇ لاۋ نيوغا خۇددى ئۇنى تونۇمايدىغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ كەتتى. بۇ شادا پاچاق لاۋ نيو ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ تېلېۋىزىرىيە داشۆدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ يۈزىنىڭ قىزىغانلىقىنى ھىس قىلدى، ھاراقنىڭ كۈچى بېشىغا چىققان ئىدى، ئەينى يىللاردىكى كوللىكتىپ تۇرمۇشتا، ئەسلىدە ئۆزىنىڭمۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى ئىدى. دەسلەپكى يىلى داشۆ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەچكە، كېيىن ئۇنى تاشلاپ، ھەممە ۋاقتىنى ئۆي ئىشلىرىغا، ئۇن ئالغۇلارغا سەرپ قىلدى. لاۋ نيوچۇ...
كېيىن لاۋ نيو چىقىپ كەتتى. ماڭىدىغان چاغدا لاۋ نيو ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويۇپ، ئۇنى باشقا بىر كۈنى ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلى-

غنى ئەسلىيەلمەيتتى. پەقەت ئشكتن چىقىدىغان چاغدا، ئۇزد-
نىڭ بىرئاز بېشى قېيىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ، دەرھاللا تامنى
تۇتۇۋالدى.

(«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ
1984 - يىل 26 - ئىيۇل سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **خۇدابەردى خېلىل.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

# قىستۇرما رەسىم

## مېڭ ۋېيزەي

چيەن پەملىلىك باشقارما باشلىغى ھۆججەت سومكىسىنى كۆتىرىپ ئۆيگە قايتتى - دە، 25 ياشلىق ئوغلى شياۋ مىننىڭ رەسىم سىزىپ ئولتۇرغانلىغىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەسلىدە رەسىم سىزالمايدىغانلىغىنى بىلەتتى، نىمە ئىش ئەمدى بۇ؟ ئۇ يېقىنلاپ بېرىپ قارىۋېدى، راست دىگەندەكلا ئۇ ناھايىتى سەت سىزىپ قويۇپتۇ، رەسىمدىكى ئادەمنىڭ بەستى بىلەن باشقا ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى زادىلا ماسلاشماي قاپتۇ — بەستى نورمال بولسىمۇ، بېشى كىچىككىنە سامساقنىڭ بېشىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

— ھەي بۇ نىمەڭنى رەسىم دىگىلى بولامدۇ؟ — باشقارما باشلىغى ھۆججەت سومكىسىنى قويدى، شەپكىسىنى ئالدى ۋە پەلتۇسىنى يېشىپ تاشلىدى.

شياۋ مىن ھىجىيىپ تۇرۇپ:



www.uyghurkitap.com

— دادا، مېنىڭ بۇ سىزغىنىم سىزنىڭ رەسىمىڭىز جۇمۇ، پەرق ئېتەلمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— نېمە بىئەدەپلىك قىلىپ يۈرىسەن!؟

— راست داۋاتىمەن، يالغان بولسا قاراپ بېقىڭ، — شياۋ مىن قەلەمنىڭ ئۇچى بىلەن رەسىمنىڭ ئاستىدىكى بىر قۇر خەتنى دادىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، رەسىمنى سۇندى.

رەسىمنىڭ ئۈستىگە "دادامنىڭ تارىخىي ئىدىيىۋى تارىخىغا ئائىت قىستۇرما رەسىم — بىرىنچى" دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى.

باشقارما باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە قىلغان ئىشىڭ بۇ؟

شياۋ مىن قېرىنداش قەلەمنى ئوينىغاچ كارۋاتقا يۆلىنىپ تۇرۇپ، بىردىنلا زەيتۇنرەڭ پىنجىكىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ قالغان تاماكا كۈلىنى قېقىۋەتتى - دە:

— بۇنىڭ مەنىسى: سىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى كالىڭىز يوق ئىدى، ئۆزىڭىزنىڭ كاللىسىنى ئىشلىتىپ ئويلانمايسىز، ئۆزىڭىز-نىڭ ھېچقانداق پىكرى يوق، مانا ئەمدىغىنە كىچىككىنە كاللىڭىز چىقىپ قاپتۇ، دېگەنلىك بولىدۇ، — دېدى.

باشقارما باشلىقى خىر - خىر كۈلۈپ قويۇپ، رەسىمنى كۆتىرىپ دەرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— شۇنداق ئىشمۇ بولىدىمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، — شياۋ مىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چەككەچ قەتئىيلىك بىلەن دېدى، — مەن ھېلىلا سىزنىڭ ماقالىڭىزنى كۆردۇم، خۇلاسە دەمسىز، دوكلات دەمسىز، ئۆز ئۆزىنى تەكشۈرۈش دەمسىز، گېزىتتە ئېلان قىلغان پارچە - پۇرات ئوبزورلارنى دەمسىز،

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى باشقىلار دىگەننى دىيىشتىنلا ئىبارەت ئىكەن، باشقىلار دىمە- گەن گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ نەرسىسى قىلچىمۇ كۆرۈنمەيدىكەن، سىزنىڭ خاراكتىرىڭىز تېپىلمايدىكەن. ئاشۇنداق قۇرۇق ئورتاقلىقلا بار ئىكەن، نىمە دىگەن يىرگىنىشلىك ھە! ئەگەر پۈتۈن دۇنيا نۇقتىسىدىن ئالساق، پۈتۈن جۇڭگودا بىرلا كاللا پىكىر قىلىدىغاندەك يىللارنىڭ ئالاھىدىلىگىنىمۇ بىر خىل خاس- لىق دىيىشكىمۇ بولار، ئەلۋەتتە! بۇ ئاجايىپ بەختسىزلىك، ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ ئېسىڭىزدە باردۇ؟ مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ سىز داۋاملىق "گەپ بىر يەردىن چىقىش"، "تەك- شۈرۈپ بېقىپ سۆزلەش" دەيتتىڭىزغۇ!

چيەن پەمىلىلىك باشقارما باشلىغى ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ يەنە ئۇ رەسىمگە قاراپ خىيال سۈرگەن ھالدا، بېشىنى لىڭ- شىتىپ قويۇپ، خېلى بىر ھازاغىچە لام-جىم دىمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، شياۋ مىن تېخى ئورنىدىن تۇرماستىلا باشقارما باشلىغى ئوغلى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئوغلىغا بىر پارچە رەسىم بەردى. رەسىمنىڭ تېمىسى "ئوغلۇمنىڭ پىيتىلىش تارىخىغا ئائىت قىستۇرما رەسىم بىرىنچى" ئىدى.

شياۋ مىن سىپمىز بىلەكلىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، رەسىمنى ئېلىپ تەپسىلى كۆرۈپ چىقاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— دادا، سىز مېنىڭ بېشىمنى يەر شارىدەك يوغان، بەدىنىمنى ياپونلۇق ئاياللارنىڭ قىرىنداش قەلىمىدەك قىلىپ سىزىپ قويۇپسىز -- بۇ پەقەت قاملاشماي قاپتۇ؛ ئايىغىم چۇ تېخى؟

چيەن پەمىلىلىك باشقارما باشلىغى ئادىتى بويىچە خىرىلداپ

كۆلۈپ قويۇپ:

ــ سەنمۇ مېنى سامساقنىڭ بېشىچىلىك بېشىڭ بار ئىكەن دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ رەسىم مېنىڭ سېنى تەكشۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىشىمدىن كەلگەن، ــ دېدى.

(«جۇڭگو مىكرو ھېكايىلىرى»نىڭ
1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **خۇدابەردى خېلىل.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

## ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن...

ــ دادا، ماڭا بىر گۈللۈك دۇمباق ئېلىپ بېرىڭا، چېلىپ ئوينااي.

ــ سەن دۇمباق چالساڭ، مەن كىتاپ كۆرەلمەي قالىمەن.

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، چالسامۇ سىز ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مايمۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

## م. زوشچېنكو

«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى:

مىخائىل مىخائىلوۋىچ زوشچېنكو (1894 — 1958) — سوۋېت ئىتتىپاقىد-
نىڭ 20 — ، 30 — يىللاردىكى مەشھۇر پىروزا يازغۇچىسى، ئۇنىڭ قىسقا
ھەم نادىر، ئۆتكۈر ھەجۋى ھېكايىلىرى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، 1939 —
يىلى قىزىل بايراق ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

1946 — يىلى، زوشچېنكو «يۇلتۇز» ژۇرنىلىدا «مايمۇننىڭ سەر-
گۈزەشتىلىرى» ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى، شۇ يىلى 8 — ئايدا سوۋېت
ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ب) مەركىزىي كومىتېتى «يۇلتۇز»
ۋە «لېنىنگرات» ژۇرناللىرىنى تەنقىت قىلغان چاغدا، زوشچېنكونى ۋە
ئۇنىڭ مۇشۇ ھېكايىسىنى تەنقىت قىلغان ئىدى؛ 9 — ئايدا، زوشچېنكو
يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن زوشچېنكو
مۇھىم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلماستىن، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللى-
نىدۇ. 1953 — يىل 6 — ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى
زوشچېنكونىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1956 — يىلدىن
باشلاپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايتا نەشر قىلىندى. «ئەدەبىيات گېزىتى»
نىڭ 1984 — يىلى بىرىنچى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان «ھەقىقەت گېزىتى» نەشرىياتى زوشچېنكونىڭ ھېكايىسىنى 2 مىليون
نۇسخا نەشر قىلغان، ئەدەبىيات نەشرىياتى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى 4 توم
قىلىپ نەشر قىلماقچى بولغان. ئېلىمىزنىڭ چەتئەل ئەدەبىياتى ساھە-

سدىكىلىرىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زوشېنكونى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتـ-
قىق قىلىش ئىشىنى كۈچەيتمەكـتە، ئۇنىڭ «مايمۇنـنىڭ سەرگۈزەشتـ-
لىرى» دېگەن ئەسىرىگىمۇ قىزىقماقتا؛ لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى تەرجىمە
قىلىنمىغان ئىـدى،كۆپ ساندىـكى يولداشـلارمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىـنىڭ
ئەسلى نۇسخىسىنى تاپالمىغان. مانا ئەمدى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش
ئېهـتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، «مايمۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ھېكايىسىـ-
نىڭ تولۇق تېكىستىنى تەرجىمە قىلىپ باستۇق.

جەنۇپتىـكى مەلۇم بىر شەھەردە بىر ھايـۋاناتـلار باغچىـسى بار ئىدى. بۇ كىچىككىنە ھايۋاناتـلار باغچىسىدا: بىر يولـۋاس، ئىككى تىمـساق، ئۈچ يىـلان، بىر قۇلان، بىر تۆگە قۇش ۋە بىر مايـمۇن، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇزۇن قۇيرۇقـلۇق مايـمۇن بار ئىـدى. ئەلۋەتـتە، يەنە ھەر خىل كىـچىك ھايۋانـلار ـــ قۇشـقاچ، بېـلىق، پاقا ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن كەلگەن باشقا ئۇششاق ھايۋانـلارمۇ بار ئىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فاشىستلار بۇ شەھەرنى بومبار-دىمان قىلغان چاغدا، بىر بومبا دەل ھايۋاناتلار باغچىسىغا چۈشۈپ كېتىـپ، بومـبا پارتـلاش بىلەن قۇلاقـنى يارغۇدەك قاتـتـىق ئاۋاز كۆتىرىلدى ـ دە، ھايۋاناتلار جېنى چىققۇدەك چۆچۈپ كېتىشتى.

ئۈچ يىلان شۇ ئاندىلا پارتلاپ ئۆلۈپ قالدى، بۇ ئانچىۋالا چوڭ ۋەقە بولمىسا كېرەك بەلـكىم، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كىشىنى ئەپسۇسـ-لاندۇرىدىغىنى، تۆگە قۇشنىڭمۇ پارتلاپ ئۆلۈپ كېتىشى بولدى.

باشـقا ھايـۋانـلار ئامان قالـدى، ئادەتـتە ئېيتىلغىنىـدەك ئۇلار چۆچۈپلا كەتتى، خالاس.

جىمى ھايۋانلار ئىچىدە مايـمۇن ـــ ئۇزۇن قۇيرۇقـلۇق مايـمۇن

www.uyghurkitap.com

ھەممدىن بەك قورقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قۇمىسى بومىسىنىڭ زىلىمى بىلەن ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ قۇما ئىگىز جايدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يان تەرىپى ئاجراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مايمۇنىمىز قۇمدىن ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ كىچىك يولىغا يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇ يولغا يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، ھەربى پائالىيەتكە ئادەتلەنگەن كىشىلەردەك جىم يېتىۋەرمەي، تۇرغانچە تۇرۇپلا دەرەخقە يامىشىپ چىقىپ، ئاندىن دەرەختىن يەنە قورۇق تامغا ئۆتۈپ، تامدىن كوچىغا چۈشۈۋېلىپ، بەدەر قېچىپ كەتتى.

ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ: ”ھەي، بۇ يەرگە بومبا چۈشكەن ئىكەن، ئەمدى مەن بۇ يەردىمۇ تۇرالمايدىغان بولدۇم“ دەپ ئويلىدى ــ دە، كوچ ــ ماغدۇرىنىڭ بارىدا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلغۇسى كېلىپ قالدى.

ئۇ پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىپ بىر تاشيولغا چۈشتى ــ دە، شۇ تاشيول بىلەن ماڭغانچە شەھەردىن چىقىپ كەتتى. مىڭ قىلغان بىلەنمۇ ئۇ ئادەم ئەمەس، مايمۇن ــ دە! ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شەھەردە تۇرۇپ قالغاننىڭ ھېچ تامتىغى يوق تۇيۇلاتتى.

ئۇ يۈگۈرە، يۈگۈرە، ئاخىر ھېرىپ ــ چارچاپ ھېچ دەرمانى قالمىدى. ئۇ بىر دەرەخقە چىقىپ بىر چىۋىنىنى تۇتۇپ يەپ بىرئاز ماغدىرىغا كەلدى. ئۇ يەنە ئىككى قورۇتىنىمۇ يېۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدىلا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى.

شۇ ئەسنادا تاشيولدا كېتىۋاتقان بىر ھەربى ماشىنىنىڭ شوپۇرى دەرەختىكى مايمۇننى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، ئاستا بىلىندۈرمەي

مايمۇنغا يېقىن كەلدى ـ دە، مايمۇننى پەلتۇسى بىلەنلا باسۇرۇپلا تۇتۇۋېلىپ ماشىنىسىغا سېلىۋالدى. ئۇ بۇ ئىش ئۇستىدە: "ئۇنىڭ ئاچ قېلىپ، توڭلاپ ياكى باشقا پىشكەللىكلەر بىلەن ئۆلۈپ قالغىنىدىن كۆرە، ئۇنى بىرەر تونۇشۇمغا بەرگىنىم تۈزۈك" دەپ ئويلاندى ـ دە، مايمۇننى ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار بورسوۋسكى شەھىرىگە يېتىپ باردى. شوپۇر بىر ئىش بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇننى ماشىنىدا قالدۇرۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا:

— سۆيۈملۈك بۇرادەر، مۇشۇ يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن! — دەپ تاپىلاپ قويدى.

لېكىن بىزنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇنىمىز ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئەينىكى سۇنۇپ كەتكەن دەرىزىدىن چىقىپلا كوچا ئايلىنىپ تاماشا قىلىشقا كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ خۇددى كېلىشكەن يىگىتلەردەك قىياپەتتە، قۇيرۇغىنى خادا قىلىپ كوچا ئايلاندى. كىشىلەرمۇ ئەلۋەتتە، ھەيران قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇشتى. لېكىن ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئاسان ئەمەس ـ تە. ئۇ چەبدەس، زېرەك بولغاچقا، ئۇچقاندەك تېز چاپاتتى. كىشىلەر قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشتىيۇ، ئۇنى تۇتۇۋالالماي قالدى، لېكىن ئۇنىڭغا خېلى جەبرى سېلىشتى.

مايمۇن ھېرىپ ھالسىراپ كەتتى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قوسىقىمۇ ئېچىپ، بىر نەرسە يىگۈسى كېلىپ قالغان ئىدى.

ئەمما شەھەردە نەدىمۇ ئۇنىڭغا يىگۈدەك نەرسە تېپىلسۇن؟ بازاردا يىگۈدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى سۆرەپ ئاشخانىغا ياكى كوپىراتىپ ماگازىنلىرىغا كىرەلىشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر تىيىنمۇ پۇلى يوق، ئەرزەن باھالىق نەرسە ساتىدىغان جايمۇ يوق. ئۇنىڭدا ئاشلىق كىنىشكىسىمۇ يوق. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ھالى بەك خاراپ ئىدى!

ئاخىردا، ئۇ بىر كوپىراتسىپ ماگازىنىغا كىردى. ئۇ بۇ ماگازىندا بەزى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئاھالىلەرگە سەۋزە، تەرخەمەك قاتارلىق كۆكتاتلار ساتىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

ئۇ بۇ ماگازىنغا كىرىپ قارىۋىدى، كىشىلەر ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاتار بولۇشۇپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ياق، ئۇنىڭ قاتارغا تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ قاتاردا تۇرغان ئادەملەرنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ پۇكەي تۆۋىگە بېرىپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇ قاتاردا تۇرغان خېرىدارلارنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپلا پىرىكازچىك قىزنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇ پۇكەينىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى ـ دە، سەۋزىنىڭ بىر كىلوسى قانچە پۇل ئىكەنلىكىنىمۇ سوراپ يۈرمەستىن خۇددى تەمسىلىلەردە دېيىلگىنىدەك، ئۇ شۇنداق بىر نەرسە... بولۇپ قالدى. ئۇ ماگازىنىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ ”سودا“سىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ھەي، ئۇ بەربىر مايمۇن ـ دە. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ قاتارنىڭ قۇيرۇغىدا تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىردا يېمەكلىك ئالالماي قېلىشنىڭ دەردىنى بىلمەيتتى.

ماگازىن پاتىپاراقلىشىپ، ۋاڭ ـ چۇڭ دەستىگە تۇرغۇسىز بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ كېتىشتى. قىچا كۆكى جىگلا-ۋاتقان پىرىكازچىك قىز بۇ ئۆشتۈمتۇت قىلىنغان ھۇجۇمدىن چۆچۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ھوشىدىن كەتكىلى تاس ـ تاس قالدى. ئەمىلىيەتتە، ئاددى، ئادەتتىكى خېرىدارلارنىڭ ئارىسىدىن تۈكلۈك، قۇيرۇقلۇق بىر غەلىتە مەخلۇق تۇساتتىنلا سەكرەپ چىقىپ

كەلسە، ئادەم قورقۇپ كېتىدۇ-دە ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ پۇل تۆلىمىگىنىچۇ-تېخى.

كىشىلەر مايمۇننى تۇتىمىز دەپ يۈگۈرۈشۈپ كوچىغا چىقىشتى. مايمۇن بولسا سەۋزىنى يېگەچ قېچىۋەردى. ئۇ تېخى نىمە ۋەقە بولغانلىغىنىمۇ ئاڭقىرالمىغان ئىدى!

قارىماسىز، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئوغۇل باللار قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدە چوڭ ئادەملەرمۇ يۈگۈرۈشمەكتە. ھەممىنىڭ ئارقىسىدا بولسا ساقچى پۇشتەك چالغان پېتى ماڭماقتا ئىدى.

ئۇشتۇمتۇتلا قاياقتىندۇ بىر ئىت چىقىپ كېلىپ بىزنىڭ مايمۇنىمىزنى قوغلاشقا باشلىدى. ئىت ھاۋ-ھاۋ قىلىپ ھاۋشىش بىلەنلا بولماستىن، بەلكى مايمۇننى چىشلەپ تۇتۇۋالماقچى بولدى.

مايمۇنىمىز تېخىمۇ تېز پاتىراقشىپ چېپىپ كەتتى. ئېھتىمال، ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ: "ھەي، ھايۋاناتلار باغچىسىدىن چىقمىسامىمۇ بولغان ئىكەن بايا. قۇمنىڭ ئىچى خويمۇ تېچ ئىدى. ئامال بولسىلا ھايۋاناتلار باغچىسىغا قايتىپ بېرىۋالىمەن" دەپ خىيال قىلىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە قاچتى، ئەمما ئىتمۇ بوش كەلمىدى، يېتىشۋالاي-يېتىشۋالاي دەپلا قالدى.

ئەھۋال شۇ ھالغا كەلگەندە مايمۇنىمىز بىر قورۇق تامغا سەكرەپ چىقىۋالدى. ھېلىقى ئىت مايمۇننىڭ بىرەر پۇتىنى بولسىمۇ چىشلەۋالسام دەپ يۇقۇرىغا چاپچىپ سەكرىدى، ئەمما مايمۇن سەۋزە بىلەن ئىتنىڭ بۇرنىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇردى. ئۇ ئىتنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئىت غىڭشىغان پېتى ئۆيىگە قېچىپ كەتتى. ئەمدى ئىت: "ياق، گىراژدانلار، سىلەرگە مايمۇننى

تۇتۇشۇپ بىرىمەن دەپ بىكاردىن ـ بىكارغا بۇ دەرتىنى تارتقىچە، ئۆيدە خاتىرجەمگىنە ياتقىنىم تۈزۈك ئەمەسمىدى“ دەپ ئويلىغاندۇ بەلكىم.

قىسقىسى، ئىت قېچىپ كەتتى. مايمۇنىمىز بولسا لىككىدە سەكرەپ بىر ھويلىغا چۈشۈۋالدى.

شۇ چاغدا، ئالىيوشا پوپوۋ ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا ھويلىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان ئىدى.

قارىماسىز، ئۇ ئوتۇن يېرىۋېتىپ، كۆزى بىردىنلا مايمۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ مايمۇننى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەمىشە يېنىمدا ئاشۇنداق بىر مايمۇن بولسا دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە، مايمۇننىڭ ئۆزى كەلگىنىنى قاراڭ!

ئالىيوشا چاپىنىنى سالدى ـ دە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى شوتىغا چىقىۋالغان مايمۇننى چۈككەپلا تۇتۇۋالدى.

ھىلىقى ئوغۇل بالا مايمۇننى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى، چاي ئىچكۈزدى. مايمۇن بەك مەمنۇن بولۇپ كەتتى. لېكىن شۇغىنىسى، ئالىيوشانىڭ چوڭ ئانىسى ھە دېگەندىلا مايمۇننى يامان كۆرۈپ قالدى. موماي ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ تاپىنىغا ئۇرماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ چاي ئىچكەن چاغدا، موماي بىر پارچە قەنتنى بىر چىشلىۋېلىپ تەخسىگە قويۇپ تۇرۇشىغا، مايمۇن مومايىنىڭ ھىلىقى قەنتىنى كاپ قىلىپ ئېلىپلا ئاغزىغا سېلىۋالدى. ھەي، مايمۇن دېگەن بەرىبىر ئادەم ئەمەس ـ تە! ئادەم بولىدىغان بولسا، مومايغا كۆرسەتمەيلا ئېلىۋالغان بولاتتى. ئەمما مايمۇن بۇنى مومايغا كۆرسىتىپ تۇرۇپلا ئالدى. موماي بۇ ئىشقا ئاچچىغلاپ يىغلىۋەتكۇدەك بولۇپ كېتىدۇ ـ دە ئەلۋەتتە.

مومای سۆزلەپلا كەتتى:

— ئىشقىلىپ، ئۆيدە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر قۇيرۇقلۇق مۇتىھەم مايمۇن بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئادەم سىياقى يوق ئەپتىدىن قورقىدىكەنمەن. ئۇ قاراڭغۇدا سەكرەپ ئۈستۈمگە چىقىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ قەن-گېزەكلىرىمنىمۇ يېۋېلىۋاتىدۇ تېخى. ياق-ياق، مەن ھەرگىز مايمۇن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمايـ مەن. ئىككىمىزنىڭ بىرى ھايۋاناتلار باغچىسىدا تۇرۇشىمىز كېرەك. مەن ھايۋاناتلار باغچىسىغا كۆچۈپ كەتسەم بولامدۇ-يا؟ ياق، مايمۇن شۇ يەرگە كەتسۇن. مەن ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرىمەن.

ئاليوشا مومىسىغا دېدى:

— ياق، موما، سىزنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسىغا كۆچۈپ كېتىشىـ ڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇن ئەمدى سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىزنى يېمەيدۇ، مەن ئۇنى ئادەمنى تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەيمەن. مەن ئۇنىڭغا قوشۇق بىلەن تاماق يېيىشنى، ئىستاكان بىلەن چاي ئىچىشنى ئۆگىتىمەن. ئۇنىڭ ئۇ ياق-بۇ ياققا سەكرەپ يۈرۈشىنى دېسىڭىز، ئۇنىڭ تورۇستىكى چىراغنىڭ ئاسمىسىغا يامىشىپ چىقىشىنى چەكلەشكە ئامالىم يوق. ئەلۋەتتە، ئۇ شۇ يەردىن سىزنىڭ بېشىڭىزغا سەكرەپ چۈشۈۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنىسى مۇھىمكى، شۇنداق ۋەقە يۈز بەرسە، قورقـ ماڭ. چۈنكى ئۇ، ناھايىتى بولسا، ئافرىقىدا شۇنداق سەكرەپ ئۆگىنىپ قالغان، لېكىن ئادەمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئاليوشا مەكتەپكە باردى. ئۇ مومىسىدىن مايـ مۇننىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. موماي: "قارىغىنا تېخى، مەنزە غەلىتە مەخلۇقلاردىنمۇ خەۋەر ئېلىپ يۈرىدىـ

www.uyghurkitap.com

كەنمەن ـ دە؟!“ دەپ ئويلاپ قالـدى. موماي مۇشۇنـداق ئويـلاپ، قەستەن سافادا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

شۇ چاغدا، مايمۇنـىمىز ئۇچـۇق تۇرغان پارتۇچكىـدىن كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىنىڭ كۇنگەي تەرىـپى بىلەن ماڭـدى. بۇنى ھېچكىم بىلمەي قالدى، ئېھتىمال، ئۇ كوچا سەيلىسى قىلماقچى بولسا كېرەك، لېكىن، ئۇ ماگازىنغا بېرىپ قاراپ بېقىپ، ئاز ـ تولا نەرسە ـ كېرەك ئالماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ پۇلغا ئالماي، شۇنداقلا ئېلىۋېرىدۇ ـ دە...

شۇ چاغـدا، كوچىـدا بىر بوۋاي كېلىـۋاتاتتى. بۇ كافـورلىـچ ئىسىملىك بىر مەجرۇھ ئادەم ئىدى. ئۇ مونچىغا بارماقـچى ئىـدى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بىر سېۋەت بولۇپ، ئۇنىڭغا سوپۇن ۋە ئىچكى كىيىم قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان ئىدى.

ئۇ ئادەم مايمۇننى كۆردى، دەسلەپتە، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. بۇنىڭ مايمۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ئۇ، مەن ھازىرلا يوغان بىر ئىستىكان پىۋا ئىچىۋالغان ئىدىم، خاتا چۈشىنىپ قالدىممىكىن، دەپ ئويلاپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، مايمۇنغا قارىـدى، مايـمۇنمۇ ئۇنىڭغا قاراپلا كەتتى. مايمۇن: ”بۇ قولىغا سېۋەت تۇتـقان ھايـۋان ئەۋرىشكىسى بولمىسۇن ـ يەنە؟“ دەپ ئويلاپ قالدى.

ئەڭ ئاخىردا، كافورلىچ ئۇنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى مايـمۇن بول ـ ماستىن، بەلـكى ھەقىقى مايـمۇن ئىكەنلىكـىنى چۈشەنـدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ”ئۇنى تۇتىۋالاي، ئەتە بازارغا ئېلىپ بېرىپ يۈز رۇبلىغا سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئون ئىستىكان پىۋا ئىچىمەن“ دەپ ئويلىدى. كافورلىچ مۇشۇ قارارغا كەلدى ـ دە، ئۇنى تۇتۇشـقا كىرىشـتى، ئۇ:

"پىش، پىش، پىش... مەيەرگە كەل" دەپ چاقىرغىلى تۇردى.

ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىڭ مۈشۈك ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. لېكىن بۇ مايمۇن بىلەن قانداق تىل بىلەن سۆزلىشىشنى بىلمەيتتى. پەقەت ئەڭ ئاخىردىلا مايمۇننىڭ ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ھايۋان ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. بۇ چاغدا، يانچۇغىدىن كىچىك بىر پارچە قەنتنى ئېلىپ مايمۇنغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي جانان — ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇن، قەنت يېيىشنى خالىمامسىز؟

— خوپ، يەيمەن، — دىدى مايمۇن... ئەملىيەتتە، ئۇ ھېچنىمە دىمىگەن ئىدى، چۈنكى ئۇ تىلسىز ئىدى، لېكىن ئۇ بىرىپلا قەنتنى ئېلىپ يېگىلى تۇردى.

كافورلىچ مايمۇننى تۇتۇپ سىۋىتىگە سېلىۋالدى. سىۋەت ھەم ئىسسىق، ھەم ئازادە ئىدى. بىزنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقلىق مايمۇنىمىز سىۋەتتىن چىقىپ كەتمىدى. ئۇ: "بۇ ئەخمەق بوۋاي مېنى سىۋىتىگە سېلىۋالسىمۇ مەيلى. بۇمۇ قىزىقارلىق ئىش" دەپ ئويلىغاندۇ بەلكىم.

دەسلەپتە، كافورلىچ مايمۇننى ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن كېيىن ئۆيىگە كەتكۇسى كەلمەي، مايمۇننى مونچىغا بىللە ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇ: "شۇنداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەن ئۇنى مونچىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىمۇ يۇيۇندۇرسام، ئۇ پاكىزىلىنىپ، تېخىمۇ يېقىملىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بويىنىغا كېپىنەك شەكىللىك لېنتا باغلاپ قويسام، ئۇنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ تېخىمۇ يۇقۇرى باھادا ساتىمەن" دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بوۋاي ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇننى مونچىغا ئېلىپ

كەلدى. ئۇ مايمۇن بىلەن بىللە يۈيۈنۈشقا باشلىدى.

مونچىنىڭ ئىچى ئىسسىق ئىدى — خۇددى ئافرىقىغا بېرىپ قالغاندەك سېزىلەتتى. بىزنىڭ ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق مايمۇنىمىز بۇنداق ئىللىق شارائىتتىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، لېكىن ھەممىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋەرمەيدۇ ـ دە. كافورلىچ ئۇنى سوپۇن بىلەن يۇيۇپ چىقتى، سوپۇن كۆپۈكلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. راست، سوپۇن دىگەن ئاچچىق ـ تە، ھەلىمۇ ياخشى، سوپۇن كۆپ سۈرتۈلمىگەچكە، ئۇ ۋاقىراپ سالغۇدەك، يۈيۈنۈشقا ئۈنىمىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. قىسقىسى، ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق مايمۇنىمىز ئاغزىدىكى كۆپۈكلەرنى تۈكۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن بۇ چاغدا سوپۇن كۆپۈكى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق مايمۇن پۈتۈنلەيلا چىچاڭشىپ تۇرالماي كەتتى. ئۇ كافورلىچنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپلا ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ، مونچىنىڭ ئىچىدە تەرەپ ـ تەرەپكە چاپقىلى تۇردى.

ئۇ كىشلەر كىيىم سالىدىغان ئۆيگە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ مايمۇن ئىكەنلىگىنى ھېچكىم بايقىۋالالمىغاچقا، ئۇ يەردىكى ئادەملەر چۆچۈپ كەتتى. كىشلەر پەقەت ئۈستى ـ بېشىغا سوپۇن كۆپىگى مىلەنگەن ئاپپاق، دۈپ ـ دۈگىلەك بىر نەرسە كىرگەنلىگىنىلا كۆرگەن ئىدى ـ دە. مايمۇن دەسلەپتە ئۈزۈن سافانىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئاندىن مەشنىڭ ئۈستىدىن ساندۇققا، ساندۇقتىن بىر كىشىنىڭ بېشىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

بەزى نېرۋىسى ئاجىز خېرىدارلار ۋاقىرىشىپ ـ چۇقۇرشىپ مونچىدىن چىقىپ كېتىشتى. مايمۇنمۇ قېچىپ چىقىپ كەتتى، پەلەمپەي

بىلەن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە پۇل تاپشۇرىدىغان بۆلمە بار ئىدى. مايمۇن شۇ يەرگە سەكرەپ كىرىۋالدى. ئۇ، بۇ يەر تېچراقتۇ، ھېچ بولمىغاندىمۇ، بۇ يەردە ئالاقزادىلىق، قىستاڭچىلىق بولماسقۇ، دەپ ئويلىغاندۇ بەلكىم. لېكىن، پۇل تاپشۇرىدىغان بۆلۈمدە دوغىلاق بىر ئايال كاسسىر ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ چىقىرىغان پېتى بۆلۈمدىن قېچىپ چىقىپ ئاللا-توۋا سېلىپ ۋاقىراپ كەتتى:

—ۋايجان، مېنى قۇتقۇزۇڭلار! پۇل تاپشۇرىدىغان بۆلۈمگە بوم-بىدەك بىر نەرسە چۈشتى، ماڭا تېچلاندۇرۇش ئوكۇلى بېرىڭلار!

ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇنىمىز بۇنداق سۈرەن-چۇقاندىن تويۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ پۇل تاپشۇرىدىغان بۆلۈمدىن سەكرەپ چىقىپلا، كوچىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ كوچىدا قېچىپ يۈرمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستى-بېشى چۆپ-چۆپ ھۆل بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى سوپۇن كۆپۈكى، كىشلەر يەنە ئۇنى قوغلىماقتا ئىدى. ئوغۇل باللار ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىدا چوڭ ئادەملەر كېتىۋاتاتتى، چوڭ ئادەملەرنىڭ كەينىدە ساقچى، ساقچىنىڭ كەينىدىكىسى بولسا ياشنىپ قالغان ھىلىقى بوۋاي كافورلىچ ئىدى، ئۇنىڭ كىيىملىرى رەتسىز، ئۆتۈگىنى قولىغا كۆتىرىۋالغان ئىدى.

لېكىن شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىت پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ تۇنۇگۇن مايمۇننى قوغلىغان ئىت ئىدى.

مايمۇن ئىتنى كۆرۈپلا: "ھەي، گىراژدانلار، مەن ئەمدى تۇگە-شىپ كېتىدىغان بولدۇم" دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي.

ئەمما، بۇ قېتىم ئىت ئۇنى قوغلىماي قويدى. ئىت مايمۇنغا بىر

قاراپ قويۇپلا، بۇرنىنىڭ تېخىچە ئاغرىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدى ـ دە، ئۇنى قوغلىمىدى. ھەتتا كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئىت بەلكىم: "ئەگەر مايمۇننى قوغلايدىغان بولسام، بۇرنۇم ئۇن بولسىمۇ چىقىش قىلماس" دەپ ئويلىغاندۇ. بىراق، ئىت كەينىگە يېنىپ كەتكىنى بىلەن، ھە دەپ قاۋاپ قوياتتى. گويا ئۇ: "قېچىۋەرگىن، ئەمما بۇ يەردە مېنىڭ بارلىغىمنى ئۇنتۇپ قالماسسەن ـ ھە!" دىگەندەك قىلىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا، ھىلقى ئاليوشا پوپپوق دىگەن ئوغۇل بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئامراق مايمۇننى تاپالماي بەك ھەسرەتلىنىپ كەتتى. ھەتتا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ، ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن سۆيۈملۈك، ياخشى كۆرىدىغان مايمۇنۇمنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ كوچىغا چىقتى. ئۇ كوچىدا كۆڭلى غەش بولغان ھالدا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ بىردىنلا كىشىلەرنىڭ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىگىنى كۆردى. بىراق، دەسلەپتە ئۇ كىشىلەرنىڭ مايمۇننى قوغلاپ يۈرگەنلىگىنى بايقىماي قالغان ئىدى. ئۇ، كىشىلەر ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىنى ئاڭلاپ قېچىپ يۈرگەندۇ، دەپ قاراپ قالدى بولغاي. لېكىن ئەمدى ئۇ ئۆز مايمۇننى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۈستى ـ بېشى ساپلا سوپۇن كۆپىگى ئىدى. ئۇ ئىتتىك بىرىپلا مايمۇننى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئەمدى ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن دەپ باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى.

يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەر دەرھال توختاپ بالىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قالدى.

لېكىن ئادەملەر ئىچىدىن ھەلىقى ياشىنىپ قالغان بوۋاي — كافورلىچ چىقتى. ئۇ مايمۇن چىشلىۋالغان بارمىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ گەپ قىلدى:

— گىراژدانىلار! بۇ يىگىت مېنىڭ مايمۇنۇمنى قويۇۋەتسۇن، مەن ئەتە بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتماقچى ئىدىم. بۇ مېنىڭ خۇسۇسى مايمۇنۇم، ئۇ مېنىڭ بارمىقىمنى چىشلىۋالدى. قاراڭلار، قولۇم ئىششىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟!. بۇ، مېنىڭ گېپىمنىڭ راست ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ - دە!

ئالىيوشا پوپوۋ دىگەن ئوغۇل بالا مۇنداق دىدى:

— ياق، بۇ مايمۇن ئۇنىڭ ئەمەس، مېنىڭكى. قاراڭلارچۇ، ئۇ مېنىڭ قۇچۇغۇمدا خوشال ئولتۇرغىنىنى. بۇ مېنىڭ گېپىمنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ - دە!

بۇ چاغدا ئادەملەر ئىچىدىن يەنە بىر ئادەم — ھېلىقى شوپۇر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ مايمۇننى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دىدى:

— توغرا ئەمەس، بۇ مايمۇن سېنىڭ ئەمەس، سېنىڭمۇ ئەمەس. مېنىڭ مايمۇنۇم بۇ، ئۇنى مەن ئېلىپ كەلگەن. لېكىن مەن ئۆز قىسمىمغا قايتىپ كەتمەكچى ئىدىم. شۇڭا، مەن ئۇنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ پۇلىغا ھاراق ئىچىدىغان ئادەمگە بەرمەستىن، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان ئادەمگە بېرىمەن. مايمۇن مۇشۇ ئوغۇل بالىغا مەنسۇپ.

بۇ چاغدا، كىشىلەر چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئالىيوشا پوپوۋ خوشال بولۇپ روھلىنىپ كەتتى، مايمۇننى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، خوشاللىق بىلەن ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

كافورلىچ بولسا قولى ئاغرىغان پېتى داۋاملىق يۈيۈنۈش ئۈچۈن مونچىغا قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مايمۇن ئاليوشا پوپوۋ بىلەن بىللە بولدى. مايمۇن هازىر يەنە ئاليوشالارنىڭكىدە تۇرماقتا. يېقىندا، مەن بورسوۋ شەهىرىگە باردىم. مەن ئالايىتەن ئاليوشالارنىڭكىگە بېرىپ، مايمۇننىڭ ئۇلارنىڭكىدىكى ئەهۋالىنى كۆردۈم، پاھ، ئۇ ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى قاچمايدىغان، گەپكە كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ، قولياغلىقى بىلەن بۇرنىنى سۈرتىدىكەن، باشقىلارنىڭ قەن-گېزەكلىرىنىمۇ ئېلىۋالمايدىكەن. شۇڭا، موماي ئەمدى ئۇنىڭدىن بەك رازى ئىكەن، ئۇنىڭغا تېرىكمەيدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هايۋاناتلار باغچىسىغا كۆچۈپ كېتىش خىيالىدىنمۇ يالتىيىپتۇ.

مەن ئاليوشانىڭ ئۆيىگە كىرسەم، مايمۇن شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ خۇددى كىنوخانىدىكى بېلەت ساتقۇچى قىزلاردەك، روهلۇق ئولتۇرۇپ شورۋا گۆرۈچ ئىچىۋاتقان ئىكەن.

ئاليوشا ماڭا:

— مەن ئۇنى ئادەمنى تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەۋاتىمەن، هازىر هەممە باللار، هەتتا بەزى چوڭ ئادەملەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ
1985 - يىللىق 1 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەقىپ ۋاهاپ.**

تەرجىمە مۇهەررىرى: **ياسىن هاۋازى.**

# ئائىلەڭلەرگە ئىناقلىق تىلەيمەن

## ئا. كۇشخاۋۇنوۋ

ساگوت يېزىسىدا چوڭ بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى — كولخوزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تېخنىگى باتۇر ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ، 30 ياشلاردىكى ئايالى كونانى تۇل، ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ قويدى. چوڭ بالىسى روسلەن ئەمدىلا 7 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان سەبى ئوغۇل ئىدى. ئىككىنچى بالىسى ماتىنا 2 ياشقا كىرگەن ئوماق قىزچاق ئىدى. كونا بولسا ئىپپەت-نومۇسلۇق ئايال ئىدى، ئۇ ئېرى ئۈچۈن بىر يىل قارىلىق تۇتتى. چامىسىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىككى بالىنى بېقىپ، تۇرمۇشنى قامداپ كەلدى، شۇڭلاشقا پۈتۈن دائىوف جەمەتىدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

كونا قارىلىقنى تاشلاپ، ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيىگە ئىككى ئەر كىشى مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇلارمۇ دائىوف جەمەتىدىكىلەردىن بولۇپ، بىرى پۈتۈن جەمەت بويىچە يېشى ئەڭ چوڭ بولغان چېرا بوۋاي ئىدى، يەنە بىرى باتۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى — سىغىنچى ژائۇكىن ئىدى. يېقىندا ژائۇكىننىڭ خوتۇنى ئۇنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. كونا تاماققا تەرەددۇتلىنىۋىدى، چېرا بوۋاي قول ئىشارىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كونا

بوۋاينى يۆلەپ يۇقۇرىغا ئۆتكۈزۈپ، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. چىرا بوۋاي بارماقلىرى بىلەن ئۆز يېشىغا زادىلا ماس كەلمىگەن قاپ-قارا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، كۇنانىڭ تۇرمۇشى ۋە بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە تۇل ئايالنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تۇرلۇك ئېغىر-چىلىقلار ھەققىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى. كۇنانىڭ جاۋابى قىسقا ئەمما قەتئىي بولدى، ئۇ سۆزلىگەچ كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا ژائۇكىنغا قاراپ قويدى، ژائۇكىن بولسا كۇلەرەك مالخىيىنى ئوينىتىپ، يەرگە قارىغىنىچە ئۇندىمەستىن ئولتۇراتتى.

چىرا بوۋاي تېخى رەسمىي ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغان بول-سىمۇ، كۇنا ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى چۇشەندى: بوۋاي ژائۇكىنغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىدى. كۇنا بىردىنلا ئۆزىنىڭ خۇشچاقچاق، ئىشتا چاققان، ھەسسىياتى قايناق بانىرىنى ئەسلەپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا يىغلاپ كەتتى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كۆي-نىگىنىڭ ئېتىگى بىلەن يېشىنى سۇرتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل ئازاپ ۋە ئەلەم قاپلىۋالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن مەيلى ژائۇ-كىن ياكى ھەرقانداق بىرسى بولسۇن، مەڭگۇ بانىرغا يېتەلمەيتتى.

دائۇق جەمەتىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىككى بالىنى ئەگەشتۇرۇپ باشقا جەمەتلىكلەرنىڭ ئۆيىگە ياتلىق بولۇپ بېرىشىنى خالىمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەگەر دائۇق جەمەتى ئىچىدىن لايىق تېپىلىپ قالسىچۇ، كۇنا قايتىدىن تۇرمۇشقا چىقسا نىمىشقا بولمايدىكەن؟ مانا ژائۇكىن راسا لايىققۇ!؟ ئۇ ئەمگەكچان، ئائىلە باشقۇرۇشنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چارۋىچىلىق فېرمىسى بويىچە ئەڭ ئىلغار سىغىنچى، يەنە كېلىپ بىر ئوردىن ۋە ئىككى مېدالىغىمۇ ئېرىشكەن تېخى. ئۇنىڭ هاراق-شاراپ ئىچمەيدىغانلىغى، كەم سۆزلۇكلىگى ھەممەيلەنگە مەلۇم. گەپ-



www.uyghurkitap.com

نىڭ راستىنى ئېيتقاندا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەم سۆز بولۇپ قېلىشى خوتۇنىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن بولغان، دەپ قارىشىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ خوتۇنى نالچىك①قا بارىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن، بىراق شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. كۈنا ئەمدى سۆزمەن ئەرنى ئىزدىمەيتتى، چۈنكى ئۇ دەيدىغان سۆزلىرىنى بانىر بىلەن دېيىشىپ بولغان ئىدى...

چىرا بوۋاي خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن سۆزلىدى، ھەتتا ھاۋانىڭ قانداقلىغىنىمۇ تىلغا ئالدى، بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بىر يازدىمۇ مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىق بولغانلىغىنى، پۈتۈن قوناقلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىگىنى، ئۇ چاغدا ھازىرقى ئۆستەڭ ساگۇت يېزىسىدىن ئېقىپ ئۆتمەيدىغانلىغى ئۈچۈن، سۇ باشلاپ كېلىشكە مۇمكىن بولمىغانلىغىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكىمۇ ئۈلگۈردى...

— بوۋا، مېنىڭ ئەدەپسىزلىگىمنى كەچۈرۈڭ، — بوۋاي ئەمدىلا سۆزىنى ئۇگىتىپ تۇرۇشىغا، كۈتۈلمىگەندە كۈنا ئېغىز ئېچىپ قالدى، — ئەتىگەنكىياغى ئېغىز ئاچالماي قىينىلىۋاتىسىز، ئانچە ئاۋارە بولماڭ، مەن سىزلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىڭىزلارنى بىلدىم، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كەلسۇن، — دېدى بېشى بىلەن ژائۇكىننى ئىشارە قىلىپ، — مەن ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى.

كۈنا ئېغىزدىن چىقىرىش تەس بولغان بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان رۇسلەنگە يېقىنلاشتى. ياشلاردىكى بۇ ئوغۇل بالا ئاپىسىدىن يىرگىنگەندەك ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، بولغۇسى ئۆگەي دادىسىغا زەردە بىلەن بىر ئالايدى-دە،

---

① سوۋېت كاباردىنا — بالكارىسكى ئاپتونوم رېسپوبلىكىسىنىڭ مەركىزى.

www.uyghurkitap.com

سىرتقا چىقىپ كەتتى. ماتىنا باللاردا بولىدىغان پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ تېنى ناھايىتى ئاجىز ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئىزىدىن قوزغالالماي ئولتۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئۇ تارمۇش قوللىرىنى سوزۇپ، يان ئۆيدىن ژائۇكىنغا توۋلىدى:

— دادا بېرى كېلىڭلا!

— بالام، مەن قېرىنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتمىغانلىقىڭغا رەھمەت، — چىرا بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈردى، — مەن چىقىپ سېنىڭ ماقۇل بولغانلىقىڭنى جەمەتىمىزدىكى ھەممەيلەنگە يەتكۈزىمەن. ئائىلەڭلەرگە ئىناقلىق تىلەيمەن...

كۈنا ھەرقانچە كۈچىنىپ، نۇرغۇن جاپالارنى چەككەن بولسىمۇ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئۆتتى. ئىملا دېگەن بىلەن ئىككى بالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش كېرەك-دە، تېخى باللار باغچىسىدىمۇ بىر تالاي خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ. بانىر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بارلىق ئىشلارنى كۈنا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نامىغا ۋە ئېرىنىڭ ئابرويىغا داغ تەككۈزمەي، كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىدىن ساقلاندى. ئەر ئۆلدى دېگەن سۆز ئۆيىنىڭ تىرىكى يىقىلدى دېگەن سۆز دېيىدىغان ماقال بار ئەمەسمۇ، كۈنانىڭ ياخشى نىيەتلىك بىرنەچچە خوشنىسى ئۇنىڭ كۈن بويى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا لايىق تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولۇشتى، ئۇنىڭ يا قايتىدىن تۇرمۇشقا چىقىشى، يا قورا-جايلىرىنى سېتىپ، خوشنا يېزىدىكى تۇققىنىنىڭ يېنىغا كېتىشى لازىملىقىنى

نەسىھەت قىلىشتى. لېكىن كوُنا بوُنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدى.

كوُنا بانىر بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئەر كىشى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ باقمىغان، شوُنداقلا ئوُنىڭ ھېچكىمگىمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالمىغان. بانىر كوُنا بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقان بىردىن ـ بىر ئەر ئىدى. لېكىن كوُنا بىلەن بانىر بىر بىرىنى ئىنتا-يىن ياخشى كۆرۈشىدىغان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار رغا ئەلچى كەتمىدى، باشقىلارنىڭ تېپىشتۇرۇپ قويۇشىمۇ ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. بۇ ئىككىلەن بىر كۆرۈشۈپلا بىر بىرىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالدى، بانىر كوُناغا چىن دىلىدىن كۆيدى. كېيىن ئىككە-لەن ئائىلە قۇرۇپ، 8 يىل ئىناق ـ ئىجىل تۇرمۇش كەچۈردى. كوُنا ئۆزىنى مەقسەت ـ مۇرادىغا يەتكەن ئاياللاردەك، تولىمۇ بەختلىك ھىس قىلاتتى.

ئەپسۇسكى، ھەممىنىڭ مەسلىگىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئىناق، شات ـ خورام ئائىلىگە بىر بەختسىزلىك كەلدى: ئۇلارنىڭ چىرايلىق قىزى، ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىغى كېلىدىغان كىچىك پەرىشتە ماتىنىچكا① نىڭ بېلىنىڭ ئۇۋىنى پالەچ بولۇپ قالدى. ئوُنى ھەر خىل دوختۇر-خانا ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشتى، بىراق، ھېچقانداق كار قىلمىدى. دوختۇرلار، پىروفېسسورلارمۇ ئوُنىڭ كېسىلىگە ئامال قىلالمىدى. بانىر جان ئۈزۈش ئالدىدا ئايالىنىڭ قۇچىغىدا يېتىپ تۇرۇپ: "سەن قايتىدىن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقىن، بولمىسا باللار بىلەن قىيىنلىپ قالىسەن... ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ دائىوف جەمەتىمىزدىن بولسۇن" دىگەن ئىدى.

---

① ماتىنىچكا ـــ ماتىناننىڭ ئەركىلەتمە ئىتى.

يېقىندا كۇنا بىرسىنىڭ رەھمەتلىك ئېرى بانىرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئۆزىگە لايىق تاپقانلىغىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازاپلاندى. ئۇ يىغلىۋەتتى، بىر كېچە كۆز يۇماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يان ئويلاپ ـ بۇ يان ئويلاپ، پىكرىنى مۇنداق مەركەزلەشتۈردى: بانىر ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ھازىر كىم بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرسەم ئوخشاش. شۇنداق ئىكەن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ژائۇكىن ھەر ھالدا يامان ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھەم ھاراق ئىچمەيدۇ، سۆزدىمۇ خېلى سىلىق ـ يۇمشاق، باللار بىلەن چىقىشىپ كېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى ئالاھىدىلىكى بەك مۇھىم.

شۇنداق قىلىپ، كۇنا قايتىدىن تۇرمۇشقا چىقماقچى بولدى. تېخى توي مۇراسىمىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن بۇنى توي مۇراسىمى دېگەندىن كۆرە بىرقانچەيلەننىڭ ئىختىيارىي ئولتۇرۇشى دېگەن تۈزۈك ئىدى. كۇنا پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بىر دوستىنىلا چاقىردى، ژائۇكىن تەرەپتىن بولسا ئۇنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى بىرقانچە خىزمەتدىشى كەلدى، يەنە دائوف جەمەتىدىنمۇ بىرقانچەيلەن بار ئىدى. كۇنانىڭ دوستى كاباردىچە گارموننى كافوي ۋە لىسكىنكا① كۈيلىرىگە چالدى. ئۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن كەلگەن، ئۆزىنى ئىلاجىكى بار ياشلارچە ياساشقا تىرىشقان سېغىنچى ئايال تانسا ئوينىغۇچى ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالدى. كۇنا بولسا تانسا ئوينىمىدى، لېكىن ھەر ھالدا كۆڭلى خوش ئىدى.

مۇزىكا توختىغان ئارىلىقتا ئەرلەر ۋوشتىلىكلەرنىڭ قاراموچ سېپىلگەن

---

① كافوي ۋە لىسكىنا ـ كاپكازنىڭ ئىككى خىل ئەلە ناخشىسى.

ئاكلا ھارىغى①دىن ئىچىشتى، ئاياللار مۇزلىتىلمىغان ئۈزۈم ھارىغى ئىچتى. كۇنانىڭ دوستى ئازراق تەڭشىلىپ قېلىپ، خوشاللىقىدا قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. — سىلەرنىڭ بەختىڭلار ئۈچۈن كۆتىرەيلى! — دىدى ئۇ چوڭ بىر ئۇرە رومكىنى ئىگىز كۆتىرىپ، — يېڭى ئائىلىنىڭ يېڭى بەختى ئۈچۈن كۆتىرەيلى! خۇدا سىلەرگە 3 بالا نېسىپ قىلسۇن!

ژائۇكىننىڭ فېرمىدىن كەلگەن مال باققۇچى دوستى ھاراقنىڭ تەسىرىدىن خۇماللىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئۆكتە قوپتى:

— ياق، ئاران 3 لا بالىغا مەن قوشۇلمايمەن، ھەممىڭلار ئاڭلاپ تۇرۇڭلار!...

— سەن نىمشكە قوشۇلمايسەن؟ — ئۇنىڭ ئارقىدا ئولتۇرغان ھىلقى سېغىنچى ئايال كۇناغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ سورىدى.

مال باققۇچى شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئالدىغا سوزۇلۇپ تۇرۇپ:

— سەن بەك بېخىل ئىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟...مەن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار يەنە 5 نى تۇغسىمۇ ھېچنىمە دىمەيمەن!... — دىدى سېغىنچى ئايالغا.

ياغاچ تام بىلەن توسۇپ قويۇلغان كىچىك بۆلمىدە كۇنا ۋە بانىرنىڭ ئوغلى 7 ياشلىق رۇسلەن (ئۇلارنىڭ تۇنجى بالىسى) بىر كارۋاتتا ياتاتتى، رۇسلەن ھۆكرەپ يىغلاپ سېلىشتىن قورقۇپ، يوتقاننىڭ ياقىسىنى چىڭ چىشلىۋالدى، لېكىن ئۇ يەنىلا خىرتىلدايتتى. مېھمانلار كېلىشتىن ئىلگىرى كۇنا ئوغلى بىلەن قىزىغا تاماق

① ئاكلا — گۈرۈچ ياكى يېزى شەرۋىتى قاتارلىقلاردىن ياسالغان ھاراق.

يېگۈزۈپ بولدى، ئاندىن ئورۇن سېلىپ، رۇسلەننى ئۇنىڭ ئەك ئامراق ئىشىغا — سىڭلىسىنى پەپىلەپ ئۇخلىتىشقا بۇيرۇدى. رۇسلەن سىڭلىسىنى كۆتىرىپ كېلىپ كارۋاتقا ياتقۇزۇپ، ھېكايە ئېيتىپ بەردى، ناخشا ئوقۇپ بەردى، شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۇخلاتتى. سىڭلىسى ئۇخلاۋېتىپ ئېغىر ئەمما رېتىملىق نەپەس ئالاتتى. چوڭلارنىڭ نېرىقى ئۆيدە قىلىشۋاتقان گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بارغانسېرى يۇقۇرىلاپ، ئەزۋەلىمەكتە ئىدى، گارموننىڭ ئاۋازىمۇ بارغانسېرى ئۆرلەپ، رۇسلەننىڭ چىشىنى قېرىشتۇرماقتا ئىدى.

رۇسلەن ئۆزىچە مۇنۇلارنى ئويلاپ كەتتى: ئۇ مۇشۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئېتىلىپ كىرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق ئاپتوماتىنى ئۇلارغا تەڭلەپ ”قولۇڭنى كۆتىرىش!“ دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنى يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ياز كېچىسىنىڭ ئىلكىدىكى ھويلىغا ھەيدەپ چىقىدۇ، ئاندىن ھەرقايسىسىنى يۇۋاشلىق بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، ئانىسىغا بىردەم تىنچلىق بېرىدۇ. ئۇنداق قىلىشمايدىكەن... ”ئۇنداق قىلىشمايدىكەن“ قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئەگەر ئۇلار گەپ ئاڭلاشمايدىكەن ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي. بەلكىم ئۇ پەقەت ژائۇكىنىلا قالدۇرۇپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىشى مۇمكىن.

رۇسلەن ژائۇكىنىدىن بىرئاز قورقاتتى، قورقاتتىيۇ، يەنە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئەگەر سەن ژائۇكىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساڭ، ئۇنىڭ چىرايىدا كەنتتىكى ھەممە باللاردىن نارازى بولغاندەك بىر خىل ئالامەتنىڭ بارلىقىنى كۆرىسەن. رۇسلەن يىراق يەردىن ئۇنىڭ

كبلىۋاتقانلىغىنى كۆرسىلا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئىمكان بار ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ناۋادا ئۇ سېنى چاقىرىپ قالسا سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغانىدىن كېيىن كاچىتىڭغا بىر تەستەك سالسا، قانداق قىلىسەن؟ بۇنداق ئادەمدىن قورقماي بولامدۇ؟...رۇسلەنمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا بۇنداق ھېسسىيات دادىسىدىن قالغان ئىدى. بانىر بۇ بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىنىسى ھاراق ئىچمەيتتى، ئەمگەكچان ئىدى، پۈتۈن دائىوق جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولاتتى.

لېكىن، ژائىۆكىن كۇناغا تەلەپ قويغان كۈندىن باشلاپ، رۇسلەننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ھازىر ئۇ قەلبىدە ژائىۆكىنغا قارىتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆچمەنلىك تىكلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەبى قەلبى ژائىۆكىننىڭ نىمە ئۈچۈن پۈتۈن دائىوق جەمەتىدىكىلەر ئەتىۋارلاپ بېشىدا كۆتەرگۈدەك قىلىشىدىغان، ئۇنىڭ ئۆزى پەخىرلىنىدىغان دادىسىنىڭ ئورنىنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىغىنى زادىلا قوبۇل قىلالمايتتى...

ئۇ ئانىسىدىن قىلچىمۇ ئاغرىنمايتتى، بەلكى ژائىۆكىننىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى بىر خىل ئاسىيلىق ھەركەت دەپ قارايتتى. ئانىسى بىر ئاجىز ئايال كىشى تۇرسا، بوي سۇنۇشتىن باشقا ئامالى يوق-دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قايتا تۇرمۇشقا چىقىپ باشقا يەرگە كەتمەستىن، يەنىلا دائىوق جەمەتى ئىچىدە قېلىۋاتسا. شۇڭا، ئۇنىڭ ئانىسى قىلچىمۇ ئاسىيلىق قىلمىغان، ئاسىيلىق قىلغان دەل ژائىۆكىن. شۇڭلاشقا، رۇسلەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشى كېرەك.

رۇسلەن ئالقىنى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، يوتقانىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئاندىن ئالدىراشقاپ كىيىنىپ، دەرىزىدىن ھويلىغا

سىرىلدى، كۆكتىكى لىگەندەك تولۇن ئاي ئەتراپقا سۇس نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى، يۇلتۇزلار يېقىملىق جىمىرلىشاتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. رۇسلەن تام ياقىلاپ مېڭىپ، چىراق يېنىقلىق تۇرغان ئاشخانىغا ۋە كىشىلەر هاراق ئىچىشىۋاتقان ئۆيگىچە كەلدى. ئۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سالقىنداش ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى، سالقىنداش ئۆيدىن هېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى، رۇسلەن دادىسىدىن قالغان بىر دۆۋە تۆمۈر-تەسەكنى دەككە-دۈككە بىلەن خېلى ئۇزاق ئاختۇرۇپ، ئاخىرى ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىنى تاپتى. ئۇنىڭ ئىزدىگىنى چىمچىلاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تال سىم ئىدى. ئۇ يەنە خەقلەر هاراق ئىچىشىۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، هېلىقى سىم بىلەن ئارىلىقنىڭ ئىشىگىنى سىرتىدىن چولۇپ تاقىۋەتتى، ئاندىن غېپىدە ئۆز بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى.

رۇسلەن يوتقانىنىڭ ياقىسىنى چىڭ چىشلىگىنىچە كارۋاتتا ياتاتتى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خوشاللىقىدا كۈلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى: هېلىقى ئۆيدىكى چوڭ خەقلەر ناۋادا ئۆزلىرىنىڭ ساراڭلارچە زىياپىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ قالسا، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن تاقاپ قويۇلغانلىقىنى دەرهال بىلىۋالىدۇ. ئۇلار بەلكىم بۇنى بىرەر ئوغرى ياكى بىر تۈركۈم نىيىتى يامان لۈكچەكلەرنىڭ قىلغان ئىشى دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئىشىكنى كىمگە ئاچتۇرۇشنى بىلمەي، ئايال-لار يىغا-زارە قىلىشىپ كېتەر، ئەرلەرمۇ ۋاقىراپ-جاقىرىشار. ئېھتىمال، ژائۇكىن ھەممىدىن بەك تولۇلىشى مۇمكىن. مەيلى، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋاقىرىسىمۇ هېچكىم ئۇنىڭغا

ئىشكىنى ئېچىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، سىرتتا ھېچكىم ـ ئوغرىمۇ، يامان نىيەتلىك لۈكچەكلەرمۇ يوق. ژائۇكىنىنىڭ بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانـ لىقىنى بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ كىمنىڭ ئۆزلىرىنى سولاپ قويغانلىقى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنار، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئويلىغىنى بىلەنمۇ ھەرگىز تاپالمايدۇ...

لېكىن رۇسلەن بىردەم كۈتۈپ بېقىپ زېرىكتى، ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ ئەسنىدى، ئاندىن ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ تۈگۈلدى ـ دە، ئىككى قولىنى ئىڭىكى ئاستىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى...ئۇ ئويغانـ غاندا كۈن ئاللىقاچان ئىگىز ئۆرلەپ بولغان ئىدى. ئانىسى يېنىنىڭ ناخشا ئېيتقىنىچە ئۇنىڭ دولىسىنى سىلاۋاتاتتى. رۇسلەن كۆزىنى شۇنداق ئېچىشىغا، ئانىسىنىڭ كۈلۈپ ئېچىلىپ تۇرغان چىرايى كۆزىگە چېلىقتى، چىن دىلىدىن ئېيتىۋاتقان ناخشىسى قۇلىغىغا كىردى. ئۇنىڭغا خۇددى دادىسى ئۆيىنىڭ مەلۇم بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى، بىردىنلا ئەتراپقا بويۇن سوزدى، لېكىن دادىسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئانىسى ئۇنىڭغا يېڭىگە بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يەڭ بەلگىسى قادالغان كۆك رەڭلىك ئوقۇغۇچىلىق كىيىمنى ئۇزاتتى. رۇسلەن باللار باغچىسىدىكى چېغىدىلا مۇشۇنداق كىيىم كىيىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى.

ـــ ئوغلۇم، تۇرساڭچۇ، ئوبدان قوزام، ـــ دېدى ئانا نارازى بولغاندەك، پۇشايمان قىلغان تەرىزدە، ـــ سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ماتىنىچكادىنمۇ ئۆيقۇچى بولۇپ كەتتىڭغۇ، قارا، ئۇ ساڭا قانداق سوغا ئەكەپتۇ...، ـــ ئۇ ئېرىنى نىمە دەپ ئاتىشى كېرەكـ لىكىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى، ـــ ژائۇكىن تاغاڭ ساڭا ئەكەپتۇ، دەرماللاپ قويدۇم بالام، كىيىپ باقچۇ، چاققان بول،

ئورنۇڭدىن تۇر.

ئانا تۇنۇگۇن ئاخشام كىمنىڭدۇر ئىشكنى تېشىدىن ئېتىپ قويغان-لىغىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى، چىرايىدىكى كۈلكە، كۆزىدىن چاقناۋاتقان نۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇددى كىمنىڭ تېخىمۇ ئىللىق ۋە يېقىملىق ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قوياش بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كىيىمى تىكىلىش جەھەتتىن چوڭلارنىڭكى بىلەن ئوپ-ئوخشاش ئىدى، دەزمالمۇ راسا قاتۇرۇپ سېلىنغان ئىدى، رەڭگى بولسا كۆپ-كۆك ھاۋاغا ياكى ئۇچقۇچىلار-نىڭ كىيىمگە ئوخشايتتى. ئۆي-ئىچى ئىللىق باھار نۇرىغا چۆمگەن بولۇپ، تال-تال شولىلار ئىچىدە توزاندىلار لەيلىشىپ يۈرۈشەتتى، ھەممە نەرسە بەئەينى چۆچەكلەردىكىدەك سىرلىق كۆرۈنەتتى، شۇڭا، رۇسلەن كۆڭلىنى غەش قىلغان تۈنۈگۈنكى ئىشنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتكەن ئىدى.

بىراق، باشتىن ئۆتكەن ئاغرىقچىلىقنى تۇگەل ئۇنتۇپ كېتىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس-دە. خوشاللىغىدىن تېرىسىگە پاتماي قالغا ئانا ئوقۇغۇچىلىق كىيىمنى كىيۋاتقان ئوغلىدىن ھوزۇرلىنىپ ۋە كۈلۈپ ئېيتتى: — ئوبدان بالام، سەن تۈنۈگۈن ئاخشام بەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىكەنسەن، ھويلىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ بىر ئىشنى سەزمىدىڭ، كىم ئويلىغان دەيسەن، قايسىدۇر بىر چاقچاقچى سىم بىلەن ئىشىكنى تېشىدىن تولغاپ ئېتىۋېتىپتۇ. بىز ئىچىدىن بىر ھازاغىچە تارتقان بولساقمۇ، زادىلا ئېچىلمىدى. ھەممەيلەن ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتۇق، پەقەت ژائۇكىن تاغاڭلا قىلچە ھودۇقمىدى، ئۇ دەرىزىدىن سىرتقا سەكرەپ چۈشۈپ، ئايلىنىپ كېلىپ ئىشىكنى

ئېچىپ بىزنى چىقىرىپ قويدى.
ئۇ سۆزلەپ بولۇپ كۈلۈپ كەتتى، روھى كۆتىرىلىپ، ئۆزىنىڭ ژائۇكىنىدىن پەخىرلەنگەندەك قىلاتتى. ژائۇكىنىڭ ئۆيدە سولىنىپ قالغان ئايالىلارنى چىقىرىپ قويۇشى، ئۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت كۆرسەتكەندەك بىر ئىش بولدى. رۇسلەن شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئۈچ ئېلىش مەقسىدىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى سەزدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى بۇ ئىشى بىلەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە باتۇر ھىساپلاندى. بۇ ئۇنىڭ ئەخمىقانە قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى-دە. مۇنداقمۇ بولارمۇ؟
ئۇ قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئاخىرى مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: ئۆچ ئېلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇ خۇددى كىشىگە يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلغانغا ئوخشاش نامەرتلىك، رەزىللىك. ئۇ ئۆزى ئوقۇغان بالىلار چۆچەكلىرىدىكى بۇزۇق ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق قىلىۋەرمەيدىغۇ. شۇڭا، ئۇ كۆڭلى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، دەسلەپتە كۆڭلىگە پۈككەن ئۆگەي دادىسىدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن ياندى. لېكىن بۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئۆيدىن قېچىپ كەتمەكچى بولدى. تېزراق چوڭ بولۇپ، بۇ ئۆيدىن كېتىش كېرەك. ئەلۋەتتە ھازىر قېچىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئۇ تېخى مەكتەپكە كىرمىدى، قېچىپ نەگە بېرىشنى بىلمەيدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ساگوت يېزىسىدىكى خوشنا يېزىغا بارىدىغان ئىككى چوڭ يولدىن باشقا، ئۇ يېزىلاردىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇقمىغان يول بىلەن قانداقمۇ يىراققا قېچىپ كەتكىلى بولسۇن؟ يول بىلمىگەندە، يىراقلارغا بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشى مۇمكىنغۇ؟ ناۋادا كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ شۇنچە قېچىپمۇ تېخىچە خوشنا يېزىدىن يىراققا كېتەلمىگەنلىكىنى ئۇقسا،

www.uyghurkitap.com

ئۈچەيلىرى ئۆزۈلگۈدەك كۆلۈشمەمدۇ.

تېزراق چوڭ بولۇش ئۈچۈن، ئانىسى داسقانغا ئەكەلگەن تاماق-نىڭ ھەممىسىنى ھاپ ئېتىشى كېرەك؛ ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئوقۇش كېرەك. بۇ ئۇنىڭ قىچىپ كېتىش پىلانىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىككى نۇقتا ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ قېچىپ كېتىش پىلانى ھېلىغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇنىڭغا مۇنداق ئىشلار سەۋەپ بولغان ئىدى: يا بەزىدە مەلۇم قىزىقارلىق ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى، يا خوش-نىسىنىڭ كىچىك ئوغلى ئەخمەتچىلىك غەيرەتكە كېلەلمەيتتى — سىڭىلىنىڭ تېنىڭ مۇشۇنداق ۋىجىك تۇرسا، قانداقمۇ يىراققا قېچىپ كېتەلەيسەن؟! ياكى بولمىسا، يول ئۈستىدە يېيىش ئۈچۈن تەييارلاپ، يەرگە كۆمۈپ قويغان قۇرۇق بولكىلارنى ئىتلار تاتىلاپ ئېچىپ يەپ كېتىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىرىنچى سىنىپنى تۈگەتتى. ئەمدى ئۇ كۈچ ۋە چىدام جەھەتلەردىن خېلىلا يېتىشىپ قالغاندەك بولدى، ئۆگىنىشتىمۇ بارلىق دەرسلەردىن 5 نومۇر ئالىدىغان بولىدى. ھەتتا ئۇ كاباردا-بادكارىيە① خەرىتىسىدىنمۇ بىرنى تېپىپ، ساگۇت يېزىسى بىلەن نالچىك شەھىرىنىڭ ئارىلىقىنى سىزىپ چىقتى ھەممىدە ئۇنى ئۆزۈك سىزىقلار بىلەن تۇتاشتۇردى. بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قېچىپ كېتىش يولى ئىدى. گەرچە نالچىك شەھىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن شەھەر، يېزا ۋە باشقا جايلار بولسىمۇ، لېكىن رۇسلەن ۋاقتىنچە ئۇلارغا ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

---

① كاباردا-بادكارىيە — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاباردىنا-بالكارىسكى سوتسىيالىستىك ئاپتونوم رېسپوبلىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

......ھىلمۇ ژائۇكىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئۇ كۇناغا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قويغان كۇنى 7 ياشلىق رۇسلەن ئۇنىڭغا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىغان ئىدى. ژائۇكىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك سويىمەك بىلەن چىقىشالىشى خېلى تەسكە چۈشىدىغانلىغىنى پەملىگەن ئىدى. ماتىنىچكا بولسا بىر بىچارە، ئۇ ژائۇكىنگە ئاسانلا ئۇگىنىپ قالدۇ، ژائۇكىن سۆزسىز ئۇنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەيدۇ. بىراق، رۇسلەن دىگەن بۇ يوغان باش ئاۋاق بوش نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ پارلاپ تۇرغان يوپ-يۇمۇلاق چوڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرۇپتۇ. رۇسلەن خېلى بۇرۇندىنلا ژائۇكىندىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرەتتى. ژائۇكىن بۇ بالىنىڭ دائىم ئۆزىگە يامان كۆزدە قارايدىغانلىغى ئۇچۇن، كۆڭلى بەك بىئارام بولاتتى: ئۇ ئەزەلدىنلا ئاقكۆڭۇل، مۆمىن ئادەم بولغاچقا، ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەي قېلىشتىن بەك ئەنسىرەشە قىلاتتى، ئۆزىنىڭ باشقىلار ئالدىدا چىن دىلىدىن چىقمىغان ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ سالىدىغانلىغىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز بىر خىل ئەلەم ئازاپلايتتى. ئۇ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى، بۇمۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنىنىڭ ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىدى.

شۇنداق-دە، قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، چوڭلار بىلەن ئارىلاشقىنىڭدا ئىشلىرىڭ جايىدا كېتىۋېرىدىغان گەپ. بىراق ژائۇكىن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم 7 ياشلىق بىر بالا بىلەن ئارىلىشىۋاتاتتى. ئىشكنى سىرتتىن ئېتىپ قويغان ھىلقى ئىش ژائۇكىننى ئىنتايىن بىئارام قىلدى، بۇ شاكىچىك ئانىسى ۋە ئۆگەي دادىسى بىلەن قېرىشىۋاتاتتى، ئەلۋەتتە، نىشان ئاساسەن ژائۇكىنگە قارىتىلغان.

ئۇ كۈنى مېھمانلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىلەن ئۇ ياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ تۈن بويى كۆز يۇماي چىقتى. رۇسلەننىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ قىلىقلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيتتى. ژائوكىن كۈنانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ ھە دەپ تاماكا چېكەتتى. ئۇلار شۇ ھالدا يېتىشىپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندىلا، ژائوكىن ئەرلەرگە خاس خۇسۇسىيىتى بىلەن كەسكىن ئېيتتى:

— زىددىيەتنى كۈچەيتىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، مېنىڭچە، بۇنداق ئىشلار كېيىنمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، بىز تاقەت قىلىپ تۇرايلى.

— رەھمەت سىزگە، مەنمۇ ئىمكان بار ھەممىنى چاقچاق قاتارىدا ئۆتكۈزىۋېتىمەن، ئۇنى كەپسىز دەپلا...

كۈنا رۇسلەننىڭ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ نەدىندۇر بىر خەرىتىنى تاپقانلىقىنى كۆرگەن، قۇرۇق بولكىلارنى كۆمۈپ قويغانلىقىنى سەزگەن ئىدى. كۈنا ھەر ھالدا ئۆزىنى بېسىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلىنى راسا بىر تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتكۈسى، ئوبدان ئەدەپلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ ۋىجىك تېنىنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق يىغلىۋالغۇسى، شۇ ئارقىلىق ئاچچىق ياشلىرىنى چىقىرىۋەتكۈسى كېلىپ كەتكەن ئىدى... شۇنداق قىلغاندا بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپقاندەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان بۇ ئوغلىنىڭ ھوش-كاللىسىنى تاپقۇزۇشنى ئۈمىت قىلاتتى. لېكىن ھازىر ئۆيدە ئەر كىشى بار ئىدى، ھەممە ئىشنى ئېرى بەلگىلەيتتى، شۇڭلاشقا بۇ ئىشنىمۇ ئۇنىڭ ئېرى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ژائوكىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ،

ھەرقانداق بىرەر ھەركەت قوللانماسلىقىنى، ۋەقەنى ئۇلغايتىۋەتمەس-
لىكنى، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى، ئوغلىنىڭ بەلكىم نىيىتى-
دىن يېنىپ قېلىشى مۇمكىنلىگىنى ئېيتتى.

رۇسلەن ئەمدى قاچمايدىغان بولدى، كۆنا بۇنىڭدىن ئېيتقۇسىز
خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇنى ئوغلىنىڭ خەرىتىنى كىتاپ
تەكچىسىدىكى كىتاپلار ئارىسىغا چۆرۈۋەتكەنلىگىدىن ۋە بولكا قۇرۇت-
مايدىغان بولۇپ قالغانلىغىدىن بىلگەن ئىدى. كۆنا يېنىك بىر ئۇھ
تارتىپ قويدى: قارىغاندا ئوغلىنىڭ قېچىپ كەتمەكچى بولغان ھىلقى
ئىشى ئەمدى ئۆتمۈش بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ژائىۇكىنىڭ
قىلغىنى توغرا ئىكەن، ئۆي دىگەندە بىرەر ئەر باش بولۇپ ئەقىل
كۆرسەتسە باشقىچە بولىدىغان گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ!...بۇ ئىشتىن
كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ژائىۇكىنگە تېگىپ، توغرا قىلغانلىغىغا تېخىمۇ
چوڭقۇر ئىشەندى. ژائىۇكىن كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە
ئېغىر-بېسىق، يۇرۇش تۇرۇشتا ئەدەپ-قائىدىلىك، بىرەر ئىشقا
نىسبەتەن مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندا
كىشى ئۆزىنى خۇددى جۇدۇن-چاپقۇنلۇق كۈندە كىگىز پىلاش
يېپىنىۋالغاندەك ئۆزىنى بىخەتەر سېزەتتى. خۇدا رۇسلەننىڭ بىر
كۈنى ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشىگە، ئېتىراپ قىلىشىغا نېسىپ قىلسۇن.
كىچىككىنە بىر ئوغۇل بالىنىڭ چوپ-چوڭ بىر ئادەمگە ئالا كۆڭۈللۈك
قىلىپ يۈرۈۋېرىشىمۇ بولمىغان ئىش.

...بىراق، رۇسلەن مۇنداق بىر ئىشنى قىلدى.

ئۇ، ئاخىرى يازلىق تەتىلنى قېچىشنىڭ پۇرسىتى قىلىپ بېكىتتى.
ئەمدى بىرلا ئىش قالغان ئىدى، يەنى خوشنىسىنىڭ ئوغلى ئەخمەتنى
ئۆزى بىلەن بىللە قېچىشقا كۆندۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆز تەكلى-

www.uyghurkitap.com

ۋىنى ئەخمەتنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. چۈنكى ئەخمەتنىڭ ئۆگىنىشى ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئاتا-ئانىسىدىن تاياق يەيتتى، شۇڭا، ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا رۇسلەن بىلەن بىللە يىراقلارغا قېچىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى.

بۇ ئىككىسى ناھايىتى تېزلا مەخپىي كېلىشىپ بولدى ھەمدە شۇ كۈنىلا يولغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىشتى. بۇ گەرچە ياز كۈنى بولسىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى پۇختا ئاياقتىن بىر جۈپ ئېلىۋالغان تۈزۈك ئىدى. چۈنكى يېزىنىڭ چىغىر يوللىرىنى، تاشيوللارنى، ئاسفالت يوللارنى بويلاپ قانچە ئۇزۇن مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. رۇسلەن كۆزلۈك بەتىنكىسىنى قەستەن يوشۇرۇپ قويغاندەك، ھويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ھىلىقى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيگە ئايغىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ماڭدى. ماتنىا ۋە ئۇنىڭ يېڭىلا ئىنىسى ئامىر ئادەتتە مۇشۇ ئۆيدە بولاتتى. رۇسلەن ئۆيدە چوڭ ئادەمنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە قارىدى...

ئامىر بۆشۈكتە يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇخلاپ ياتاتتى. ماتنىا پولغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن جانسىز پۇتلىرىنى مۇشتلاۋاتاتتى، ئۇ خۇددى ئۇزۇن يىللار كېسەل تارتقان، جېنىدىن تويغان ئاياللاردەك ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىرغىنىپ تۇرۇپ زەئىپ ئاۋازدا:

— ئۆلسەمچۇ! — دېدى يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ زارلىنىپ، — بۇ پۇتلىرىم نىمىشقىمۇ ماڭالمايدىغاندۇ؟...بولمىسا مەنمۇ ئاكام بىلەن قېچىپ كېتەلەيتتىم...ئۆلمىگۈرنىڭ پۇتى!

سىڭلىسىنىڭ ئەلەملىك زارى ۋە كۆز ياشلىرىغا يوشۇرۇنغان

ئازاپ ۋە ئۈمىتسىزلىك بىردىنلا رۇسلەنگە مۇنداق بىر ئىشنى ئۇق-تۇردى: ئۇ ھېچنەگە بارماسلىقى كېرەك. ئۇ ھەممە ئادەمدىن قاچسىمۇ، بۇ دۇنيادىنمۇ ئايرىلسىمۇ مەيلى، لېكىن ھىلىلا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان-لىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭ بارىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. رۇسلەن ئىشكنى ئاستا ياپتى-دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ پۇتلىرى مىت قىلمايتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ كىشى-گىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، لېكىن ئۈن چىقارمىدى، شۇڭا بۇ يىغا كىشىنىڭ قۇلىقىنى تېخىمۇ پۈتى-رىۋېتەتتى، كۆكلۈنىڭ قات-قېتىغا تېگەتتى...

بەلكىم چىرا بوۋاي ئارزۇ قىلغان ئىناق تۇرمۇش كۈنىلارنىڭ ئائىلىسىگە نېسىپ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...

(جىياڭشىدا چىقىدىغان «گۈلزارلىق»
مەجمۇئەسىنىڭ 1984 - يىللىق 6 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەخمەتجان ھوشۇر.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قايتىش

زەينىددىن دوستمەتوۋ

— نادىرنى ئىشتىن ھەيدىشىپتۇ!
كەرىمە ئايلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆيگە كۆڭلى غەش ھالدا قايتتى. تۇرۇپ ھويلىنى سۈپۈرۈپ تازىلىغۇسى كەلدى، تۇرۇپ باشقا بىر ئىش قىلغۇسى. يۈرىكى پېرىلىپ كېتەي دەپ ئولتۇرغان ئىدى، خوشنىسى كارامەت بۇۋى كىرىپ، ئۇنىڭ ئەلەم ئوتىغا ياغ سەپتى.
— كەرىمەخان، نادىرىڭىز توغرىسىدا كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟ ئىشتىن ھەيدىشىپتىمۇ؟ كۆن بويى بازار چۆگىلەپ قايتقىدەكمىش...
— ئاڭلىدىم، ئايلىناي، ئاڭلىدىم. ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق! قانداق قىلاي؟ كەنجى بالام دەپ سوغاق سۇغا قول تىققۇزماي يۈرۈپ، مانا ئەمدى جېنىم بالامغا ئۇۋال قىلدىم.
— سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، سىزگە ئەلەم بولدى. كىم بىلەن گەپلەشسەم ئاغزىدا نادىرىڭىز. ۋاي پالانچى بىلەن مۇشتلىشىپتۇ، ۋاي مەس بولۇپ يۈرگىدەكمىش...
— قويۇڭ، خوشنام، كۆيگەن يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرماڭ!
كارامەت بۇۋى ھەش-پەش دىگۈچە بىر تاغار گەپ تاشلاپ كەتتى. نىمە قىلسۇن، ئەيىپ ئۆزىدە! "كۆز قارىچۇغۇم" دىدى-دە،

ئەركە ئۆستۈردى. ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىمەن دىگەن نىيەتتە بولغان ئىدى... ئىنىستىتۇتقا كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. ئەمگەكتىمۇ يوقراق چىقتى. كۆپ جايغا باش سوقتى. ئاخىرى زاۋۇتقا ئورۇنلاش-قان ئىدى. ئۇ يەردىمۇ ھەيدىلىپتۇ.

ئانا بىچارە كۆيۈپ-ياندى. ئۇ ھازىرغىچە مەھەللىدە بىرسىگە گېپىنىمۇ، ئىشىنىمۇ بەرمىگەن ئىدى. ئورۇش يىللىرى ئېرى جەڭگە كەتكىنىدە ئۆتۈك كىيىپ، كەتمەن ئېلىپ، ئېتىزلىقتا ئىشلىدى. ئورۇشتىن كېيىنكى يىللاردا "40 سېنتىنىرچى" دىگەن نام ئالدى. كۆكرىگىنى لېنىن ئوردىنى بېزىدى. يېشى 55 دىن ئاشقان بولسىمۇ، نامى كولخوزنىڭ "ھۆرمەت تاختىسى"دىن چۈشمىدى. تاغنى ئۇرسا تالقان قىلىدىغان ئوغلى نادىر بولسا... ياق، ئەمدى ئۇنى كەچۈر-مەيدۇ. قاچانغىچە بېشىغا ئېلىپ كۆتىرىپ يۈرىدۇ، يەلكىسىنى سى-لايدۇ. يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى.

كەرىمە ئايلا ئەلەم ئوتىدا كۆيۈپ ئولتۇرغىنىدا نادىر كىرىپ كەلدى. ئانا ھەر چاغدىكىدەك ئەركىلىتىپ، ئۇنى باغرىغا باسمىدى. كۆرمەسلىككە سالدى. نادىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى-دە، شەپكىسىنى شىرەگە تاشلىدى. پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ، جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ ئولتۇردى.

ئانا ئۆزىنى تۇتالماي.

— نىمانچە بۇرۇن كېلىۋالدىڭ؟ — دىدى.

— نىمە، يېرىم كېچىدە كېلەتتىممۇ ئەمىسە؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى ئۆگۈپ.

— ئىشىڭ سائەت نەچچىدە تۈگەيدۇ؟

— سائىتى يوق.

— نېمىشقا؟
— ئىشتىن بوشىدىم.
— بوشىدىڭمۇ، بوشاتتىمۇ؟
— بوشىدىمۇ، بوشاتتىمۇ پەرقى نېمە؟
— ھە شۇنداق دېگىن. ساڭا پەرقى يوقمۇ؟!
— پەرقىنى مەندىن سورىماڭ.
— كىمدىن سوراي؟ ھە؟ كىمدىن سوراي؟ ئېيتىپ قېنى!...
خەقلەر تۇرۇپ نادىر ئۇنداق قىپتۇ دېيىشىدۇ، تۇرۇپ نادىر ياقىلاشتى دېيىشىدۇ... نېمە گەپ بۇ زادى؟! تىنىم تاپمايدىغان بولدۇڭ! كوچىدا تاش تېپىپ يۈرۈۋاتامسەن، بىغەم! خولۇم-خوشنىلارنىڭكىگە كىرىشكە يۈزۈم يوق، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ دەپ. قىلغۇلۇقنى سەن قىلىسەنۇ، خەق ئارىسىدا مېنىڭ يۈزۈم چۈشۈۋاتقان. ئۇياتساڭ بولامدۇ؟!
— نېمانچە ۋاقىرايسىز، ئانا!
— ئانا دېمە! ئاتىسىزلىغىڭنى بىلىندۈرمەي دەپ تىنىم تاپمىدىم، بېشىڭنى سىلاپ كەلدىم. ئەمدى كۆرسەتكەن كارامىتىڭ شۇ بولدىمۇ؟
— بېشىمنى سىلىغان بولسىڭىز، ئانىلىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلغانسىز.
— نېمە؟ ساڭا ھېلىمۇ قەرزدارمىدىم؟!
— مېنى قويۇپ بېرەمسىز، يوقمۇ؟
— نېمە دەۋاتىسەن؟ — كەرىمە ئايلا تۇرۇپ ئوغلىنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالدى. — يۈرەك-باغرىمنى قان قىلدىڭ! تۈنۈگۈن ئىشنى ئېغىر دېدىڭ، بۈگۈن ھەيدىدى دەيسەن، ئەتە نېمە بانا تاپىسەن؟! قاچان ئەقىل كىرىدۇ ساڭا؟ بولدى، پىچاق بېرىپ

سۆڭەككە يەتتى. بولساڭ بول، بولمساڭ گۇمىران بول. سەندەك ئوغۇلدىن كەچتىم!

ئانا ئوغلىنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق سالدى-دە، يۈرىگى ئېچىشتى. ئىمىشقىدۇ دىر-دىر تىترەپ كەتتى. "ئىمىشقا بالامنى رەنجىتتىم" دەيتتى ئىچىدە. بۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كەتكەن ئوغلىدىن تېزدىن دېرەك بولمىدى. ئۇ قايتىپ ئۆيگە كەلگىچە كۆڭلىگە باشقىچە بىر ئىشلار كەلدى. نادىر خېلىدىن كېيىن كەلدى-دە، بىر پارچە ناننى ئېلىپ بىر چىنە چاي بىلەن يىدى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ يەنە قەيەرگىدۇ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە مەس پېتى قايتتى-دە، ئۆزىنى كارۋاتقا ئاتتى.

كەرىمە ئايلا ئوغلىغا گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن سىرىلدى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى كۈزىتىپ، دەم قەھرى كېلەتتى، دەم مېھرى تاشاتتى. نىمە قىلسۇن؟ كەچۈر مېنى، بالام، سېنى رەنجىتتىم دەپ باغرىنى ئاچسۇنمۇ! ياق، قاتتىق تۇرۇش كېرەك! خاتالىغىنى هازىر تۈزەتمىسە، كېيىن تەس بولىدۇ.

كەرىمە ئايلا ئىشتىن كەلسە، نادىرى بىر شىشىنىڭ يېرىمىنى بوشتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئانىنىڭ كەيپى ئۇچتى. قانداق قىلىپ ئادەم قىلسۇن ئۇنى! قولى ئىشقا بارمىدى. دىققەت بولۇپ ئولتۇراتتى، ئورتا مەكتەپتە ئوغلى بىلەن بىرگە ئوقۇغان خوشنىسى يۇلدۇز كېلىپ قالدى.

ئۇ پات-پات كېلىپ، كەرىمە ئايلامدىن هال-ئەھۋال سوراپ، پاراڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

— كەل، ئايلناي، قىزىم، ياخشى كېپسەن! يۈرىگىم تارس يېرىلىپ كېتەي دەپ ئولتۇرۇۋېدىم.

— نىمىشقا ئايلام؟ — بىلمەسكە سېلىپ سورىدى يۇلدۇز.

— نىمە بولماقچى، قىزىم. نادىر يەنە ئىشتىن بوشاپ كېتىپتۇ. پايپاسلاپ، كوچىدا تاش تېپىپ يۈرۈپتۇ...

— خاپا بولماڭ، ئايلام، ئوڭشىلىپ قالار.

— بىلمىدىم، بۇ ئەقلى يوق كىمگە ئوخشىدى. دادىسى ئەمگەك سۆيىدىغان كىشى ئىدى.

— تولىمۇ ئەركە ئۆستى-دە، ئايلا!

— راست ئېيتىسەن، قىزىم. دەردىمنى كىمگە ئېيتاي، ھەممە ئەيىپ ئۆزەمدە.

— نىمىشقا ئەيىپ سىزدە بولىدىكەن!

— ئونىنچىنى پۈتتۈرگىچە قولىنى سوغاق سۇغا تەككۈزمىگەن ئىدىم. كۆپ ئەركىلەتتىم، — دىدى ئانا، ئويچان كۆزلىرىنى يۇلدۇزغا تىكىپ.

— قاتتىقراق تۇتسىڭىز بولغان ئىكەن! — دىدى يۇلدۇز ئىختىيارسىز.

— تېخى ياشسەن-دە، قىزىم! ئانا بولساڭ كېيىن بىلىسەن. ئانىنىڭ يۈرىگى تاش بولسىمۇ، پەرزەندى ئۈچۈن بىر دەمدە ئېرىيدۇ. پەرزەندى شۇنى چۈشەنسە كاشكى...

ئانا بىر خۇرسىنىپ قويىدى. يۇلدۇز بېشىنى كۆتىرىپ، كەرىمە ئايلامغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر شىجائەت، غۇرۇر بالقىدى.

— نادىر ئاكاملارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ گەپلەشمەكچىمىز.

— كاشكى قىزىم! ياخشى ئىشلەپ، ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەل ئالدىدا يۈزى يورۇق بولسا... ئۆزىگىمۇ ياخشى بولاتتى دەيمەن-دە!



www.uyghurkitap.com

يۇلدۇز كەرىمە ئايلا بىلەن خوشلىشىپ كېتىۋاتقان ئىدى، تاش-قارقى هويلىدا نادىر دۇچكېلىپ قالدى.

— ھە، يۇلدۇز، ئانامنى كۆرگىلى كەلگەنمىدىڭ؟ مەن بولسام سېنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى ئۇ تامدىن تارىشا چۇشكەندەك.

— ۋوي سىزمىدىڭىز؟ قورقىتىۋەتتىڭىز! — دېدى ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ئۇنىڭغا بىردىنلا دۇچكەلگەن يۇلدۇز، — مېنى نىمىشقا ئىزدەيتتىڭىز؟

— گېپىم بار ئىدى، — دېدى نادىر ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ.

— گېپىڭىزنى دەڭ، قۇلىقىم سىزدە، — كۈلدى يۇلدۇز.

— بۈگۈن بىللە كىنو كۆرەيلۇق.

— سىز بىلەن كىنو كۆرۈشكە ئۇيۇلىمەن.

يۇلدۇز شۇنداق دېدى-دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىتتىك كېتىپ قالدى. نادىرنىڭ تاۋۇزى قولتۇغىدىن چۈشۈپ، تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ قالدى. ئەدىۋىنى يېدى...

نادىر شۇ كۈنى كېچىسى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كاللى-سىدىن ھەر خىل ئويلار كەچتى. كېيىنكى كۈنلەردە تەگتۈشلىرى نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەيدىغان بولۇۋالدى. كېچە ئەركىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "بىرگە ئايلىنايلى!" دەپ ئۆتۈنۈش قىلغان ئىدى. ئۇ "مەن ساڭا ئوخشاش بىكارچى ئەمەسمەن. ۋاقتىم يوق!" دېدى. بۈگۈن يۇلدۇز بولسا!... بىكار يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈۋاتقانمىكىن!... ئانىسىمۇ بەش كۈندىن بېرى گەپلەش-مەيدۇ. يېقىن ئارىدا پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس. تاڭ ئاتقىچە يۈرىكى تارس ئېتىپ يېرىلاي دېدى. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتۇ. جايىدىن تۇرسا ئانىسى يوق، ئىشقا كېتىپتۇ. ھەممە ياق جىمجىت.

ئوچاقتا چاي قويۇپ، قاينىتىپ ئىچىشكە خۇشى كەلمەستىن، يەنە چىقىپ كەتتى. قەيەرگە بېرىشىنى بىلمىدى. بىرگە ئوقۇغان بوللداشلىرىنى ئەسلىدى. ھەممىسى ئىشتا ئىدى. ئۇ كوچىدا يۇرۇپ چارچىدى، قوسىغى ئاچ قالدى. ئاشخانىغا تاماق يىگىلى كىرمەكچى بولغان ئىدى، قارىسا، يانچۇغىدا پۇلى يوق. سۇغا چۇشكەن ناندەك بوشىشىپ ئېرىپ نائىلاج ئۆيگە كېلىپ، ئۆزىنى ئەمدىلا كارۋاتقا تاشلىۋىدى، سىنىپدىشى ھەكىمجان كىرىپ قالدى.

— ھە، ئاداش، نىمگە ياتتىڭ؟ — دىدى ئۇ كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— چارچىدىم، — دىدى نادىر نىمە دىيىشىنى بىلمەي.

— ھە، بىكارچى ئادەممۇ چارچامدىكەن؟ — دىدى ھەكىمجان، — بىزگە ئوخشاش ئىسسىق مەش ئالدىدا ئەتىدىن كەچكىچە پولات قۇيساڭ، نىمە قىلاتتىڭكىن.

— ئىشلىسەڭ زېرىكمەيدىكەن ئادەم، — دەۋەتتى نادىر ئىختىيارسىز.

— بۇنى ئەمدى چۇشەندىڭمۇ؟ — ھەكىمجان ئۇنىڭغا قاتتىقراق بىر نەرسە دىمەكچى بولغان ئىدى، نادىر بۇنى سەزدىمۇ يا ئۇنى ئاڭلاشقا جۇرئەت قىلمىدىمۇ، ھەكىمجاننىڭ گېپىنى بۆلدى.

— باشقا گەپنى قوي، قوسىغىم ئېچىپ كەتتى. تاماق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. يىگۇدەك بىر نەرسە پىشۇرالامسەن؟ — دىدى تىركىشىپ.

— تاماق قىلمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرامدۇق، بىر يەردە زىياپەت بار، خالىساڭ ئېلىپ بارىمەن.

— قانداق زىياپەت؟

— ئىشىڭ نېمە؟
— ئۆزۈمنى يە، بېغىنى سورىما، دېگەن.
— ئەركىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن بۇگۈن. ھەممە سىنىپداشلار توپلىشىمىز.
— شۇ تاپتا نەگە دېسەڭ بارىمەن. مەيلى، جۇر قېنى، — دېدى نادىر.

ھەكىمجان ئۇنى ئەركىنلەرنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ باردى. ھويلىغا ياخشىلاپ جاي راسلىنىپتۇ. بىرنەچچە يىگىت ـ قىز، ئىككى مويسىپىت ئولتۇرىدۇ. پاراڭ قىزىپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان سەپەر ئەلى ئاتا نادىرغا يېنىدىن ئورۇن بوشاتتى. باشقىلار ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي يۇقۇرىغا تەكلىپ قىلىشتى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭ، بالام، — دېدى مويسىپىت.

نادىر يىگىت ـ قىزلارنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمەتلەپ تۆرگە تەكلىپ قىلىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، قىزىرىپ يۇقۇرىغا ئۆتتى. سەپەرئەلى ئاتىنىڭ يېنىدا ھەمرالىرى، مەكتەپداش قىزلار، باشقىلار...يېنىدا ئولتۇرغان مويسىپىت ئاپپاق ياغلىقتا ئورالغان چاينەكتىن بىر پىيالە چاي قۇيدى ـ دە، ئوڭ قولىنىڭ كەپتى بىلەن پىيالە ئەتراپىنى ئېرتىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— قېنى، مەرھەمەت قىلىڭ، ئوغلۇم.

نادىر چايدىن بىر ئوتلاپ، پىيالىنى يەرگە قويدى. داستىخاندىكى ھەر خىل ياخشى نازۇ ـ نېمەتلەرنى كۆرۈپ، كۆزى قاماشتى.

— مەزەگە بېقىپ ئولتۇرۇڭلار! — دېدى ئەركىن.

— قېنى، مەرھەمەت! — دېدى سەپەر ئەلى ئاتا، — تەبىئەت نېمەتلىرىنى قاراڭ، بىر بىرىدىن تاتلىق، چىرايلىق.

— كىشى ئەمگىگىنىڭ مېۋىسى-دە، بۇلار ھەممىسى. كىشىنىڭ ئەمگىگى سىڭگەن نەرسە تېخى ئۆزىگە تاتلىغراق تۇيۇلىدىكەن، — دېدى بىر بۇرجەكتە قىسىلىپ ئولتۇرغان يولدۇز.

نادىر يولدۇزنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلغىنىنى دەررۇ سەزدى. ئۇنىڭغا بىر قارىدى-دە، دەرھال كۆزىنى ئېپقاچتى. نادىرنىڭ كۆڭلىگە دەككە-دۈككە چۈشتى. يۈزلىرى قىزىرىپ، لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

بۇنى يېنىدا ئولتۇرغان مويسىپىت سەزدىمۇ، قىزىرىپ پىشقان بىر-ئىككى ناننى نادىرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ، گەپ باشلىدى:

— ئەرمەك قىلىپ ئولتۇرۇڭ، قېنى، ناندىن ئېلىڭ! مەرھەمەت! — دەپ قولىنى ئۇزىتىپ تەكلىپ قىلدى.

نان نادىرنىڭ ئاغزىغا بەك تېتىپ كەتتى.

— نان بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى نادىر نېمە دېيىشنى بىلمەي.

— ئوخشاپتۇ، — سەپەر ئاتا ئۇنىڭغا ئاستا قاراپ قويدى. نادىرنىڭ ناننى قىزىق سىندۇرۇپ يەۋاتقىنىغا قاراپ سۆز ئاچتى، — دادىڭىز ياغلىق پېتىرنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بىر پۈتۈن ناننى سۇغا چىلاپ بولسىمۇ يەپ ئالاتتى-دە، ھېچكىمگە قارىماي ئۆز ئىشى بىلەن بولاتتى. ئۆزىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت دېسە بار ئەزىمەت ئىدى. بۇ مەھەللىدە كەتمەن چاپسا نېرىقى مەھەللىدىكىلەرگە سۆزسىز ئاڭلىناتتى.

سەپەر ئەلى ئاتا بىر خۇرسىنىپ ئالدى-دە، بىر بىرى بىلەن شىۋىر-شىۋىر گەپلىشىپ ئولتۇرغان يىگىت-قىزلار مويسىپىتكە تىكىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى.

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، سەپەر ئەلى، — دېدى تەۋەكانىڭ سول

تەرىپىدىكى بۇرجەكتە ئاق ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككىنچى مويسىپىت، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتا بىللە بولغان، دۈشمەننى چۆپتەك قىرىپ قايتتى ئەزىمەت.

نادىر دادىسىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئويغا پاتتى.

— ئۆمرى قىسقا ئىكەن. هايات بولغان بولسا، نادىرجاننىڭ بوي-بەستىنى كۆرۈپ قانچە خوش بولاتتى، — دەپ بىر هەسرەت چەكتى سەپەر ئەلى ئاتا.

نادىر سەپەر ئاتىغا يالت ئېتىپ قارىدى. نىمىدۇر دىمەكچى بولدى-دە، گەپ قىلالمىدى. سەپەر ئەلى ئاتا ئۆزىگە ياراشقان ئاپپاق ساقىلىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— هە، بالام، ئادەم قانچە ياشىسىمۇ، بىر كۈنى كېتىپ قالىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ خاتىرىسى قېپقالىدىكەن. دادىڭىزغا ئوخشاش ئەمگەكچان، ئاقىل بولسا، هەممە كىشى ئارقىسىدىن "ياخشى ئادەم" ئىدى دەپ ياخشى گېپىنى قىلىدىكەن، ئىشياقماس، ئادەم قاخشىتىدىغان بولسا...

— ياخشى نام قالدۇرغان ياخشى-دە، سەپەر ئەلى ئاتا! — دىدى هەكىمجان ئاتىنىڭ پىكرىنى داۋام قىلدۇرۇپ.

— نادىرنىڭ مەقسىدىمۇ شۇنىداقتە، دادىسىغا ئوخشاش ئەل هۆرمىتىگە ئېرىشىش، — دىدى كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىسى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەچكى كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان سىنىپداشى رەهىم پاكىنەك تامدىن تارىشا چۈشكەندەك.

بويى هەممىدىن پەس بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، سىنىپداش يىگىت-قىزلار ئۇنىڭ ئېتىغا "پاكىنەك" دىگەن لەقەمنى قوشۇپ ئېيتىشاتتى. "پاكىنەك"نىڭ تەنىسىنى نادىر چۈشەندى. دەررۇ رەڭگى ئۆزگەردى.

ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭغا ئۆڭدى.

— نىمە تەنە گەپ قىلىسەن، رەھىم؟ — دىدى ھوسىيب.

— تەنە قىلسام-قىلمىسام توغرى-دە. كەرىمە ئايلام سىيىناڭ سايەڭدە راھەت كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىغۇ! — دىدى يەنە.

— بىلمەن، نىمە دىمەكچى بولغىنىڭنى! توغرى گىپىڭنى دەۋەرگىن ماڭا، — غوڭشىدى نادىر.

نادىرنىڭ كەيىپ ئۇچقانلىغىنى سەزگەن مويسىپىت سۆھبەت يۆنىلىشىنى سەل يۇمشىتىش ئۇچۇن نادىرغا قاراپ مۇلايىم سۆزلىدى:

— نىمىگە خاپا بولىسىز، ئوغلۇم؟ ئاغىنىڭىز خاپا بولغۇدەك گەپ قىلغىنى يوققۇ!

— رەھىمجان نادىرغا تەنە قىلىۋىتىپتۇ-دە، سەپەر ئەلى ئاتا! — دىدى يۇلدۇز سۆھبەتكە قوشۇلۇپ. — نادىر ئاكاملار ئىشتىن قىچىپ كىلىپ، كوچىدا تاش تىپىپ يۈرۈپتۇ ھازىر. گەپ قىلىڭ، نادىر ئاكا!

يۇلدۇز شۇنداق دىدى-دە، لىۋىنى چىشلەپ نادىرغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. نادىر بولسا يۇلدۇزنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا بىشىنى كۆتىرەلمەي قالدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ھازىر ئىشسىز يۈرۈۋاتىمەن دەڭ! كۈننى قانداق كەچ قىلىسىز؟ مەن قىرىپ قالغان بولسامىمۇ، بىردەم ئۆيدە بىكار ئولتۇرسام، ئىچىم پۇشۇپ كىتىدۇ، — دىدى سەپەر ئەلى ئاتا.

— ئانام مەن ئۇچۇن ئىشلەۋاتىدۇ، شۇ بولدى-دە، دىمەمسەن نادىر! — دىدى ھەكىمجان.

— ھەي، ئەتتەڭ! ئوغۇل ئاتىغا ئوخشىماپتۇ-دە، — دىدى



www.uyghurkitap.com

ھىلى "دادىڭىز بىلەن بىرگە ئۇرۇشتا بولغانمەن" دىگەن مويسىپىت.

تەۋكادا ئولتۇرغانلار كېيىن نىمە توغرىدا گەپلىشىشتى، كىم نىمە دىدى، نادىر ھېچ نەرسىنى سەزمىدى، مويسىپىتنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۇنىڭغا ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى...ئۇ ئولتۇرۇشتىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزى بىلمەي قالدى. ئۆيگە باردى-دە، كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. كېيىنكى كۈنلەردىكى ھاياتىنى ئەسلىدى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئاڭلىغان گەپلەرنى ئويلىدى. راستلا ئىشتىن قالدىمۇ، كىشلەرنىڭ كۆزىگە خۇنۇك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يولداشلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرمەيدىغان بولدى. ئانىسى بولسا ئۇنىڭدىن قاتتىق خاپا ئىدى...بۇنىڭغا كىم ئەيىپدار! ئاخىرقى ھىساپتا ئۆزى ئەيىپدار-دە! "يولداشلىرىم بىر جايدا ئىشلەپ يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇۋېتىپتۇ، ئابرويى تېپىۋېتىپتۇ! مەن بولسام — ... كارۋاتتا ئاسمانغا قاراپ سوزۇلدى ئۇ. خىيالىغا تۈرلۈك پىكىرلەر، ھەر خىل گەپلەر كېلەتتى-دە، نىمىشقىدۇ ئۇنى بىر مەقسەت تەرەپكە بۇرىيالمايتتى... بىرنەچچە قېتىم ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆرۈلدى. يۈلدۈز، ھەكىمجان ۋە مويسىپىتنىڭ گەپلىرى قۇلىغى ئاستىدا قايتا-قايتا جاراڭلاپ تۇردى. 'سىز بىلەن كىنوغا بېرىشقا ئۈيىلىمەن' 'بۇ مەھەللىدە كەتمەن چاپسا، نېرىقى مەھەللىدىكىلەرگە سۆزىسىز ئاڭلىناتتى'... 'ھەي، ئەتتەك، ئوغۇل ئاتىغا ئوخشىماپتۇ-دە'".

ئوغلىنىڭ ئۇخلىماستىن، ئۇھ تارتىپ، ئاھ ئۇرۇپ ياتقىنىنى سەزگەن ئانا چالا ئۇخلاپ چىقتى. "بالامنى خاپا قىلىشقان چېغى. ئۆزىنى بىر نەرسە قىلىپ قويمىسۇن يەنە!..." بىر نەرسە تىرىق قىلسا ئۇ ياتقان ئۆيىنى مارلىدى.

ھەر كۈنى كۈن تېرەك بويى ئۆزلىگىچە ئۇخلايدىغان نادىر بۈگۈن تاڭ خىرە-شىرە يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز-كۆزىنى يۇدى. ئۆزى ئوچاقتا چاي قويۇپ دەملىدى. ئانا ئوغلىنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشلىرىدىن ئەجەپلىنىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى، ئۇ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— ئانا، چايغا كېلىڭ، بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچەيلى!

كېچىلا تاشتەك تۇرغان ئانىنىڭ قەلبى يۇمشىدى.

— سەن چاي دەملىسەڭ مەن ئىچمەيمەنمۇ! — ئانا ئىشنى قويۇپ داستىخانغا كەلدى. بىر-ئىككى چىنە چاي ئىچتى. نادىر بوشىغان چىنىنى ئېلىۋېتىپ، ئانىسىنىڭ ئاپپاق چاچلىرىغا، مېھرىۋان كۆزلىرىگە، پېشانىسىدىكى قات-قات قورۇقلىرىغا قاراپ، بىلىنەر-بىلىنمەس خورسىندى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئانا!... مەن...

ئانا ئوغلىدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنى سېزىپ، سۆيۈنگىنىدىنمۇ يا ئۇنى ئادەم قاتارىغا قوشمەن دەپ تارتقان جاپالىرىنى ئەسلەپ چارچىغىنىدىنمۇ، كۆزلىرىدە ئاستا-ئاستا ياش تامچىسى پەيدا بولدى.

— ئۇرۇشقان بولسام ئانچىكى،... — ئانا بىرئاز تۇتۇلۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭلاپ، — كىلىچىگىنى ئويلىغىن، بالام، مەندىن كېيىن قالساڭ ئادەملەر ”ئاتىسىغا رەھمەت!“ دەيدىغان بولسۇن، لەنەت ئوقۇمىسۇن دەيمەن.

— سىزنى ئەمدى خاپا قىلمايمەن، جېنىم ئانا!

نادىر چاينى تېز-تېز ئىچتى-دە، ئىشقا كىيىدىغان كىيىم-باشلىرىنى ئېلىپ، كېتىشكە ھازىرلاندى.

— قەيەرگە بارىسەن؟ — ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەلپۈنۈپ گەپ

قىلدى ئانا.

ــ ئىش ئورنۇمغا بېرىپ، كەچۇرۇم سورايمەن.

ئانا ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن تاشقىرىغا چىققىنىدا تېرەك بويى ئۆرلىگەن كۈن ئۆتكۈر نۇرلىرىنى كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى.

ــ ئىشقىلىپ كۈندەك سېخى بول، بالام، ئەمگىكىڭنى ئەلدىن زادى ئايىما! ــ دىدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ.

نادىر ئانىسىغا قايرىلىپ، تەبەسسۇم قىلدى ـ دە، ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

(ئۆزبېكىستان «شەرق يۇلتۇزى»
ژورنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
**غۇلام غوپۇرى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيقۇسىزلىق

## لالە تاجىيېۋا

بىردىن قاتتىق شامال چىقىپ، ئۇزۇن ئايۋاننىڭ ئۇچۇق قالغان دەرىزىسىنىڭ قاناتلىرىنى تاقىلدىتىپ يېپىپ-ئاچقىلى تۇردى، ھاۋا گۈلدۈرلىدى. دەم ئۆتمەي، زىمىستان ئاسمان كۆكسىنى چاقماق تىلىپ ئۆتتى. تاملارنىڭ تۈنۈكلىرى تاراقلاپ، كىمنىڭدۇر دەرىزىسى چېقىلىپ چۇل-چۇل بولدى...

ھىلىلا كۆڭلى بىئارام بولۇپ كۆزىنى كوچا ئىشىكتىن ئۈزمەي ئويغاق ئولتۇرغان رازىيە ئاچا بېشىنى شىرەگە قويغىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويغاندى-دە، كۆڭلىگىنىڭ ياقىسىنى كۆتىرىپ، كۆكسىگە تۈكۈردى. ئاۋال نىمە ۋەقە بولغانلىقىغا چۈشىنەلمەي، ۋەھىمە، قورقۇش بىلەن ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قارىدى. سەل ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، قاتتىق شامال چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدى. قولدىكى سائەتنى چىراققا تۇتۇپ قارىغان ئىدى، ۋاقىت كېچە تۆتتىن ئېشىپتۇ.

"بۇ بالا لاغايلاپ يۈرۈشنى قاچان تاشلاركىن-ھە؟ ئاتىسى لاغايلاپ يۈرمەيتتى، ئىچمەيتتى، بۇ ئادەت ئۇنىڭغا قەيەردىن يۇقتىكىن؟ — ئويلايتتى رازىيە ئاچا. — ھەي ئوڭمىغان بالا!... ھەمىشە ئەھۋال شۇ. ئاتىسى نۆۋەتچىلىككە كېتىشى بىلەنلا بۇمۇ ئۆيگە كەچ قايتىپ

كېلىدۇ، كۆپىنچە خىيال سۈرگەنىدەك كۆرۈنىدۇ. "ئىچتىڭمۇ، بالام، ئاخىر ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، ئىنىستىتۇتقا ئوقۇشقا ئەمدىگىنە كىردىڭغۇ، دىسە، 'قويۇڭچۇ ئاپا، تېخى ئاغزىمدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان گۆدەك تۇرسام، ئىچىمەنمۇ' دەيدۇ، كۈلىدۇ. زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ، راست ئېيتىۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. كەلسە-كەلمەس يۈرۈشلىرى بىر ئۆي ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىدىغانلىقىنى، تەشۋىشكە سالىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئېچىنمىسا؟!"

شامالدىن قېچىپ، ئۆينىڭ ئاستىدىكى گەمىگە يات بىر مۈشۈك قامىلىپ قالغانمۇ، تىنماي زارلىنىپ مىياڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتلار دەم تاتىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەم گەمىنىڭ ئىشىگى يېنىغا بېرىپ ھاۋشىيتتى.

يېرىم سائەتچە ئەزۋەلەپ چىققان شامال تازا ئېچىلىۋاتقان مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرىنى تۆكۈپ، يەر يۈزىنى ئاق، ئاچ قىزىل يوپۇرماقلارغا كۆمۈپ تاشلىدى. ئەمدى يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شارقىراپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇر دەرىزىلەرگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى. ئاللىقايسى بىر خوشنىنىڭ دەرىزىسى پاققىدە ئېچىلدى. سەل ئۆتمەي، غىرىلىلاپ يېنىك يۈرۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. تاڭ ئاتماقتا... بىراق، سەرداردىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى.

رازىيە ئاچا يۈرىكى سىقىلىپ، بىر جايدا تۇرالماي، يا ئولتۇرالماي قالدى. نىمە قىلىش كېرەك؟ ئوغلىنى كىمدىن سورىسۇن؟ قەيەردىن ئىزدىسۇن؟ دادىسىغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرسۇنمۇ؟ رازىيە ئاچا بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۇزۇن ئايۋانىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. مېڭىسى ئادەتتىك-

دىن تېز ئىشلەيتتى: بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قورقىتىشى ئەمەس، بىرىنچى قېتىم تەشۋىشكە سېلىشى ئەمەس. ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇپ يۈرگەن چېغىدا، بىرگە دەرس تەييارلايمىز، ماقالا يازىمىز، دەپ، بىر قېتىم ئاغىنىسىنىڭكىدە يېتىپ قالغان ئىدى. لېكىن، ئەتىسىگە ئاڭلىسا، خوشنىسى شۇ كۈنى ئۇنى ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە كىنودا كۆرۈپ-تۇ. ئوغلىدىن سورىسا، بوينىغا ئالمىدى. رازىيە ئاچا ئوغلىغا، يازغان ماقالاڭنى كۆرسەتكىن، دەپ سىياسەت قىلغان ئىدى، ئېنىق جاۋاپ بېرەلمىدى. شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم ئانىنىڭ يۈرىكىگە غەشلىك چىرماشتى. ئوغلى قەيەرگە بارىمەن دىسە، گۇمانلىنىۋەردى. ئەمما بالام قاغجالما بولۇپ، گەپ تەسىر قىلمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، ئارتۇقچە نەسىھەت قىلىۋەرمىدى. بىراق، كۆزىتىشنى توختاتمىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوغلى كوچىدىن تېلېفون بېرىپ: "ئانا، بۈگۈن مۇزېيپەرلەرنىڭكىدە يېتىپ، ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق كۆرىمىز" دىدى. رازىيە ئاچا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. رۇخسەت بېرەي دىسە، دەرس ئوقۇشارمۇ، يا ئاشۇ قېتىمدىكىدەك كوچىدا لاغايلاپ يۈرەرمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. رۇخسەت بەرمەي دىسە، ئىمتىھاندا يېڭىلىپ قالارمۇ دەپ قورقتى. ئاخىر ئىككىلىنە-ئىككىلىنە زورغا:

— ئىشلىگەن دەرسىڭنى يېزىپ كەل، ئەتىلىككە تەكشۈرىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردى. شۇ كۈنى دادىسى ئىشتا ئىدى. قاينىمىسۇن، دەپ ئويلاپ كۆيۈمچان ئاتىسىغا بىلدۈرمەيلا قويدى. ئوغلىنىڭ تەربىيىسىدىكى خاتالىق شۇنىڭدىن باشلانمىغانمىكىن؟ ئەمما ئوغلىنى بىرئاز ئەركىرەك قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكى راست ئىدى.

سەردار كىچىكىدىن ئاغرىقچان ئىدى. شۇ خىيالىغا كەلدىيۇ، رازىيە ئاچا ئىختىيارسىز ئۇيغا كەتتى...

سەردار ئۈچ ياشقا تولغاندا، تامىغى قاتتىق شامالدىغان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن پات-پات ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپكى چاغلاردا شامالدىغىنىدا پۈتۈن ئەزايى مىسىدەك قىزىپ، ئىسسىتمىسى ئېشىپ كېتەتتى. ئېرى: "تاماق ئاغرىقى بىلەن ئۇيىنىشىپ بولمايدۇ، ھازىرچە ئوكۇل سالدۇرۇپ تۇرايلى، ئىسسىتمىسى چۈشكەندىن كېيىن ياخشىراق دوختۇرغا كۆرسىتەيلى، بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئاللى دىسە، رازىيىنىڭ ئىشى ھەمىشە دەخلى قىلاتتى. ئۇ دورا ئىچكۈزۈپ، ئوغلىنىڭ ئىسسىتمىسىنى چۈشۈرۈۋې-تىپ، ئىشقا چۈشۈپ كېتەۋەردى. بالا ئۈچ-تۆت كۈن باغچىغا چىقار-چىقماي، كېسىلى يەنە قوزغىلىۋەردى. كېيىن-كېيىن بالىسى لەۋا، جىدەلخور، سەل چارچايدىغان، ئۇيناپ ئولتۇرغان يېرىدە يېتىپلا ئۇخلاپ قالىدىغان بولدى. ئىسسىتمىسىنى ئۆلچىسە، ئوتتۇز يەتتە گىرادۇستىن سەل ئۇشۇق چىقاتتى. دوختۇرلارغا كۆرسەتسە، كېسەلنى زادىلا ئېنىقلىشالمايتتى. تەكشۈرۈشكە قان بەرسە، ئاق قان دانچىلىرى ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا رازىيەنىڭ چوپ-چوڭ ئوغلىنى كۆتىرىشىپ ئۇ دوختۇردىن بۇ دوختۇرغا، ئۇ تونۇشتىن بۇ تونۇشقا يۈگۈرگەنلىرىچۇ؟ ئەسلىسە، ھىلىدىن-ھىلىغا يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىدۇ، خورلىغى تۇتۇپ كېتىدۇ.

شۇ چاغدا رازىيە ئېرى بىلەن يېكى ئاجراشقان چاغلار ئىدى. "بالام ئاتىسىغا ئىچىكىۋېتىپتۇ، چوڭ خاتاغا يول قويغان چېغىمىز" دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئېرىگە بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ تېلېفون بېرىشكە، يا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ۋىجدانى يول قويمىدى.

ئۆزى كۆيدى، ئۆزى ياندى. بالاكەلسە قوش كېلىدىكەن. ئوغلىنىڭ كېسەللى ئەنە شۇنداق دەرت ئۈستىگە دەرت بولۇپ قوشۇلغان ئىدى.

مانا ئەمدى ئېرى بىلەن ئاجراشقان ۋەقەنى ئەسلىسە، ئۆزىگە ئۆزى كۈلىدۇ. ئۇ چاغدا دۆلەت ئۆي بېرىپ، قېيىنئاتا-قېيىنئانىلىرىنىڭ رۇخستىنى زورىغا ئېلىپ، ئەمدىگىنە ئۆي-ئوچىغى يېڭى بولۇپ ئاجرىلىپ چىققان كۈنلەر ئىدى. يېڭى ئالغان ئۆيلىرىنى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ، زور شۆھرەت بىلەن ياشاشقا باشلىغان چاغلاردا تاتلىق ئاشلىرىغا چىۋىن چۈشتى...

بىر كۈنى رازىيە سېتىۋالغان بىر سومكا نەرسىسىنى كۆتىرىپ، ئىشتىن تىراللىبۇستا قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى، ئېرىنىڭ شىپاخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ئايال بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ قالدى. ئايال ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ سالام قىلىشتى، ھال-ئەھۋال سوراشتى.

— رازىيەخان، بازارنى ئۆزىڭىز قىلامسىز؟ ئۆبەيجان قارىشىپ بەرسە بولمامدۇ؟

— نىمە كەپتۇ؟ بازار يولۇمنىڭ ئۈستىدە. تەييار تىراللىبۇس بار. زۆرۈر نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىۋېرىمەن، ئۇلارمۇ قاراپ ئولتۇرمايدۇ. كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بىلىپ ئېپكىلىپ بېرىپ تۇرىدۇ...

— ماشىنىلىرىدا ياش-ياش جۇۋانلارنى ئېلىپ يۈرگۈچە، سىزگە كۆپرەك ياردەملەشسە بولماسمىدى، دەيمەن-دە... — ئايالنىڭ كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ كەتتى.

توپ-توغرىلا بۇ گەپنى ئىشىتىپ، دەسلىۋىدە رازىيەنىڭ ئاغزى

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپ قالدى. ئاڭغىيىپ ئايالغا تىكىلدى. تىلى سۆزگە كەلمىدى.
لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:
— نىمە دەۋاتىسىز، كۆڭلىگە كېلەرمۇ دىمەيسىز-ھە!! — دىدى.
ئايال كۆزلىرىنى سىرلىق قىستى:
— ئەگەر مېنىڭ ئېيتقىنىمنى ئۆبەيجانغا بىلدۈرمەسلىككە ۋەدە بەرسىڭىز، يەڭگىلىلىك قىلمىسىڭىز... سىزگە بىر گەپنى ئېيتىمەن.
— نىمە گەپ ئىكەن؟
— ئۆزى... ئېيتماسلىغىم كېرەك ئىدىيۇ، ئەمما سىزنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىگىڭىزنى بىلگىنىمدىن، سىزگە ئېچىنغىنىمدىن ئېيتىمەن... پەقەت ئېرىڭىزگە ئېيتماسلىققا ۋەدە بېرىڭ.
— بوپتۇ... بىلدۈرمەيمەن. قېنى، قانداق گەپ ئىدىكى؟
ئايال تىرالليبۇستا باشقا بىرەرسى ئاڭلاپ قالمىسۇن، دىگەندەك تۇمشۇغىنى رازىيەنىڭ قۇلىغىغا يېقىن ئېلىپ باردى-دە:
— ئېرىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ، شىپاخانىمىزدىكى بىر بۇۋى بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈپتۇ... بۇ ئايال ئېرىڭىزنى مايىل قىلىۋېلىپ، سىز داغدا قېلىپ يۈرمەڭ يەنە، جېنىم... — دىدى.
— قىزىقكەنسىز، — دىدى رازىيە ئۆبەي ئاكىسىنىڭ خىزمەتدىشىغا. — كۆڭۈل دىگەن ياقتۇرغان كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ. مەيلى، قولىدىن كەلسە، قەنتىنى چاقسۇن. بىراق، سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئۇنداق باشقىلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرمەڭ، ئۆزىڭىزگە جاپا بولىدۇ. مېنىڭ ئېرىم سىز ئويلىغان شاللاقلاردىن ئەمەس. سىز يېڭىلىشىپسىز. ئېرىم ئۆزى شۇنداق ئوچۇق كۆڭۈل، قوسىغى كەڭ ئەرلەردىن...
رازىيە شۇنداق دىدىيۇ، ئىچىدىن زىل كەتتى. ئايالنىڭ

www.uyghurkitap.com

گېپى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىگىگە غەشلىك پەيدا بولدى. رازىيە "ياخشىلىق" قىلىۋاتقان ئايالنى ئىچ ـ ئىچىدىن يامان كۆرۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۆزىنى ئەتەي زورلاپ ئايال بىلەن جىلمىيىپ خەيرلەشتى، بىكەتتە چۈشۈپ قالدى. بىكەتتىن ئۆيىگە يەتكىچە خۇلاسە چىقاردى: "شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ ـ دە!..."

كەچقۇرۇن ئېرى ئىشتىن قايتقىچە رازىيە غەزەپ چاپىنىنى كىيىۋالغان ئىدى. قىزىق، ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئېرى كۆزىگە مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمچى، ساختا بولۇپ كۆرۈنگىلى تۇردى. رازىيە ئېرىگە ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىشقا ئۇرۇناتتىيۇ، ئۆزى ئۇنىڭ ھەر بىر گېپى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى دىققەت بىلەن كۈزىتەتتى. "ئايالىنىڭ گېپى يالغان، ئېرىم بىلەن بۇرەر ئاداۋىتى بولسا كېرەك، يا ئەردىن بەختسىز، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارىمىزغا سوغاقچىلىق سالماقچى"، دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە مىڭ ھەركەت قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەقلىدىن تۈيغۇسى ئۈستۈن كېلىۋەردى. ئەمدى ئېرىنىڭ قاراشلىرىمۇ، ئەكىلەشلىرى ۋە ئۆيدە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمۇ رازىيەگە ساختا بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئايال كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاپ بولمىسا كېرەك. جېنى قىينىلىپ كەتتى. بوي بەرمەسلىككە ھەركەت قىلىپ ئۈچ كۈن چىدىدى. ئۈچ كۈن ئۈچ يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە خىيالىغا نىملەر كېلىپ، نىملەر كەتمىدى. ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلەنگۈچە بەرگەن ۋەدىلىرىنى، تۇرمۇشقا چىقىشقا كۆندۈرگىچە قانداق يېلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىرىنى ئەسلىگەندىسېرى يىغانى تۇتۇپ كۆزىگە يامان كۆرۈنگىلى تۇردى. "مەن

ئۆيۈمگە، پەرزەندىمگە شۇنچە مۇھەببەت قويسا ـ مۇ، خوتۇن بېشىم بىلەن زىبۇ ـ زىننەت، پار ـ پۇر كىيىم، ئويۇن ـ كۈلكىلەرگە بېرىلمەي، تاپقىنىمنى ئۆيگە تاشلىسا ـ مۇ، ئۇ كىشى بولسا... ھېچ بولمىغاندا پەرزەندىنى ئويلىمسا..." رازىيە ئەلىمگە چىدىمىغاندا، ئېرىنىڭ يوقىدا يىغلاپ ـ يىغلاپ ئالاتتى. ئەمما ئېرى ئىشتىن كەلگەندە، گويا ھېچ گەپ بولمىغاندەك چاندۇرماي، يەنە ئۇنى كۈزىتىشكە چۈشەتتى.

ئاخىر، تاقىتى قالمىدى، ئېرىگە ئۇنىڭ ناپاكلىقىدىن گەپ ئاچتى. چوڭ جاڭجال بولدى. بىراق، رازىيەنىڭ بارلىق گەپلىرى ئىسپاتسىز، گۇۋاسىز ئىدى. ئۇ گۇمان قىلىۋاتقان جۇۋاننىڭ ئىسمىنىمۇ، "خالىس خىزمەت" قىلغان ئايالنىڭ كىملىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېرى بۇ ئىغۋانىڭ ئاساسسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى. يىغان چەككىنىچە يۈرۈۋەردى. ئوتتۇرىغا سوغاقچىلىق چۈشتى. بارا ـ بارا ئاداۋەت كۈچىيىپ، ئۇلار ئۇزۇلۇشۇپ كېتىشتى. رازىيە: "ئۆيىنى بوشىتىڭ" دەۋەرگەندىن كېيىن، ئۆبەي ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. گۇمان شۇنداق يامان نەرسە ئىكەن. ساق قەلبىنىمۇ كېمىرىپ، يارىماس قىلىپ قويۇشى ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن...

شۇ ۋەقەدىن كۆپ ئۆتمەي، سەردار قاتتىق ئاغرىدى. كۆپ چاپ ـ چاپ، ئاۋارىچىلىقلاردىن كېيىن، بىر دوختۇر بۇنى سۆرەلمە تاماق ئاغرىقىنىڭ ئاسارىتى دېدى. يەنە قان بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. قاندا ئاق دانچىلار كۆپ، ھامان ئېشىپ بارماقتا ئىدى. دوختۇر دورا ـ دەرمان يېزىپ بەردى.

ــ بالىنى كۆپرەك ساپ ھاۋادا سەيلى قىلدۇرۇڭ. كۆڭلىنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىك. دىققەت بولمسۇن. ئالداپ ـ سالداپ بولسمۇ، كۈنىگە تۆت ـ بەش قېتىم ئاز ـ ئازدىن ۋىتامىنلىق تاماق بېرىڭ. تامىغىنى شامالداش ـ تىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بىرەر ئايلار ئىچىدە تامىغىدىكى ئۆسمە قايتىدۇ. شۇنىڭدا ئاق قان دانچىلىرىمۇ جايىغا كېلىپ قالىدۇ. بالىڭىز بىرئاز قۇۋۋەتكە كىرسە، شىپاخانىغا يوللاپ بېرىمىز، يىرىڭ ـ لىغان بەزنى ئېلىپ تاشلىشىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچنىمىنى كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، ــ دەپ ئۇقتۇردى دوختۇر رازىيەگە.

رازىيە ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈرىگى بىر قانداق بولۇپ ئويغىنات ـ تى. بىر ياقتىن ئېرى بىلەن بولغان ۋەقە ئۇچۇن ئازاپ چېكىدۇ، يەنە بىر ياقتىن، ئوغلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە نىمجانلىشىپ، ئېزىپ ـ تېزىپ كېتىۋاتقىنىغا كۆيىدۇ. ئۇيقىسىمۇ چالا ـ پۇچۇق، ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقىدۇ، كېيىن كۈن بويى كۆڭلى غەش بولۇپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئويلاپ يۈرىدۇ، باشقىلار: "بالام، بەختىڭ تۈگەل بولسۇن"، دەپ دۇئا قىلىشقاندا، بۇنىڭ ماھىيىتىنى تازا چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، ئانچە زەڭگىرىپمۇ كەتمەيدۇ. كىشى ھەممە نەرسىنى بېشىغا كەلگەندىلا بىلىدىكەن. ئېرى بىلەن ئاجرى ـ شىۋاتقاندا: "نىمە، مېنىڭ باشقا ئاياللاردىن قەيېرىم كەم؟ ئوقۇغان تۇرسام، يەتتە ئەزايىم ساپ ـ ساق تۇرسا، ئەرگە ئاياق ئاستى بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە، ئوغلۇم بىلەن ئۆزەم تېچ كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟! نىمە، بىرگىنە ئوغلۇمنى باقالمايمەنمۇ؟ ئەر كېرەك بولسا، قاچانلا بولمسۇن تېپىلىدۇ..." دەپ ئويلىغان ئىدى. يېڭىلى ـ شىپتۇ. ئېرى، ئوغلى بىلەن ئۆيى ئاۋات، يوپ ـ يورۇق، بەختىمۇ شۇلار بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ئىكەن. مانا، ئەمدى ئوغلى ئاغرىق، كەلسە ـ كەلمەس غىڭشىيدۇ، ئاتىسىنى تولا سورايدۇ. ياغ،

ھەسەل بېرىپ مىڭ باققىنى بىلەن، نىمە دىسە شۇنى قىلىپ بەرگىنى بىلەن، بەرىبىر ئاتىسىنى سورايدۇ. رازىيە بۇنىڭغا ئارتۇق تاقەت قىلالـ ماي قالدى. ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىغا ئازاپ چېكىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆڭلى ئېرىنىڭ تۆپەيلى يېرىم... ھە دىسىلا كۆزىگە ۋىلىلدە ياش كېلىدۇ... كەچ بولدى دىگۈچە ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالمايدۇ. شۇ ئۆي، شۇ تېلېۋىزور، شۇ خولۇم-خوشنا... ئەمما يۈرىگىگە چىراق ياقسا يورۇشمايدۇ، ھە دەپ خورلىقى تۇتىدۇ، بولۇپ- مۇ... ئاتىدىن، ئانىدىن يا بالىدىن جۇدا بولىدىغان فىلىملارنى كۆر- سە، بالىسىغا بەكمۇ رەھمى كېلىپ كېتىدۇ! نىمە قىلسۇن؟ قانداق قىلسا، ھاياتى يەنە شۇ بىغۇبار، خوشال، كۆڭۈللۈك ھالىغا كېلىدۇ؟ كېلەمدۇ ئۆزى؟! رازىيە تىنماي شۇ توغرىدا ئويلايدۇ. ئوغلىنى ئوينىتىپ، باغدا سەير قىلدۇيۇ، باغنىڭ ئەمدى پەيزى يوق... ئويلايدۇ: "ئۆزەمدىن ئۆتتى. ئېرىم بىلەن ئىشلەيدىغان شۇ ئايالنىڭ ئىچىقارلىق قىلىۋاتقىنىغا ئەقلىم يېتىپ تۇرغان ئىدى، ئۇنى گەپ بىلەن باپلىغانمۇ ئىدىميۇ، كېيىنىسىگە ئەخمەقلىق قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ قىلتىغىغا نەق چۈشتۇم. بىر ئوبدان تۇرمۇشۇمنى زەھەرگە ئايلاندۇردۇم. ئاخىر، ئەر كىشىنىڭ پاك-ناپاكلىغى مۇناسىۋىتىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدىغۇ. يۈرۈش-تۇرۇشى سەللا ئۆزگەرسە، قايسى ئايال نازۇك قەلبى بىلەن بۇنى سەزمەيدۇ؟".

ئۆبەيگە قاتتىق ئەلەم قىلغانمۇ، يا تېلېفون سوقىدۇ، يا كېلىپ خەۋەر ئالىدۇ.

رازىيەنىڭ ياخشى پەرۋەرىشى كار قىلدىمۇ، يا دوختۇر يېزىپ بەرگەن دورىلارنىڭ پايدىسى تەگدىمۇ، ئىشقىلىپ، سەردار كۈندىن- كۈنگە ئەت ئېلىپ، رەڭگىمۇ سۈزۈلۈپ باردى. دوختۇر ئاخىرقى

قېتىم كۆرگىنىدە ئۇنىڭ سالامەتلىگىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، بېزىنى ئالدۇرۇش ئۇچۇن شىپاخانىغا يوللاپ بەردى. رازىيە ئوغلى بىلەن بىرگە شىپاخانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، بېزىنى ئالدۇرۇپ قايتتى. قايتقاندا، ئۆي ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ، كۆزىگە شۇنداق مەنىسىز كۆرۈندىكى، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ھالدا يەنە مۆللىدە ياش كەلدى... ئەكسىگە ئالغاندەك، ئوغلىمۇ ئۆيگە كىرىش بىلەنلا:

— ئاپا، دادام قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. رازىيەنىڭ يۈرىگىگە سانجىق تۇردى. ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۇچۇن، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، يۈزلىرىگە ئۆپتى. غىلىلداپ تۇرغان يېشىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن كۆزلىرىنى يۇمغان ئىدى، كىرپىكلىرى ئۇچىدىكى تامچىلار يۈزىدە ئىز قالدۇرۇپ دۇرلەر تۆكۈلدى.

رازىيە ئوغلىنى ئېلىپ كىرىپ كارۋىتىغا ياتقۇزدى. يوتقىنىغا ياخشىلاپ ئوراپ قويدى. چاي قۇيىماقچى بولۇپ ئاشخانىغا ئۆتۈۋاتقان ئىدى، ئىشىك قوڭغۇرىغى جىرىڭلاپ قالدى. "كەلگىنىمىزنى بىلىپ، خوشنىلاردىن بىرەرتىسى كۆرگىلى چىققىتى چېغى" دىگەنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى رازىيە. ئارىلىقتىكى ئەينەككە قاراپ چېچىنى تۈزەشتۈردى، قىزارغان كۆزلىرىدىكى نەمنى ئېرىتتى. قوڭغۇراق يەنە جىرىڭلىدى. رازىيە ئىشىكنى ئاچتى. قايسى كۆزى بىلەن قارىسىمۇ، كۆزلىرىدە تەشۋىش ئەكس ئېتىۋاتقان ئۆبەي بوسۇغىدا تۇراتتى. رازىيە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورسىندى. ئېرى بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن، رازىيە ئۇنىڭ بويىنىغا گۆرە سېلىۋالدى، ھىچبىر ئويىلماي، ھۆڭ-ھۆڭ يىغلىۋەتتى. ئېرى خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا ئۇنىڭ باشلىرىنى، يەلكىلىرىنى سىلايتتى، ئۇ تەشۋىشلىنىپ سورىدى:

— رازىيە، سەردارغا نىمە بولدى، بىر ئاغىنەم سىزلەرنى شىپاخانىدا كۆرگەن ئىكەن، بارسام، ئۆيگە كەتتى، دېيىشتى. تېچلىقمۇ؟

— تامىغى ئاغرىۋېرىپ، بالام بەك قىينىلىپ كەتتى. بېزىنى ئالدۇردۇق... — رازىيە ئەمدى كىنا قىلىپ ئولتۇرمىدى. ياشلىق كۆزلىرى بىلەن جىلمايغىنىچە ئىچكىرىگە ماڭدى. شۇ دەمنىڭ ئۆزىدە كۆڭلى يورۇپ، ئۆيى يەنە پارلىداپ كەتكەنلىكىنى ئىچ-ئىچىدىن ھىس قىلدى. چېپىپ يۈرۈپ ئېرىگە چاي ھازىرلىدى. چايدىن كېيىن تاماق تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. رازىيەنىڭ ئائىلىسىدە ھايات كونا ئىزىغا چۈشتى. نە ئېرى، نە ئۇنىڭ ئۆزى مۇناسىۋەتلىرىدىن قىلچە ئېغىز ئاچمىدى. سەن شۇنداق قىلغان ئىدىڭ، دېيىش ھېچبىرسىنىڭ خىيالىغا كەلمىدى...

بۇ ۋەقەگىمۇ ئون بەش يىلدىن ئېشىپتۇ. بۇ ئارىدا ئۇلار يەنە ئۈچ پەرزەنت كۆردى. ئەمما سەردارغا قاچانلا بولمىسۇن يۇمشاق گەپ قىلىشاتتى، قاتتىق كايىشمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ بەربىر تىرتەك، تەرسا بولۇپ ئۆستى...

ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئوغلىنىڭ ئۈچ-تۆت ئاغىنىسى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان بەڭۋاشلىغىنى ئەسلەپ، رازىيە يەنە ئۇھ تارتتى. يەنە قولىدىكى سائەتنى يورۇققا تۇتۇپ قارىدى. بىراق، خىرە-شىرە يورۇقتا ئوچۇق كۆرەلمىدى.

... شۇ كۈنىمۇ سەردار ئۆيگە خاپا ھالدا قايتتى. قولىدا بىر دەستە لالە گۈل بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، كەيپىياتى نىمىگىدۇر يامان، كۆزلىرى ئالاق- جالاق ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ، رازىيەنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەنسىرىدى.

— نەدە يۈردۈڭ، ئوغلۇم، ئامانمۇ سەن؟

سەردار ئايغىنى سىلىپ تۇرۇپ قوپال جاۋاپ بەردى:
— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، لالە سەيلىسىگە چىققان ئىدۇق...
رازىيە يەنە سوراپ كەتتى:
— ئويۇنغىلى چىققان بولساڭ، نېمىشقا كەيپىياتىڭ بۇزۇق، ئوغلۇم؟ يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىسەن؟ يەنە ئېيتماي كېتىپسەن. قولۇم ئىشقا بارماي، ئالاقزادە بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن سېنى...
سەردار يالت قىلىپ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇنىڭ ئاللىقاچان شۈبھىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىر دەمدىن كېيىن:
— نېمىدىن ئالاقزادە بولۇۋاتىسىز؟ يېتىپ دېمىڭىزنى ئېلىۋەرمەمسىز، — دېدى ۋە ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى.
سەل ئۆتمەي، شاۋقۇنلۇق غەرپ ئېستىرادا ناخشىسى ئاڭلاندى.
رازىيە تەشۋىشلىنە-تەشۋىشلىنە كىرىپ جايىغا ياتتى.
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئوغلىنىڭ ئاغىنىسى مۇزەپپەرنىڭ ئاكىسى كەلگەندە نېمە بولغانلىقىنى بىلدى. مۇزەپپەرنىڭ ئاكىسى ۋەئازدا ئىشلەيدىكەن. بىر تونۇشىنىڭ ماشىنىسىنى ئوغلاپ، كەلسە تاپشۇرۇپ بېرىدىغلار دەپ قويۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇكىسى مۇزەپپەر ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن ئۇنى يوشۇرۇنچە ھەيدەپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. باللار مەسلىھەتلىشىپ، لالە سەيلىسىگە چىقىشقا قارار قىلىشىپتۇ ھەم چىقىپتۇ. ئەمما، قايتىشتا ماشىنىنى باشقا بىر ماشىنىغا سوقۇۋېتىپ، پاچاقلىۋېتىپتۇ...
بۇ گەپنى ئاڭلىغان رازىيەنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. يىغلىدى، قاخشىدى، ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ، نەسىھەت قىلدى. سەردار ئىككىنچى بۇنداق بەڭۋاشلىق قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. دادامغا ئېيتماڭ دەپ يېلىندى. رازىيە ئوغلىغا ئىشەندى. ماشىنىنى

ئوكلاش ئۇچۇن كېتمەيدىغان چىقىملارنىڭ بىر قىسمىنى بەردى... ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان يۇرىگالدى بولۇپ قالغان. ئوغلى كەچ قالغان ھامان بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالدىمىكىن دەپ يۇرىگىنى ئۇشلاپ ئولتۇرىدۇ...

يامغۇر توختىماستىن شىرىللاپ ياققىلى تۇردى. ئاسمان قاپىغىنى تۇرۇپ ئالغان. رازىيە ئاچىنىڭمۇ قاپىغى سىلىق، دىلى زىمىستان. ئويلىغانسېرى ئۆزىگە ئۆزى كايىيدۇ، كۆڭلى غەشلىك بىلەن سىقىلىدۇ. ئۇ ئەمدىكى پۇشايمانىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. "بالىنى — ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن — كىچىكلىكىدىن كۆڭۈل - كۆزدىن قاچۇرماسلىق كېرەك ئىكەن. ئايىماي ئىشقا سېلىش، ئىش بىلەن كۆيمەلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىكەن. بىز ئەر - خوتۇن سەل ئېرەڭسىزلىك قىلدۇق، ئۇنى ئىشقا سالمىدۇق، نىمە دىسە ئىشەندۇق. بولۇپمۇ مەن... تۇرۇپ ئاغىنەمنىڭ تۇغۇلغان كۇنى ئىدى، دەپ كەچ كېلىدۇ، تۇرۇپ ئاغىنەم بىلەن بىرگە سېمىنارغا① تەييارلىق كۆردۇق، دەپ ھايال لاپ كېلىدۇ. ھېلى قارىساڭ ئىنىستىتۇتتا ئىلمىي مۇھاكىمە كۇنى بولىدۇ... ئىشقىلىپ، كەچ كېلىشكە بانا كۆپ. بۇ گەپلەرنىڭ قايسىبىرى راست، قايسىبىرى يالغان، نەدىن بىلسەن؟ كەچ قالسا، قاچانغىچە يۇرىگىڭنى ئۇشلاپ كۇتسەن؟ ئاتىسىنىڭمۇ ئىشى ئاز ئەمەس... دوختۇرلۇقمۇ تېيچ ئەمەس، ئارقا - ئارقىدىن نۆۋەتچىلىك، ئۇ يەر - بۇ يەردە كونسۇلتاتسىيە... بالىنىڭ تەربىيىسىگە قاراشقا بولسا ۋاقىت يوق..." رازىيە ئاچا قولىدىكى

① سېمىنار — ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئالىي مەكتەپ ئوقوغۇچىلىرىنىڭ بىرەر تېما ئۇستىدە ئۆتكۈزىدىغان مەشغۇلاتى.

سائەتنى يەنە يورۇققا تۇتۇپ قارىدى: ۋاقت يەتتىگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى، تاڭ ئاتاي دەپتۇ...

بىردىن تېلېفون جىرىڭلىۋىدى، رازىيە ئاچا چۆچۈپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، بېرىپ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قانداق ئالغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

— ئالو، كىم سىز؟

— خاناچا، مەن زەيدۇللامەن. سەردار ئۆيدىمۇ؟

رازىيە ئاچا نىمە دىيىشنى بىلمەي، بىر دەم جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئاغىنىسىنى گەپكە تۇتتى:

— زەيدۇللا، سەردار سىلەرنىڭكىدە ئەمەسمۇ؟ شۇ ۋاققىچە كەلمىدى، ئەنسىرەپ ئولتۇرۇپتىمەن. قەيەردىلىكىنى بىلمەمسەن؟

زەيدۇللا تەمتىرەپ قالدىمۇ، بىر پەس ئۈندىمىدى، كېيىن ئاستا:

— خاناچا، كېچە بىرئاز "چاتاق" چىقىۋىدى، ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دەپ، كېچىسى تېلېفون سوقماقچى ئىدىم، — دېدى.

"چاتاق" دىگەن گەپنى ئاڭلىغان رازىيە ئاچىنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

— تېزراق گەپ قىل، نىمە ئىش ئۆزى؟ — دېدى رازىيە ئاچا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— كېچە «شاتلىق» رېستورانىدا ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتاتتۇق. بالىلاردىن بىرى خىزمەتچى ئايال بىلەن ئېيتىشىپ قالدى، شۇ... جاڭجالغا ئايلىنىپ كەتتى. ساقچى چاقىرىشتى... مەن بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن نېرى بولۇپ، قېچىپ كەتتىم. سەردارمۇ شۇ يەردە ئىدى...

— ئەمدى نىمە بولغىنى؟ قەيەردىن ئىزدىگۈلۈك؟

زەيدۇللا رازىيە ئاچىنى تېچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى:

— سىز ئەنسىرىمەڭ، خاناچا، ھازىر ئۆزەم سۈرۈشتۈرىمەن... كەلمىگەن بولسا، ساقچىدا...

رازىيە ئاچا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئولاشقان تىترەكتىن چىشلىرى چاقىلداپ، راسا ئاچچىغى بىلەن دىدى:

— دەرت! ھەممىڭ ئۆز ئۆيلىرىڭدە تېچقىنا ئولتۇرۇشساڭ بولمامدۇ؟ سەن شۇملارغا تۇغۇلغان كۈننى رىستوراندا ئۆتكۈزۈشنى كىم قويۇپتۇ؟

— ئاغىنىمىز ئۇنىمىدى-دە... سىز ئەنسىرىمەڭ، مەن ھازىر بىرىپ بىلىپ كېلىمەن...

رازىيە ئاچا لاسسىدا بولۇپ قالدى. تۇرۇپكىنى جايىغا ئىلدىمۇ، ئىلمىدىمۇ ئۇنىمۇ بىلەلمىدى. بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ھوشىدىن كېتىپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. كۆزلىرىدىن دەريا-دەريا ياش ئاقاتتى... ''مانا، پەرزەنتىنىڭ ئەھۋالى. ئەمدى نىمە قىلماق كېرەك؟ قەيەرگە بارىمەن؟ ئاتىسىغا قانداق ئۇقتۇرىمەن...'' ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيدۇ. ئەمدى ئۇنى سائەتنىڭ جىرىڭلىشى چۆچۈتىۋەتتى. ''ئاھ، قۇرۇپ كەتكۈر، مۇنچە قاتتىق جىرىڭلىمىسا بولاتتى، يۈرىگىمنى چىقاردىغۇ...'' سائەت يەتتە يېرىم بولغان ئىدى. رازىيە ئاچا مەكتەپكە بارىدىغان باللىرىنى ئويغىتىشقا كىردى... باللارنى ئەمدىلا مەكتەپكە ماڭغۇزۇۋېتىپ تۇرۇشىغا، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى.

— خاناچا، رايونلۇق ساقچىدا ئىكەن. تاپتىم. توپىلاڭ چىقارغىنى ئۈچۈن جەرىمانە قويۇشۇپتۇ، ئاتا-ئانىلىرى كەلسۇن، كەلمىسە، ئىش-

خانىلىرىغا خەت يازىمىز دېيىشىۋېتىپتۇ. سەردارنى ئېلىپ كېتىشكە تاغام بىلەن بىرگە كېلەرسىزلەر...

رازىيە ئاچىنىڭ يۈرىكى قاتتىدا قىلىپ كەتتى. ”ئەمدى شۇ كەم ئىدى ماڭا... مىسقاللاپ تاپقان ئىززەت-ئابرويىمىزنى بۇ تېتىقسىز بالا پاتمانلاپ سورۇۋېتىدىغان بولدى-دە. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكىسى نىمە بولىدۇ؟ نىمىشقا مەن نادان ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ئاتىسىغا ئالدىنراق ئۇقتۇرمىدىم؟ ئاھ، ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا دېگەن مانا شۇ-دە...“

رازىيە ئاچا يەنە سائەتكە قارىدى: توققۇزغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. يامغۇرمۇ توختىغان ئىدى. ئۇپۇقتا ئاسماننىڭ بىر چېكى يورۇپ كەلمەكتە ئىدى. رازىيە ئاچا ئېرىنى چاقىرماقچى بولۇپ، قولىنى ئىختىيارسىز ھالدا تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ئۇزارتتى...

(ئۆزبەكىستان «شەرق يۇلتۇزى»
ژورنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 7 - سانىدىن)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **غۇلام غوپۇرى.**

www.uyghurkitap.com

# كىچىك ھىكايىلەر

## ئىباد پەيزۇللايېۋ

### ئاراز

بىر كۈنى بىز — ئەر-خوتۇن ئەرزىمىگەن ئىش سەۋەبى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇق. ئوتتۇرىدا نا خۇش گەپلەر ئۆتۈپ، ئارازلىشىپ يۈردۇق.

شۇ سەۋەپلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ تەرزىمۇ بۇزۇلدى. ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولدى. ئۇ تاماق ئېتىپ، داستىخانغا ئېپكەپ قويىدۇ. بىراق، مېنى داستىخانغا تەكلىپ قىلماستىن جىم ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېزىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىمەن. ئەمما غۇرۇرۇم گەپ قىلىشقا يول بەرمەيدۇ. دىۋاندا يانپاشلاپ گېزىت ئوقۇۋاتىمەن. قوسىغىم بولسا ئاچ. ئۇنىڭ "كېلىڭ، تاماق يەڭ!" دېيىشىنى كۈتىمەن، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

كەچقۇرۇن ئۇ ئىشكاپنى ئۇزاق ئاختۇردى. ئاختۇرغان نەرسىسىنى تاپالماي بوغنۇقتى، ئاللىنىمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. ئاخىرى چىرايى بىرئاز ئېچىلىپ، لېۋىدە جىلمىيىش پەيدا بولدى. بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى.

يۈرىگىم ئارزىقىپ كەتتى. ئۇ ھىچ نەرسە دىمەي، خەتنى ئوقۇشقا

www.uyghurkitap.com



باشلىدى:

"ئەزىزىم، بەختىمنىڭ يۇلتۇزى، ھاياتىمنىڭ چىرىغى! مەن سېنى جان دىلىمدىن سۆيىمەن، شەھلا كۆزلىرىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى ئەسلا رەنجىتمەيـمەن. كەل، بىرگە تۇرمۇش قۇرايلى، بىر ياستۇققا باش قويايلى!"

يەنە باشقا گەپلەر. ئاخىردا مېنىڭ ئىمزايىم. ھە، بۇ مېنىڭ مەكتۇبىم. ئۇنى ئون بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئوتتەك يېنىپ، ئىشقىم تېشىپ يۈرگەن ياشلىق دەۋرىمدە يازغان ئىدىم.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، چىرايىنى بۇزماي تۇرۇپ مەندىن سورىدى:

— خوش، ئەمدى نىمە دەيسىز، گەپ قىلىڭ!

مەن دەرھال ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇنى قۇچىقىمغا ئالدىم.

## ئانا ئارزۇسى

ئۇ مېنى باغرىغا قاتتىق بېسىپ ئۆپتى، ناز قىلىپ ئەركىلىدى. يىللارنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن ئاقارغان چاچلىرىمنى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئۇشلاپ-ئۇشلاپ كۆردى. پېشانەمدىكى قورۇقلارنى سىپىلىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ، چوڭقۇر خورسىنىپ، كۆزىدىن تىرقىراپ چىققان ياش مەرۋايىت دانىلىرىدەك پەسكە قاراپ ئاقتى. لەۋلىرىنى گەپ قىلماقچى بولغاندەك ئۆمەللىدى. ئۇ سۆز تېپىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتەرمەكچى ئىدى، گەپ قىلالماي قالدى. بىلىمەن، "قېرىپ قاپسىز، ئايىجان" دىمەكچى بولاتتى. كۆڭلى بولمىدى. رايىدىن قايتتى. جىمگىملەك چاچ بېشىنى كۆكسۈمگە قويدى.

ئىسسىق نەپىسىنى، يۈرىگىنىڭ گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقىنىنى، ھايا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جاننىڭ قوزغىلىپ تۇرغىنىنى تۇيۇپ تۇرىمەن. سېھىرلىك كۆزلىرى، تىنىق يۈزى، كېلىشكەن بەستىگە زوق-ئىشتىياقىم بىلەن تىكىلىپ تەسەللى بەردىم:

— خاپا بولما، ئاناڭ ئۆرگىلسۇن، قەددىم پۈكۈلۈپ، چاچلىرىم ئاقىرىپ كەتكىنىگە يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. ھەممە ھۆسنۇ-لەتاپىتىمنى بۇگۈنكى ياخشى كۈنلەرگە — ئاچىلىرىڭغا — كۆزۈمنىڭ قارچۇغىلىرىغا بېغىشلىدىم. ئۇلار ھەممىسى قالغاچىلاردەك قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئەمدى نۆۋەت ساڭا. قالغان ھۆسنۇ-جامالىمنى ساڭا بېغىشلايمەن. سەنمۇ غەيرەتلىك بولغىن، سەمىمى، ئاق نىيەت بولغىن، كىشىلەرگە دائىما نەپ بېرىدىغان بولغىن، بالام!

— سىزگە مۇناسىپ بولىمەن، ئانىجان!

— كەم بولما، بالام، كامال تاپ. بارىكاللا! — دىدىم.

كۆكسۈمگە خامۇشانە باش قويدى. كىيىك بالىسىدەك مۇلايىم نەپەس ئالدى.

كاللامغا: شۇنچە چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىم زايا كەتمەپتۇ، دىگەن پىكىر كەلدى. كۆڭلۈمگە: "ساڭا ئالى مۇكاپات شۇ!" دەپ تەسەللى قىلدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ يەنە مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىپتىخار بىلەن يۈزۈمگە تىكىلدى. ئالەم-ئالەم گەپ تېپىپ شەنىمگە ئېيتىشنى، مېنى ئۇلۇغلاشنى ئىستەيتتى. يوق، گەپ قىلالمىدى. باللىق دەۋرلىرىدىكىدەك بوينۇمغا گىرە سېلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قايناق مېھىر بىلەن دىدى:

— ئانىجان! سىز دۇنيادىكى ھەممە ئانىلاردىن گۈزەلرەكسىز!

مەن بالامنىڭ چاقناپ تۇرغان مېھىرلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئۆزەمنى ھىلىمۇ خوپ ياش سەزدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاتا ئىزىدىن

ساھىپ تاغا ئۇزاق ئاغرىقتىن كېيىن بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىنى بىرئاز يەڭگىل ھىس قىلىپ، ئەنبەر ئايىلامىنىڭ رۇخسىتىسىز ئورنىدىن تۇردى. بەقەسەم تونىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، ئاستا-ئاستا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا باردى.

— ۋاي، مەن ئۆلمىسەم، ساڭا نىمە بولدى، بوۋىسى، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ئەنبەر ئايىلا ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ باردى، ئۇنىڭ نىمجان قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئۆيگە قاراپ تارتتى.

— قايتقىن دەيمەن، تىنىپ-تىنجىمىغان قېرى. ھىچ بولمىغاندا چاي-پېيىڭنى ئىچىۋال، كېيىن نىمە قىلساڭ مەيلىڭ.

— مېنى تېچ قوي مومىسى، ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بەر. مېنى قايىدۇرما. ئۆز ئىشىڭ بىلەن بولىۋەر. گەپ بار، — ساھىپ تاغا جەھلى تۇتۇپ، ئىشكنى ئىچىگە ئىتتەردى.

ئۇنىڭ زەخمەتكەش قوللىرى بىلەن لايۇ-تۇپراقتىن ياسالغان ۋە تەكچىلەرگە قويۇلغان كاسا-تاۋاقلار، گۈلدانلار دۇكانغا زىننەت بېرىپ تۇراتتى.

ساھىپ تاغا ئۇلارنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈردى، بۇلارنى گويا ئۆزى ئەمەس، باشقا بىرسى ماھىرلىق بىلەن ياسىغاندەك تۇيۇلدى. كېيىن زوقلىنىپ، ئالدى بىلەن كوزىنى، ئاندىن كاسە ۋە گۈلدانىنى ئۇزۇگى بىلەن چېكىپ كۆردى. ئۇلاردىن چىققان يوچۇن بىر كۈي-دۇكاننى بىر ئالدى. ئۇنىڭ روھى تېتىكلەشتى، كۆڭلى روشەنلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۇستا! — دېدى ئۇ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ. — كۆپ ئازاپ - ئوقۇبەت تارتتىڭ. سېنىڭ كەسپىڭ ئۆتمۈشتە قەدىرسىز ئىدى، كۆنۈكىنى ئاران ئېلىپ كەلگەن بولساڭمۇ، نا ئۇمىت بولمىدىڭ، ھەركەت قىلدىڭ، كەسپىڭنى خار قىلمىدىڭ، ئەمدى سەن پەرزەنتلىرىڭگە، ئەۋلاتلىرىڭغا ياخشى كەسپ، ياخشى نام قالدۇردىسەن. ئەپسۇسلانما، خاتىرىڭ جەم بولسۇن!

ساھىپ تاغا قول ئەمگىكىنىڭ مۆلىرىگە يەنە ئۇزاق تىكىلدى. نەزىرىدە ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك بولدى. ئاستا - ئاستا، كۆڭلى ئىسەنكىرىگەندەك ھالدا تاشقىرىغا چىقتى، ساي بويىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ناشتا تەييارلاشقا تەمشىلىۋاتقان ئەنبەر ئايلامنى چاقىردى.

— باللارنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈر.

سەيپى بىلەن سەپەر ھايال ئۆتمەي دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— خىزمەت، ئاتىجان؟

ساھىپ تاغا چوڭ ئوغلىغا ھارۋىنى قوشۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. سەپەرنى بولسا يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، باشلىرىنى سىلىدى.

... ئۇلار بىر سائەت چامىسى يول بېسىپ، يېزىنىڭ چېتىدىكى سۈيى تولۇپ ئېقىۋاتقان كىچىك دەريانىڭ نېرىسىدىكى تۆپىلىككە يېتىپ كېلىشتى.

بوۋاي گويا جاۋاھىرلار كانىنى تاپقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قۇچتى. كېيىن بېلىگىگە قىستۇرۇپ ئالغان قاقىمنى تۇپراققا ئۇردى. ھىدلىدى، ئۆپتى. پەرزەنتلىرىگە يۈزلىنىپ دېدى:

— مېنىڭ ئۆمرۈم كۇلالىنىڭ لېيى ھىساپلانغان مانا مۇشۇ تۆپىلىك توپىسىنى كولاپ ئېلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەنە شۇ تۇپراق

www.uyghurkitap.com



ماڭا رىزق ـ نىسىۋە بەردى. شان ـ شۆھرەت كەلتۈردى. سىلەردىن ئۆتىنىدىغىنىم شۇ باللىرىم، بۇ تۆپىلىكنى سۆيۈڭلەر، ئاياق ـ ئاستى قىلماڭلار.

كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ئۇ ئىتتىگىنىڭ ئۇچىنى قېقىپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھارۋا تەرەپكە ماڭدى.

سەيپى بىلەن سەپەر تۆپىلىكتىن بىر سىقىمدىن توپا ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈرتتى.

ھازىر بۇ دىلكەش ۋە قولى گۈل ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ نەقىش ـ نىگارلىق كاسا ـ تاۋاق، كوزا ـ گۈلدانلىرى ئىسپارادىن، چارقۇش قىشلاقچىسىدىن چىقىپ، پارىژ ۋە ھانىرىئال، بېرلىن ۋە توكيو، ۋارشاۋا ۋە پراگالاردا جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئۇنىڭغا مىڭ ـ مىڭلاپ ئىخلاسمەنلەر ئىخلاس قويغان.

(ئۆزبېكىستان «شەرق يۇلتۇزى»
ژورنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **غۇلام غوپۇرى.**

## ساياھەت خاتىرىسى

### ن. ھىساموۋ

ئىستىراھەتخانىنىڭ باراقسان كەڭ يولىدا بىر دانە قىزىل رەڭلىك "ئىكاروس" ماركىلىق ئاپتوۋۇز ئوت ئالدۇرۇلدى. ئىستىراھەتچىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاپتوۋۇزغا چىقىپ، ئورۇن ئېلىشتى. ساياھەت ئىدارىسىدىكى خىزمەتچى قىز مىكروفوننىڭ سىمىنى ئويناپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش سۆزىنى قايتا ـ قايتا ياتلاۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قېتىم ساياھەتچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولغان ئىدى.

— ھۆرمەتلىك ئىستىراھەتچىلەر، بۈگۈن بىز كۆكتاش ئېغىزىغا بېرىپ، كىشىنى ئىنتايىن مەھلىيا قىلىدىغان بىر قېتىملىق ساياھەتتە بولىمىز. كۆكتاش ئېغىزى رايونىمىزنىڭ داڭلىق مەنزىرىلىك جايى، — ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ، تەمتىرەپ قېلىپ ئاران مۇشۇ ئىككى ئېغىز گەپنى قىلىپلا دۇدۇقلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۇستازى مۇشۇ ئوبلاست بويىچە ساياھەتچىلەرگە يول باشلاشتا مول تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى:

— قىزىم، ساياھەتچىلەرگە قاتتىقراق بولۇش كېرەك. ئالدى بىلەن بىر گۇرۇپپا باشلىغى تەيىنلەش كېرەك. ئۇلارغا ئاپتوۋۇزدا پاراڭلىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزمەسلىك، ئاپتوۋۇز توختىغان يەردىن يالغۇز يىراققا ماڭغۇزماسلىق كېرەك... قىسقىسى ئۇلارغا سوغاقراق مۇئامىلىدە بولۇشۇڭ، ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىڭگە دەخلى يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىقىڭ لازىم.

تۇنجى قېتىم مۇستەقىل خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ يول باشلىغۇچى قىز كۆڭلىدە: ”مەن كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشنى بىلمەيدىكەنمەن“ دەپ ئويلىدى.

ئاپتوۋۇز قىزىپ كەتكەن يولدا تېز كېتىۋاتاتتى. كۆنىنىڭ قىزى-

تىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسسىق دولقۇن ئارىسىدىن يىراقتىكى تاغلار غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ھېلىقى مەشھۇر تاغ ئاغىزى دەل مۇشۇ تاغلارنىڭ كەينىدە ئىدى. بۇ چاغدا بەزى ساياھەتچىلەر ئورۇندۇق-لىرىنىڭ ئىگىز يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ مۈگدەشمەكتە.

ئاپتوبۇزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چاسا-چاسا ئېتىزلار غىلپال-غىلپال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ تۇراتتى، بۇ ھېلىقى مىليون سوملاپ پۇلى بار كول-خوزنىڭ يەرلىرى ئىدى. يول باشلىغۇچى قىز بۇ كولخوزنىڭ زور نەتىجىلىرىنى ساياھەتچىلەرگە سۆزلەپ بەردى. ئۇ تۇيۇقسىز تاغ ئاغزىغا بارغىچە داۋاملىق سۆزلەيدىغانلىقىنى، سۆز قالمايدىغانلىقىنى بايقىدى-دە، كۆڭلىدە تەشۋىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۇستا-زىنىڭ گېپىنى ئەسلىدى:

—قىزىم، بەك تېز سۆزلىمەي، ئاستىراق سۆزلىگىن، ئاۋازىڭنى سوزۇپراق، توختاپ-توختاپ سۆزلىگىن. ئۇنداق قىلمىساڭ، چۈشەن-دۈرمە سۆزۈڭ يولنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھ-ۋالغا دۇچ كېلىپ قالساڭ، ئۇلارغا سوئال قويىدۇرغىن. ئەلۋەتتە، بەزى سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئەمما ئادەتتە ئۇنداق قىيىن سوئاللار ئاز ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، قاچان تاماق يەيمىز؟ يولدا قەيەردە دەم ئالىمىز؟ تېزلا قايتىپ كېلەمدۇق؟ دېگەندەك سوئاللاردىن نېرىغا كەتمەيدۇ،—ئۇنىڭ ئۇستازى ھەمىشە ئاشۇنداق تەلىم بېرەتتى.

—يولداشلار—دېدى يول باشلىغۇچى قىز روھلىنىپ،—سورايدىغان سوئالىڭلار بارمۇ؟

—بار!—دېدى كەينىدىكى رەتتە ئولتۇرغان بىر ئەركىشى بوم ئاۋازدا،—قىزچاق، ئىسمىڭىز نېمە؟

— ھە،... كەچۈرگەيسىلەر! مېنىڭ ئىسمىم ئانلىرا كىخوتنووۋنا.

— مېنىڭ ئىسمىم ئارژىيۇم ئارشىنووۋىچ، — دېدى 3 ـ رەتتە ئولتۇرغان بوغداي ئۆڭلۈك، قارا چاچلىق ياش يىگىت گەپ قىستۇرۇپ. ئۇ بىرقانچە قېتىم ئۇ قىزغا تىكىلىپ قارىغان ئىدى.

— قەدىرلىگىم، — دېدى ھىلىقى بوم ئاۋازلىق ئەر كىشى، — يول ئۈستىدە ماگازىن بارمۇ؟

— بار، ئەلۋەتتە بار! — قىز خۇشاللىنىپ كەتتى، — باش ئىستىمال كوپىراتىۋى زور كۆلەملىك قورۇلۇش قىلىۋاتىدۇ. بەشيىللىق پىلاننىڭ دەسلەۋىدىلا ئوبلاستىمىزدا تۆرلۈك مال ماگازىنىدىن ئۈچى قورۇلغان، ھازىر بىز شۇلاردىن بىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز. ئىشلار بارمىدى؟

— ئەڭ ياخشىسى، شۇ يەردە بىر دەم توختىساق، خوتۇنۇم: شەھەرگە قانچىكى يىراق جايدىكى ماگازىنلاردا ئوبدان نەرسىلەر شۇنچە جىق بولىدۇ، دىگەن ئىدى.

ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قىزغىن قۇۋۋەتلىدى.

ئانلىرا تەمتىرەپ قالدى.

— يولداشلار، ۋاقتىمىز چەكلىك، پىلانىمىز بويىچە تاغ ئاغزىدا ئىككى سائەت توختايمىز، ئۇ يەردە سىلەرگە ئەل ئارىسىدىكى راۋايەتلەرنى، كۆكتاشنىڭ تارىخىنى، جۇغراپىيىسىنى ۋە ئومۇمى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىمەن، يەنە سۇ بويىلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، تاغدىكى ھەر خىل ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلايمىز، ساياھەت ناخشىلىرىنى ئېيتىمىز...

— چاتاق يوق، قىزچاق، بىز سىزنىڭ دىگىنىڭىز بويىچە ئىش

كۆرىمىز. بىزنى ماگازىنىغا بىرىپ كېلىشكە قويۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، — دىدى ئۇ، تەرەپتىكى بىرىنچى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئايال خوشامەت قىلغان تەرىزدە يىلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا...كۆپچىلىك خالىسا...10 مىنۇتلا توختىساق، قانداق؟

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئانىلىرا ئاپتوۋۇزنىڭ پەلەمپىيىدە بىشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ساياھەتچىلەر ھەر خىل-ھەر ياڭزا نەرسىلەرنى كۆتىرىشكەن پېتى خىجىل بولغاندەك قىلىپ ئاپتوۋۇز ئەتراپىدا بەدەنلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ يۈرۈشەتتى.

— تەقەززا بولماڭ، قەدىرلىك ئانىلىرا كىخونووۋنا، قالغانلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ يەردە ئىمپورت قىلىنغان ئاياق بار ئىكەن، ئۇلار نۆۋەت كۈتۈۋاتىدۇ.

— كۆكتاش ئېغىزىنى ساياھەت قىلىش پىلانىنى قانداق قىلىمىز؟ ۋاقىت يەتمىسە...

— چاتاق يوق! بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئىسىل مەنزىرىسىنى بىر قۇر كۆرۈپلا قايتىمىز. ئۇ ھەقتىكى راۋايەتلەرنى يولدا سۆزلەپ بەرسىڭىزلا بولدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەن قايتىپ كەلدى. قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەن شوپۇر ”ئىكاروس“ ماركىلىق ئاپتوۋۇزنى كۈن پېتىشقا قاراپ داۋاملىق ھەيدەشكە باشلىدى، ئاپتوۋۇز تېزلا تاغ باغرىغا يېتىپ كەلدى. ئانىلىرا مال ئالغانلىقىغا خوشال بولۇشقان ساياھەتچىلەرگە ئۆزىنىڭ بۇ مەشھۇر تاغ ئاغزى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى ئالدىراپ-تېنەپ سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ئۇ چىرايلىق-كېلىشكەن پادىچى يىگىت بىلەن زالىم پادىشانىڭ

ساھىپجامال قىزنىڭ بەختسىز مۇھەببىتى توغرىسىدىكى قەدىمقى راۋايەتنى سۆزلەپ بەردى. راۋايەتنىڭ ئاخىرى مۇنداق ئىدى: پادىچى يىگىتنىڭ مۇجۇلغان يۈرىكى چوڭ قورام تاشقا ئايلىنىپ، كۆكتاش تاغلىرى شەكىللىنىپتۇ؛ مەلىكىنىڭ كۆز ياشلىرى تارام-تارام ئېقىنلارغا ئايلىنىپ، ئۆركەشلىك كۆكساي دەرياسىغا قوشۇلۇپتۇ.

بۇنىڭغا ئۇلاپ ئۇ ماكىدونىسكى①، پورلېۋارسكى② ۋە تانسانىسكىلارنىڭ③ ئېكسپېدىتسىيىسىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تاغ ئاغزىغا كۆپ قېتىم كېلىپ سەيلى-ساياھەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى، تىمورلەڭنىڭ قوشۇنى ۋە سامانىلار خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ دەل مۇشۇ يەردىن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ يەنە گېئولوگلارنىڭ يېقىنقى تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى: ئۇلار بۇ يەرنىڭ سۈيى، لېيىنىڭ شىپالىق رولى بارلىقىنى سېزىپ، بۇ تاغ ئاغزىدا بىر ساناتورىيە قۇرۇشنى بەلگىلىگەن. يەرلىك گېزىتلەر بۇ يەرنى كەلگۈسى-

---

① ماكىدونىيە پادىشاسى ئالېكساندىر (مىلادىدىن ئىلگىرى 323 — 356).

② نىكولاي مىخايلوۋىچ پورلېۋارسكى (1839 — 1888) چار روسىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى ۋە جۇغراپىيەشۇناسى

③ پ. پ. سېمىيونوۋ — پورلېۋارسكى بىلەن زاماندىش، روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە يۇرتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقاندا، پورلېۋارسكىنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قىزغىن قوللىغان.

دىكى "پيياتىگورسىك"① ۋە "ئالچېك"② دەپ ئاتاشقان.

ئانىېرا سۆزلىگەنسېرى زوقلىنىپ، سۆزى قىزغىن، جانلىق چىققىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ گۈزەل جاينى مەدھىيىلىگەن شېئىرلارنىمۇ دىكلىماتسىيە قىلىپ بەردى. ئۇ دەل مۇشۇنداق پەيت ئۈچۈن يول باشلىغۇچى بولغاندەك!

ئاپتوۋۇز ئىلانباغرى تاغ يولىدا بىر تەكشى كېتىۋاتاتتى. ياپيېشىل تاغ باغرىغا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا چاقىرىق قىلىنغان شوئارلار ئاق تاشلارنى تىزىپ يېزىلغان ئىدى.

— قىزچاق، بىز قونالغۇغا كەچكى تاماققا ئۈلگۈرۈپ بارالايمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كىمدۇ بىرى. بۇ سوئال ئۇنى بايىقىدەك پەرىشان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

— ئۈلگۈرۈپ بارالايمىز، يولداشلار، ئۈلگۈرىمىز — دىدى ئۇ قوپاللىغىنە قىلىپ، — قاراڭلار، ئاۋۇ كۆكتاش ئەمەسمۇ؟

شوپۇر ئاسپالت يېيىتىلغان ئانچە چوڭ بولمىغان جايدا ئاپتوۋۇزنى جىددى ئەگىتىپ، ئاپتوۋۇزنىڭ ماي يولىنى ئېتىپ قويدى. ساياھەتچىلەرنىڭ قوسىغى ئاچقان ئىدى، ئۇلار ئاپتوۋۇزدىن سولىشىپ چۈشۈشتى.

كەچكى شەپەق تاغ ئاغزىنىڭ بېلىدىكى بۇلۇتلارنى قىزارتىۋەت-

① پيياتىگورسىك — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەشھۇر ساناتورىيە، ئورنى كاۋكازدا.

② ئالچېك — سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكەتلىك پىئونېرلار لاگېرىنىڭ ئىسمى، 1925 ـ يىلى قۇرۇلغان.

كەن ئىدى. سان ـ ساناقسىز ئېقىنلارنىڭ سىلىق، يوغان تاشلارنى يالاپ شارقىراپ ئېقىپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىماقتا، كەچتىكى قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى بۇ شارقىراپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ قاتتىقراق ئاڭلىناتتى.

ــ ئوھوي، تېپىن! ــ دەپ ۋاقىرىۋەتتى ياش ئارخېئولوگ ئارشىنوۋىچ يوغان بىر تۈپ قارىغاينىڭ ئۈچىدا غىل ـ پاللا كۆرۈنگەن قىزغۇچ بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ــ بولىدى، ماڭايلى! ــ دېدى شوپۇر كەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ــ مەن گاراژغا ۋاقتىدا قايتىشىم كېرەك.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، جەننەتكە كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە! ــ دېدى ئۇڭ تەرەپتىكى بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇرغان ھىلىقى ئايال، ئاپتوۋۇزغا تەسلىكتە چىقىۋېتىپ، ئارخېئولوگ ئارشىنوۋىچ خۇشال ھالدا دېدى:

ــ تېپىنغا قارىڭا، ئۇ قارىغاي ئورۇقىنى ئاغزىغا سېلىپ كاراسلىتىپ چاقىدىكەن، قولغا ئوخشاش ئىككى كىچىك چاڭگىلى بىلەن قارىغاي ئورۇقىنىڭ شاكىلىنى ئىككى ياققا تاشلايدىكەن، پاھ، پاھ، گويا يېزا قىزلىرىنىڭ سىمىشكا چېقىشىغا ئوخشايدىكەن، قاراپ ھەيران قاپتىمەن.

ــ سىز يېزىغا بېرىپ باققانمۇ؟

ــ كىنولاردا كۆرگەن.

ــ ئوھوي، بۇ يەردە مۇشۇنچىلىكلا تۇرۇش قانداقمۇ كۇپايە قىلسۇن! مېنىڭ بۇ يەردە ئۆمۈرۋايەت تۇرغۇم بار، ــ دېدى روھى كۆتىرەڭگۈ بىر ئەر كىشى ئەپسۇسلانغان ھالدا.

"مەن خىزمەت دوكلادىنى قانداقمۇ يازارمەن؟ ــ دەپ ئويلىدى ئانلېرا، ــ تۆگەشتىم، بۇ قېتىمقى ساياھەتنى مەن بۇزۇپ قويدۇم.

ۋۇ شورى قۇرىغۇر ماگازىن!“

ئاپتوۋۇز تېز سۈرئەتتە قايتماقتا. ئاپتوۋۇزدىكى يولۇچىلار ئۆز-لىرىنىڭ قوتا-كورۇپكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ھېچكىم گەپ-سۆز قىلىشمىدى، ئۇلارنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك، مۇلايىملىق ئىپادى-لىرى ئەكس ئېتىپ، ئۆزلىرى خىيالغا كېتىشكەن ئىدى. شوپۇرمۇ قوشۇمىسىنى تۈرمىدى، چۈنكى كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چاقمايتتى.

(«سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنى-لىنىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانىدىن)
تەرجىمە قىلغۇچى: **غۇلام غوپۇرى.**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **رەقىپ ۋاھاپ.**

# ئورمانلىقتىكى باللار

## ن. ۋىنوگرادوۋ

ئەينى ۋاقىتتا مەن قىسمىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتاتتىم، يەنە كېلىپ يېڭىدىن كوماندىر بولغان ئىدىم، ئەمەلىم ئانچە چوڭ بولمى-سىمۇ، لېكىن چوڭ بولسۇن، ياكى كىچىك بولسۇن، ئىشقىلىپ باشلىق ئىدىم، كەم دىگەندىمۇ ۋەزىپەمنىڭ نامى بىر تالاي سۆزلەر بىلەن ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ”باشلىق“ دىگەن سۆز قوشۇلاتتى.

ئۆزەمدە گويا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىغاندەك تۇيۇلدى، ئەمەلى-يەتتە خىزمىتىمدىمۇ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى، پەقەت باشقا بىر خىزمەت ئۈستىلىگە ئالماشتىم-خالاس. باشلىقىم مېنى

www.uyghurkitap.com



خېلى بۇرۇنلا تونۇيتتى،
مەن يېڭى ۋەزىپىسنى تاپ-
شۇرۇۋالغاندا، ئۇ ماڭا
ئالاھىدە يوليورۇق-
كۆرسەتمىمۇ بەرمىدى.
ئىسمىدە قېلىشىچە،
مېنىڭ تۇنجى قېتىم جىددى
كۆرسەتمە ئېلىشىم ئورمان-
لىقتا موگۇ تېرىپ كېلىشكە
بېرىش ئالدىدا بولدى.
مەن ئاپتوموبىلنىڭ كوماند-
دىرلىقىغا تەيىنلەندىم، يەنە
كېلىپ مېنىڭ ھەممە ئىشقا
ۋە ھەممە ئادەمگە مەسئۇل
بولۇشۇم ئالدىن ئۇقتۇ-
رۇلدى. مەن كىشىلەرنىڭ
يۈتۈپ كەتمەسلىكىگە، ئاپتوموبىلنىڭ بەلگىلەنگەن سۈرئەت
بويىچە مېڭىشىغا، بەزى كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىپ مەس
بولماسلىقىغا مەسئۇل ئىدىم. ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆپىن-
چىسى ياللانما خىزمەتچى ۋە ئەپتەسەرلەرنىڭ رەپىقىلىرى ئىدى.
شوپۇر گەرچە ھەربى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ يول ئۈستىدە ئاپتوموبىلغا
ئادەم سېلىۋېلىشى، "قوشۇمچە كىرىم قىلىشى"غا يول قويماسلىق
ماڭا قايتا-قايتا جېكىلەندى.

ئورمانلىققا بارغاندىن كېيىن ھەممەيلەن يىراققا كېتىپ قال-

ماسلىق، ھەمىشە ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ تۇرۇش، ئاپتوموبىل يېنىغا ۋاقتىدا يىغىلىش توغرىسىدا كېلىشىۋالدۇق. مەسئۇلىيىتىم ئېغىر بولغاچقا، ئاپتوموبىلنىڭ يېنىدىن زادى ئايرىلمىدىم، موگۇ تېرىشنى بولسا خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم.

شۇنداقتىمۇ كىچىككىنە چاتاق چىقىشتىنمۇ خالىي بولالمىدۇق، بەلگىلەنگەن مۆھلەت توشقاندا، موگۇ تېرىشكە ئەڭ ئامراق ئىككى ئايال قايتىپ كەلمىدى. بىز ئۇلارنى بىر دەم ساقلىغاندىن كېيىن، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۇلارنى ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە ماڭدۇق. ۋاقىردۇق، توۋلىدۇق، موگۇ تېرىۋاتقان ناتونۇش كىشىلەردىن سورىدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتىغىنى ئالالمىدۇق، ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

بىز ئۇ ئىككى ئايالنى ئىزدەپ تاپقان ۋاقتىمىزدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، بەزىلەر ئۇلارنى موگۇنى جىقراق تېرىمىز دەپ قەستەن ئاستىلماسقا سېلىپ، ھە دېمىدى، دەپ گۇمان قىلىشتى. بىز ماڭغان چاغدا ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئالدىراپ-تېنەپ، ئاچچىغىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ماڭدۇق. ئەسلىدە كۈن يورۇق ۋاقتىدىلا شەھەرگە قايتىپ بارماقچى ئىدۇق، ھالبۇكى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاسپالت يولغا چىقىۋېلىشىمىزنىڭ ئۆزى بىر گەپ بولۇپ قالدى.

مېڭىشتىن بۇرۇن ئۈستى يېپىق ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە قارىسام، ئۇ ئادەم، سومكا، پاختىلىق چاپان قاتارلىقلار بىلەن لىق تولۇپتۇ.

— تاغا، بىزنىمۇ ئېلىۋالسىڭىز! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى كەينىمدىن.

يول بويىدا كىچىك سۇۋەت كۆتەرگەن ئىككى بالا تۇراتتى.

ــ باللار، سلەرگە قاربغۇچىلىگىم يوق، ــ دېدىم مەن ئۇلارغا قولۇمنى شىلتىپ.

مەن كېپىنكىگە چىقتىم، شوپۇرمۇ كەينىمدىن چىقتى.

ــ ماشىنىنى ھەيدەڭ! ــ دېدىم مەن قاتتىق ئاۋاز بىلەن، ماشىنىدىكىلەر ئاڭلاپ مېڭىشقا تەييارلانسۇن دېگەندەك قىلىپ.

ئاپتوموبىل قوزغالدى. ئاچچىغىم بېسىلىپ، كەيپىياتىم سەل ئارامغا چۈشكەندىن كېيىن، ماشىنىغا چىقىۋالساق دەپ يېلىنغان ھېلىقى ئىككى بالا تۇيۇقسىز ئېسىمگە كەلدى. ئۇلار قانداقمۇ قىلار؟

ــ ئۇلار قانداقسىگە ئاپتوموبىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغاندۇ؟ سەن دىققەت قىلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم شوپۇردىن.

ــ ئۇلار ھەمراللىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، ــ دېدى شوپۇر ئېرەن قىلمىغان ھالدا، ــ ئۇلار بۇرۇنلا كېلىپ ماڭا يالۋۇرغان ئىدى.

ــ سەن نىمە دېگەن ئىدىڭ؟

ــ مەن سىزنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر گەپ بولار، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم.

بۇ شوپۇر كۆرسەتمىنى ئىجرا قىلىشتا بەكمۇ ئەستايىدىل ئىكەن.

ــ بۇنى نىمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟

ــ سىزنى بەربىر ئۇنىمايدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

ئۇ يەنە گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى. مەن كەينىمدە ئولتۇرۇپ بارغانسېرى بىئارام بولغىلى تۇردۇم. گەرچە ئانچە ئىشەنچىم بولمىسىمۇ، ئاخىر تەكلىپ بەردىم:

ــ قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئېلىۋالايلىمۇيا.

ــ بۇ يەردە ماشىنىنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى



www.uyghurkitap.com

شوپۇر تەكلۋىمگە جاۋابەن.

يول ھەقىقەتەن تار ئىدى. ئوڭ، سول تەرەپتە باراقسان قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، بەئەينى تام ـ توساققا ئوخشايتتى.

ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ كەڭرى يولغا چىقىپ توختىدۇق. مەن كەينىمدىن چىقىپ ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە قارىۋىدىم، بىرەر بوۋاق بالا سىققىدەكمۇ ئورۇن قالماپتۇ، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ قولى بىكار ئەمەس ئىدى، كىممۇ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرسۇن دەيسىز. مەن مۇنداق بەك قىستاڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلەتتىم، ئەلۋەتتە، دىمەك: ئۇنىڭغا بىرەر كىشىنى قانداقلا بولمىسۇن سىغدۇرغىلى بولاتتى، ھەتتا ئىككى كىشىنىمۇ سىغدۇرغىلى بولاتتى.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ، كەلگەن يولىمىزنىڭ قۇپ ـ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، خۇددى پۈرونتتىكى بىتەرەپ رايوننىڭ يولىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. يەنىمۇ يىراققا قارىۋىدىم، بىرەر ماشىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، بىر خىل بىلگىلى بولمايدىغان سەۋەپ كىشىگە بۇ يولدا ھېچقانداق ئاپتوموبىلنىڭ زادىلا پەيدا بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدۇراتتى... قاراڭغۇ كوزۇپنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرغان بىرسى مېنىڭ ئويلىرىمنى بىلىۋالغاندەك:

ــ ھېلىقى ئىككى بالىنى ئېلىۋالساقچۇ كاشكى. بۇ بىچارە بالىلار قانداقمۇ قىلار؟ ــ دىدى.

ــ شۇڭا مەن قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەلسەك بولارمۇ ـ بولماسمۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن، ــ دىدىم.

كوزۇپنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

ــ ئەمما ھازىر ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمايمىز ـ دە! ــ دىدى بىز ئۇزاققىچە ساقلىغان ۋە ئىزدىگەن ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرى.

— بەلكىم ئۇلارنى بىراۋ ئېلىپ كەتكەندۇ، — دېدى بىرسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ.

— ئۇلار ئانچە كىچىك ئەمەستەك تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداقتىمۇ بىز...

— ماڭايلى، ماڭايلى، ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا بارىمىز تېخى.

ئەڭ ئاخىرىدا شوپۇر كېلىپ، بۇ يولدا بىرلا يۈنۈلۈش بويىچە مېڭىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ئىككى بالا يەرلىك بالىلاردۇر بەلكىم، — دېدى ئايالىم ئۆيىمىزدە كىچىككەن كەچكى تاماقنى ۋە يېڭى موگۇنى يەۋېتىپ، — سەھرادىكى باللار پۇختا كېلىدۇ، يۈتۈپ كەتمەيدۇ.

— ئەگەر شۇ باللار يەرلىك بولسا، ئۇ ھالدا، ئەلۋەتتە... — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ.

شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇلار ئۆيىگە يېرىپ بولدى، ئۆيىگە يەتتى! بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە چارەك ئەسىر بولدى، بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۆزەمگە ئۆزەم: "بەلكىم ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ بارغاندۇ، ياكى بىراۋ بوشراق ئاپتوموبىلغا سېلىۋالغاندۇ"، دېدىم.

لېكىن باللار تار ئورمان يولىدا ماڭماقتا. گۈگۈم چۈشۈپ، ئارقىدىنلا قاراڭغۇ تۈن — ئورمانلىقتىكى تۈن، قورقۇنچلۇق، ئەنسىز تۈن، سۈرلۈك، شىرىقلىغان ئاۋاز ئۈزۈلمەيدىغان تۈن، ئاجايىپ-غارايىپ ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدىغان ئورمانلىقتىكى تۈنمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەنىلا ماڭماقتا، ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ يولنى مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ چوڭ بولالمايتتى — مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرۇۋېرەتتى. گويا بىراۋ ئۇلارنى سېھىرلەپ

قويغاندەك، ئۇلار مېنىڭ ئىچىمدا مۇشۇنداق ماڭاتتى، ماڭاتتى، ئۇلار بەلكىم مەن ئۆلگىچە توختىماي مېڭىۋېرەر.

(«سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **غۇلام غوپۇرى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **رەقىپ ۋاھاپ.**

## دوستلار سۆھبىتى

مەلۇم بىرسى دوستىنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا چاقىرىپتۇ.

ــ بۈگۈن ئۆيۈڭگە كەچلىك تاماققا بارىدىغانلىقىمنى خوتۇنۇڭ بىلەمدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ دوستى ئۇنىڭدىن.

ــ بىلمەيدىغان! مۇشۇ ئىش توغرىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن سوقۇشتۇم ـ دە.

# سەپەردىكى ئادەم

## ئۇ. شېسگىنسكى



مەن پوچتا ۋاگونىغا ئولتۇرۇپ گالىچىتكى تايىسىيە شىروۋنانىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كېتىۋاتاتتىم. بۇ موماي مومامنىڭ دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى پوپ ئىدى، شۇ زامانلاردا قەدىمقى ئوتتۇرا ۋە كىچىك روس شەھەرلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بىرەر پۇرسەت چىقىپ قالسىلا شۇ شەھەرلەرگە بېرىپ تاماشا قىلاتتىم.

پويىز ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتاتتى، ھەر بىر كىچىك ۋوگزالدا بىر ھازا توختايتتى. چوڭ ۋوگزالغا كېلىپ قالسا، خاتىرجەم ھالدا كىچىك دۇكانلارغا بېرىپ كەلگىلى بولاتتى، پويىزنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىرنەچچە پىراكتىكانت قىز مەن بىلەن بىر خانىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن كۆلكە-پاراڭلىرى سەپەردىكى زېرىكىشىمنى يوقاتتى. بىرقانچە ۋوگزالدىن ئۆت-

كەندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋوگزالدىن ئالغان يىمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدىم، ھەممىمىز ياش بولغاچقا، بىردەمدىلا دوست بولۇشۇپ چىقىشىپ قالدۇق. بىر قېتىم ۋوگزالغا كەلگەندە، ھەممىمىز پويىزدىن چۈشۈپ يېزا نىمەتلىرىدىن خېلى كۆپ سېتىۋېلىشتۇق-دە، خۇشال-خورام ھالدا كۈلۈشكەن پېتى ئۆز خانىمىزغا قايتىپ چىقتۇق. قىزلار داستىخان سېلىپ نىمەتلەرنى تىزىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىراپ-سالدىراپ داستىخان راسلاۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇردۇم... مەن مەقسەتسىز ھالدا خانىمىزغا بىر قۇر كۆز يۈگ-رىتىپ چىقىپ چۆچۈپ كەتتىم، ئۇچىنچى يۈك قويۇش تەكچىسىدە بىر كىشى يېنىچە يېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرد-گەندەك پۇتلىرىنى يىغىپ، يۈزىنى ۋاگون تېمىغا قارىتىپ دۈمبىسىنى بىزگە قىلىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

مەن بوينۇمنى سوزۇپ ھەيران بولغان ھالدا بۇ يوچۇن ئادەمنى كۆزەتتىم: ئۇنىڭ تىۋىت پوپايكىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئورۇق مۈرىسى ۋە پۇتىدىكى ئاق بوققۇچ ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە ئايىغى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى قولۇم بىلەن قىزلارغا كۆرسەتتىم، ئۇلار ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇ كىشىگە قاراپ نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا مەندەك بىر يىگىتنىڭ ۋەزىپە-سىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم-دە، ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ ھېلىقى كىشىنى نوقۇدۇم-دە:

— سەن نىمىشقا بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭ؟ — دېدىم. ئۇ كىشى گويا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك تېزلىكتە بۇياقتا ئۆرۈلدى-دە، بوش ئاۋازدا:

— بوشراق سۆزلەڭ... بىر يەرگە بارماقچىدىم،... بىراق يېنىمدا

www.uyghurkitap.com

بىر تىيىنمۇ يوق ئىدى، دېدى.

بۇ يىگىت يىگىرمە ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، يىرىك قارا چاچ-لىرى پېشانىسىنى يېپىپ تۇراتتى. كۆزلىرى قارا بولۇپ، جۇدەڭگۇ ئىدى. ئۇ ئېگىلىپ يۈك قويىدىغان تەكچىدىن بېشىنى چىقاردى.

— بارىدىغان يېرىڭ يىراقتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— سىبىرىيىگە ئاچامنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن...

قىزلار تولىمۇ قىزىققان ھالدا بۇ يىگىتكە قاراشقىلى تۇردى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا:

— خوپ، بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپسەن، قېنى، داستىخانغا مەرھەمەت قىل! — دېدىم.

— ھېلىقى بىر نىمە كېلىپ قالامدۇ؟

— قايسى بىر نىمە؟ — مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— ھېلىقى پويىز خىزمەتچىسىچۇ! — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ.

— كەلمەيدۇ، ھەرگىز كەلمەيدۇ! ئۇ بۇ يەرگە بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىدى؛ ھەتتا چايىنىمۇ ئۆزىمىز ئەكىلىپ ئىچىۋاتىمىز.

يىگىت خۇددى سىرىكچىلاردەك چەبدەسلىك بىلەن يۈك تەكچە-سىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزۈن ئورۇندۇقتا كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئولتۇردى.

— ھەي، ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتكەن ئىدى، — دېدى ئۇ قوۋۇزىغا لىق تولغان يىمەكلىكنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، مەمنۇن-يەتلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن:

— كۇنۇكلار پەيزى ئۆتىدىكەن-دە، — دېدى.

— قانداقسىگە پەيزىكەن؟

يىگىت ئۆزىگە ئىشەنگەندەك تەرىزدە چۈشەندۈردى:

— ھە، يانچۇغۇڭ توم بولسا، كۇنۇڭ پەيزى ئۆتتى دىگەن شۇ.
— ئىسمىڭ نىمە؟ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— ئىسمىم پېتىر، نىمە دىسەم بولار، مەن يانچۇقچى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىن كېلىۋاتىمەن.
مېنىڭ بىچارە قىز سەپەرداشلىرىم قورققىنىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.
— قورقماڭلار، — دىدى پېتىر بىغەم ھالدا مۇلايىملىق بىلەن، — ھەي، مەن شور پىشانە ئىكەنمەن، ھازىر ئاچامنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ يەردە بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچىمەن. مېنىڭ جازا مۇددىتىم توشۇپ بوشىنىپ چىقتىم، ھەممە ئىشلىرىم رەسمىيەت بويىچە بولدى، — ئۇ كۆپچىلىكنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، ئاغزىنى ئېچىپ، باشمالتىغى بىلەن ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشىنى چېكىپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى، — ئىشەنمىسەڭلار، مۇشۇ چىشىم بىلەن ھۆددە قىلىمەن!
قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر يەرگە توپلىشىۋالدى، ئەمما مېنىڭدە بۇ يىگىتكە نىسبەتەن قانداقتۇر بىر خىل قىزىقىش پەيدا بولدى.
— باشقا ھەرئىش كېلىدۇ، — دىدىم مەن تۈز كۆڭۈل بىلەن.
— ھەرقانداق ئىش دىگەننىڭ بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقاندىغى چاتاق! — دىدى پېتىر گويا بىرەر نەرسىنى پەملىگەندەكلا.
ئۇ دىخانلارغا ئوخشاش داستىخاندىكى بولكا ئۇۋاقلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كاپ ئەتتى-دە، ”رەھمەت“ دىدى.

— بۇنداق نەرسنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، مەن ئۇستىگە چىقىپ بىر ئۇخلىۋالمسام بولمايدۇ، يەنە 200 كىلومېتىر كېتىۋالغىچە بىرەرسى كېلىپ قوغلاپ چۈشۈرۈۋەتمىسىلا بولاتتى. — ئۇ يۈك تەكچىسىگە لىككىدە چىقىپ تۈگۈلۈپ ياتتى.

تۇيۇقسىز مەن نىمە ئۈچۈن تونۇمغان بۇ كىشىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىغىمنى چۈشەندىم: مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىم دەل ئۇنىڭ ھاياتىدىكى زور بۇرۇلۇش بولغان مەزگىل ئىدى. ئۇ ھازىر يېڭىۋاشتىن ھاياتقا ئىگە بولغاندەك ئىدى. مەن بۇ يىگىتنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىتىكىگە قارىغاندا ھازىر ھېسداشلىققا مۇھتاج ئىكەنلىگىنى چۈشەندىم... شۇڭا مەن دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، پېتىرنىڭ مۈرىسىنى قىقىپ تۇرۇپ:

— ساقچى كەلدى! — دىدىم.

ئۇ تېننى ۋاگون تېمىغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئېيتىقىنا، ئاچاڭنىڭكىگە بېرىشقا ئالدىرامسەن؟

— نىمىگە ئالدىرايتتىم، ئۇ مېنىڭ ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىغىمنى زادى ئۇقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن پويىزدا خېلى ئاۋارە بولدۇم-دە!

— قارا، ئالدىمىزدىكى گالىچ ۋوگزالى، مەن ئۇ يەرگە بىر ئاق كۆڭۈل موماينىڭكىگە مېھمانغا بارىمەن. سەنمۇ مەن بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ سېرىق ماي سالغان بولكىسىدىن ئېغىز تەگ، بىرنەچچە كۈن ئارام ئال، ئاندىن يولۇڭغا چۈنسەڭمۇ بولىدۇ.

پېتىر چۈشەنمىگەندەك ماڭا بىر قاراپ قويۇپ دىدى:

— مېنىڭ بابا دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، مەن راستىنلا

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىن چىققىنىم، مەندەك بىر ئادەم قانداقمۇ مېھمان بولالىسۇن، ئىۋان تاغا! (مەن گەرچە ئۇنىڭدىن بەش ياش چوڭ بولساممۇ، ئۇ مېنى مۇشۇنداق ئاتىدى.)

— ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلاش كېرەك-تە! — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ.

— بولىدۇ، بىراق ئىۋان تاغا، مېنى سىز تەكلىپ قىلدىڭىز جۇمۇ، — دېدى پېتىر ئاستاغىنا ۋە تەكچىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۈچىسىدىكى چاڭ-توزاڭلارنى قاقتى.

قىزلار ماڭا قاراپلا قېلىشتى. مەنچۇ، بۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىنمۇ ئايرىلغىم كەلمىدى، بۇ چاغدا پويىز دەرىزىسىدىن گاللىچ ۋوگزالى ئەتراپىدىكى بىنالار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— قەدىرلىك دوستلار، ماڭا تېلېفون بېرىڭلار، — دېدىم مەن قىزلارغا قول پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىۋېتىپ، — مەن بىر ئايدىن كېيىنلا لېنىنگراتقا قايتىپ بارىمەن.

ئۇلار پويىز دەرىزىسىگە ئۇلۇشۇپ پېتىر بىلەن بىللە ئىككىمىز ۋوگزال مەيدانىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە كۆز يۇمماي قاراپ تۇردى.

— ئىۋان تاغا، جىگەرلىك ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزدەك ئادەم بىلەن بىللە ئىشلەشنى ياقتۇراتتىم...، — دېدى ئۇ، — بۇ ئەلۋەتتە ئۆتكەنكى ئىشلار-دە! — دەپ قوشۇپ قويدى.

— پېتىر، سەن ھازىر قانداقلا ئىش قىلساڭ، قانداقلا گەپ قىلساڭ، ئويلاۋراق قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ...

— شۇنداق دېگىنىڭىز توغرا، — پېتىر خوشال ھالدا گېپىمگە قوشۇلدى، — كونا ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر مەزگىللىك ۋاقىت

كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھازىردىن باشلاپ ئۆزگەرت، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

تايسىيە پېترووۋنا مېنىڭ كېلىشىمنى بىلەتتى. ئۇ مېنىڭ بۇ ھەمرانى باشلاپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ خوشال بولدى. ئۇ ئۇزۇۋندىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان بىر ئىغىزلىق كونا ئۆيدە يەككە-يىگانە ياشايتتى. ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىمى بولمىغاچقا، تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. بۇلارنى پېتىر بىر قاراپلا سېزىۋالدى.

— ئوتىنىڭىز قالمىغاندەك تۇرىدۇ. پالتا تېپىپ بېرىڭ، ئازراق ئوتۇن يېرىپ بېرەي.

— پېتىر ئەزىزىم، نىملەرنى دەۋاتىسەن، سەن ماڭا ئوتۇن يېرىپ بەرگىلى كەلگەنمۇ؟ ئاگافان ماڭا ئوتۇن يېرىپ بەرمەكچى بولغان، ئەمما مىجەزى يوق، بايرامدا ھاراقنى جىق ئىچىۋېتىپ ھازىرغىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ.

— ماڭا پالتا تېپىپ بېرىڭچۇ! — دېدى پېتىر. ئۇ ئالدىرىماي-تېنىمەي قولىغا پالتىنى ئېلىپ، تىرنىغى بىلەن پالتىنىڭ بىسىنى سىناپ كۆرۈپ، — بۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ ئوتۇن يارغىلى بولسۇن! — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى-دە، شۇ جايدىلا بىر بىلەي تېپىپ پالتىنى بىلەشكە باشلىدى.

— سەن ماڭا نەقەدەر ياخشى ئادەمنى باشلاپ كەلدىڭ-ھە! — دېدى تايسىيە پېترووۋنا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن خوشال ھالدا. شىرەنىڭ ئۈستىدىكى ساماۋەر پۇرۇخلاپ قايناپ تۇراتتى. موماي بىر تەرەپتىن ساقلىغان يېمەكلىكلەرنى شىرە ئۈستىگە قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىكى پالتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:

— سەن ماڭا نەقەدەر ياخشى ئادەمنى باشلاپ كەلدىڭ-ھە! — دىدى.

بىرئازدىن كېيىن چاي دەملەندى، موماي دەرىزىنى ئېچىپ، ناھايىتى يېقىنچىلىق بىلەن:

— پېتىر ئەزىزىم، تېزرەك كېلىپ چاي ئىچىۋېلىڭ، ئىسسىغىدا يەۋېلىڭ! — دەپ چاقىردى.

— تېخى يېرىپ بولالمىدىم، — دىدى پېتىر لۆڭگىدە قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەتە يەنە يېرىپ بېرەي.

— سېنى خۇدايىمنىڭ ئۆزى ئەۋەتىپتۇ، — دىدى موماي كىرىس بەلگىسى ئىماسىنى بىلدۈرۈپ. بىز چاي ئىچىشكە باشلىدۇق.

تايسىيە پېتىرووۋنا بىزگە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى، شۇ جايدىكى خەۋەرلەرنى سۆزلىگىلى تۇردى.

— مەن يەككە-يىگانە بىر موماي، نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرۈم قالدى... ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆيدىكى ھەممىسى نەرسە تۇگەيدۇ، تەشتەكتىكى گۈللەرمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ، ئىنجىلىممۇ چاشقان غاجايدۇ، ئەۋلىيا سۈرىتىمۇ، ئەۋلىيانىڭ رەسىممۇ ھورۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، — ئۇ ئاچچىقلاپ سۆزلىدى، — مېنىڭ ئەۋلىيا سۈرىتىمگە كۈمۈچ قاپ قاپلانغان، ئۇ ھازىرقى كۈمۈچلەردىن ئەمەس، بەلكى جىلك كۈمۈچتىن ياسالغان.

مەن "ئۇ نىمىشقا كۈمۈچ قاپنى تىلغا ئالغاندۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدىم:

— بۈگۈنكى كۈندە كۈمۈچ پۇلغا يارىمايدىغان بولۇپ قالغاندا، كىممۇ كۈمۈچ سېتىۋالسۇن، سىزنىڭ كۈمۈچىڭىز قارىداپ قاپتۇ، ۋاقت ناھايىتى ئۇزۇراپ كەتكەچكە جۇلاسى قالماپتۇ.

بۇ گەپنى دىمىسەممۇ بوپتىكەن، گېپىم موماينىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويدى:

— نىمە دەۋاتىسەن غوجىكام! مەيەرگە كېلىپ قاراپباقىنە، ئىشكاۋىمدىكى بۇ ئەۋلىيا سۈرەتلىرى نىمە دىگەن ياخشى، بۇلارنىڭ مەندىن كېيىن كىمگە قالىدىغانلىغىنى بىلمەيۋاتىمەن.

چاي ئىچىۋاتقان پېتىر چاي ئىچىشنى توختىتىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يەر ئاستىدىن ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، پىيالىدىكى چاينى پۈۋلىۋىدى، چاي پىقىراپ كەتتى.

— بەزى كىشىلەر مەخسۇس ئەۋلىيا سۈرىتى يىغىدۇ، — دىدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — ئۇلار ئەۋلىيا سۈرىتىنى ئېلىپ-سېتىپ باي بولۇپ كېتىدۇ تېخى!

مېنىڭ روھىم بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى. بابا ئەۋلىيا سۈرەتلىرىنىڭ گېپىنى قىلمىسام بوپتىكەن، تايسىيە پېتىروۋنامۇ ئۆزىنىڭ كۈمۈچلىرىنىڭ گېپىنى قىلمىسا بوپتىكەن. پېتىر ئۈنچىقماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چېيىنى ئىچىۋەردى.

تايسىيە پېتىروۋنا يەنىلا ئۆزىنىڭ كۈمۈچ قاپلىق ئەۋلىيا سۈرىتىنىڭ گېپىنى قىلغىلى تۇردى:

— مەن ئۇنى باش روھانى كوستىروماغا قالدۇرسام ياكى سېنىڭ موماڭغا قالدۇرسام، كۆڭلۈم ئەمىن تاپاتتى.

— توغرا، ئۇلار ئىشەنچلىك، بىزگە ئوخشىمايدۇ، — دىدى پېتىر ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ ھەمدە ئالقىنىنى ئېچىپ قاراپ قويدى.

— بۇ يىل قىش بۇ يەردە قاتتىق سوغاق بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— سوغاقلىغىنى بىردىمە، ئىسسىقراق بولسۇن ئۈچۈن مەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەن، ھىلىقى ئەۋلىيا سۈرىتى بار ئىشكاپ قويۇلغان ئۆيدە... دەپ چۈشەندۈردى تايىسىيە پېتروۋنا، — ۋۇي مەن نىمە بولدۇم، سىلەرنى ئۆلەشتۈرۈپلا كېتىپتىمەنغۇ! سىلەر پويىزدىن ئەمدىلا چۈشتۈڭلار، ئوبدان ئارام ئېلىشىڭلار كېرەك ئىدى، مەن سىلەرنى ئىشقا سالپتىمەن تېخى.

تايىسىيە پېتروۋنا ئىككىمىزنى ھەل بېرىلگەن ئىككى كارۋات قويۇلۇق چوڭ بىر ئۆيدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پەستىكى ئۆيگە قايتتى.

مەن تۇيۇقسىز ئويغانغاندا، ئەمدىلا تاڭ يورۇغان ئىدى. دەرىزىدىن قىزغۇچ شەپەق نۇرى چۈشكەندە، مەن قىمىر قىلماي ياتاتتىم، شۇ ئەسنادا پېتىرنىڭ ئويغىنىپ ئازراقمۇ شەپە چىقارماي شىمىنى ئاستاغىنە كىيگىنىنى كۆردۈم.

مەن جىم يېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ھەركىتىنى كۈزەتتىم، ئۇ ئايىغىنى كىيمەي، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىككە باردى ـ دە، ئىشىكنى كۆتىرىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ كېتىدىغانلىغىنى بىلىپ، ئىشىكنى ياپمىدى. مەن ئۇنىڭ كارىدورنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىگىلىپ پالتىنى ئېلىپ، ئۇنى پىشانىسىغىچە كۆتىرىپ قانداقتۇر بىر نەرسىگە شىلتىپ، ئۇنى يەنە مەيدىسىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن تىۋىش چىقارماي تۈۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

پىشانەمدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى. بۇ سولتەك نىمە قىلماقچىدۇ؟ مەن ئۇنى قانداقمۇ توسارمەن؟ كۆڭلۈمچەكلىك قىلىپ بىردەملىك ھىسسىيات بىلەنلا ئۇنى باشلاپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزەمنى

www.uyghurkitap.com

ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم.

مەن كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، قولۇمغا ئوت چۇقچىلايدىغان بىر مىس ئىلمەكنى ئېلىپ پېترنىڭ كەينىدىن تۆۋەنگە چۈشتۈم. پەلەمپەيدە ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. تايسىيە پېترووۋنانىڭ خانىسىنىڭ ئىشىگى سەل-پەل ئوچۇق تۇراتتى. مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم: موماي بۇلۇڭدىكى كارۋاتتا يېتىپتۇ، ئۇنىڭ بىر قولى كارۋاتتىن ساڭگىلاپ قاپتۇ، پوكلەنگەن ئورۇق پۇتى ئېچىلىپ كەتكەن يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىپ قاپتۇ، چىت چىملىدىقنىڭ سايىسى توسۇۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. مەن بىردىنلا پولدا قارامتۇل بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىپ كارۋاتنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، كاۋچۇك دەرىخىغىچە ئېقىپ بارغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. يوتقاننىڭ ئاستىدىكى مومايىنىڭ قېتىپ قالغان تېنىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي، قولۇمدىكى ئىلمەكنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىمغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدىم. موماي تۇيۇقسىز مىدىراپ، قولى بىلەن يوتقاننى تۈزەشتۈرۈپ، كۆزىنى ئاچتى ۋە مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ئەزىزىم، نىمە ئىش بولدى؟

بەختكە يارىشا موماي قولۇمدىكى ئىلمەكنى كۆرمىدى.

مەن دەرھال گەپ تېپىپ بېرەلمەي، دۇدۇقلىغان ھالدا:

— سائىتىم توختاپ قاپتۇ، ھازىر سائەت قانچە بولدى، — دەپ سورىدىم.

— ئۆزەڭ قارىغىنا، — دىدى موماي. تامغا ئېسىقلىق سائەتنىڭ يىڭنىسى 5 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— رەھمەت! — مەن شۇنداق دەپلا كەينىمگە يېنىپ، مومايىنىڭ

قولۇمدىكى ئىلمەكنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆيدىن يۈگرەپ چىقىپ كەتتىم.

مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە تاشقارقى ئۆيدە سەل-پەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن هويلىغا چىقتىم.

پېتىر پىشايۋان ئاستىدا يوغان بىر كۆتەكنى راسلاپ يېرىشقا تەمشىلىۋېتىپتۇ.

ئۇ بىر ماڭا، بىر قولۇمدىكى ئىلمەككە قاراپ قويۇپ، سوغاققىنە كۈلدى:

— ئىۋان تاغا، مۇشۇنداق سەھەردە ئوت ياقماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— ياق،...ئۇنداق ئەمەس، ئۆزەمچىلا قولۇمغا ئىلىۋالغانتىم، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ، — سەن نېمىشقا سەھەر تۇرۇۋالدىڭ؟

— مومايغا ئازراق ئىش قىلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يولغا چىقىمەن، ھىلىمۇ ئۇزۇن تۇردۇم، — دېدى ئۇ يەنە سوغاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىمەن دېگەنتىڭغۇ؟

— ئىۋان تاغا، ئۆزىڭىزگىمۇ ئايانغۇ، سىز مېنى بىر دەملىك ھېسسىيات بىلەنلا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئىدىڭىز، لېكىن ھازىر ماڭا ئازراقمۇ ئىشەنمەيۋاتىسىز، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش بولمىسا، قانداقمۇ مۇئامىلە قىلىشالايدۇ؟ — ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلاپ چىقارغان يەكۈننى بايان قىلىۋاتقاندەك، ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى.

— خاتا سۆزلەۋاتىسەن، — مەن ئۆزەمنى ئاقلاشقا ئۇرۇندۇم.

— ياق، مەن توغرا سۆزلەۋاتىمەن! — دېدى ئۇ گەۋدىسىنى رۇسلاپ كەسكىن تەرىزدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تايسيه پېترووۋنا قولىغا
بىر تال دەسمال ئېلىپ
ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا
پەيدا بولدى.

— ۋاي-ۋوي، سىلەر
نىمانچە سەھەر تۇرۇۋال-
دىڭلار! كۆپرەك ئۇخلى-
ۋالساڭلار ياخشى بولماس-
مىدى، تۈنۈگۈن كەچ
قاراڭغۇدا كاۋچۇك دەرد-
خىنى سۇغىرىمەن دەپ
سۇنى جىق قويۇۋېتىپ،
پولغا ئېقتۇۋېتىپتىمەن،
ھازىر ئۇنى سۇرتىۋەتتىم،
ساماۋەرگە ئوت يېقىپ
قويدۇم، — دېدى ئۇ.

پېتىر ئوتۇننى يېرىپ
بولۇپ، چاينى بىرقانچە
يۇتۇم ئوتلىدى ۋە ئۆزىنىڭ
مېڭىشقا ئالدىراۋاتقانلىغىنى
ئېيتىپ، تايسيه پېترووۋنا
ۋە مەن بىلەن خوشلاشتى-دە، ۋادەكلىك ئىشىكنى ئېچىپ ۋوگزال
تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، تايسيه پېترووۋنا نىمە ئىش بولغانلى-
غىنى بىلەلمەي كۆڭلى يېرىم بولدى.

ــ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەن! ــ دېدى تايسىيە پېترووۋنا سەل ئويلانغان ھالدا.

ــ شۇنداق، ياخشى ئادەم! ــ دېدىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خېلى ئۇزاققىچە كۆڭلۈم بۇزۇلدى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدىم، ئۇ مېنىڭدىن ئارتۇق ئىكەن. ھالبۇكى مەن ئۇنىڭغا يېتىشىش ـ يېتىشەلمەسلىكىمنى بىلمەيتتىم.

(«سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن.)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەكبەر ھەسەن.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **رەقىپ ۋاھاپ.**

## ئۇستىلىق قىلمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇش

بىر دېخان ئات سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئاتنىڭ ئىگىسى دېخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ سىزگە مەن يارامىلىق بىر ئات تەييارلاپ قويدۇم. ئۆزى بەش ياش. تېنى تېمەن، كۆزنى ئېچىپ بولغۇچە 20 كىلومېتىر يولنى بېسىپ بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ كۆزنى ئېچىپ بولغۇچە 20 كىلومېتىر يول بېسىپ بولىدۇ؟ ئۇنداق بولسا، بۇ ئاتنى مەن ئالسام مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۆيۈم بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقى ئاران 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەن سىزنىڭ ئېيتقىنىزنى ئېلىپ مىنسەم، ئۇ چاغدا ھەر قېتىم ئارقامغا يەنە بەش كىلومېتىر قايتىشىمغا توغرا كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

«تاللانغان يۇمۇرلار»دىن **رەھىم يۇسۇپ** تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولۇش

مىخايىل ئاندراشا

جەنۇپىنىڭ مەلۇم شەھىرىدىكى ساياھەتچىلەر كۈلۈبىدا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ چىن يېزىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى ئۈچۈن ھەر يىلى بىر قېتىم "ئەپچىل ئارتما" مۇكاپاتى تارقىتىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى، بۇ شەرەپلىك مۇكاپاتنى غار ساياھىتىنى تەسۋىرلىگەن 3 ياش ئىبلەۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غاردا قانداق قىلىپ يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقىنى، كېيىن يەنە قانداق قىلىپ يەر شارىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى غاردىن چىقىپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار يەرنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىقىدىن يەر يۈزىگە چىققان چېغىدا، رىئو دې ژانېيرو دېگەن مەشھۇر شەھەردىكى مەركىزىي مەيداننى كۆرۈپتۇ. ئۇلار يېنىدا تۇرغان ساقچىدىن بۇنىڭ قايسى مەيدان ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ئۇستاپ بىندىر مەيدانى — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ساقچى.

بۇ يىل ئايال ئىنژېنېر نىنا شمېننوۋا ئۆزىنىڭ ناھايىتى چىنلىق بىلەن يازغان ماقالىسى ئارقىلىق "ئەپچىل ئارتما" مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا، كۈلۈبىنىڭ ئاقساقىلى قىسقىچە ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، مۇسابىقە باھالاش ھەيئىتىنىڭ

رەئىسى ــ ياشنىپ قالغان، قارىماققا 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمىلىيەتتە 99 ياشقا كىرىپ قالغان بىر ئەر ــ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۇستۇنلۇكنى ئالغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىگىنى ئېلان قىلدى ھەم شۇنىڭغا ئۇلاپلا، نىنا شىمېننوۋانىڭ ماقالىسى «ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولۇش» دىگەن تېما بىلەن يېزىلغانلىقى ئۇچۇن "ئەپچىل ئارتما" مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، دىدى. ماقالىنىڭ بۇ يوچۇن تېمىسى ئالقىش سادالىرىنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن ئۆزگەرتىۋەتتى: ئالقىش سادالىرىدىن ئېھتىياتچانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. چۇنكى، بۇ شەھەردىكى ساياھەتچىلەر كۇلۇبىنىڭ ئەزالىرى ئائىلە مۇناسىۋىتىگە بەك ھۆرمەت قىلاتتى نىكا ئىشلىرىنى بۇزىدىغان ساياھەتچىلەردىن تۇرلۇك سىلىق يوللار بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتاتتى.

غەلىبە قىلغان "گۇناكار" كېلىشكەن، زىلۋا بىر ئايال ئىدى. ئۇ پارقىراق رەختىن تىكىلگەن، مودا بولۇپ قالغان كەچلىك كىيىمنى كىيگىنىچە سەھنىگە چىقىپ كەلدى.

نىنا شىمېننوۋا رەئىسنىڭ قولىدىن ناھايىتى چىرايلىق تېڭىلغان ئارتمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ــ بۇ يىل يازنى، ــ ئۇ دەسلەپتە سەل تەمتىرەپ قالدى، ــ يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز ناھايىتى خوشال-خورام ئۆتكۇزدۇق. بىز ئىككىمىزگە بىرلىكتە ساياھەت قىلىدىغان ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت كېلىپ قالغاچقا، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىشقىمۇ ئىمكانىيىتىمىز بار ئىدى. بىزدە بالىمىزنى يەسلىگە ئېلىش ئۇچۇن ئىلتىماس يازغان چاغلاردىلا، مۇشۇ ساياھەتكە بېرىش ئارزۇسى تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ

چاغدا، يەسلى خىزمەتچىلىرى ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلىپ، نۆۋەت بىزگە كەلگەندە ئۇقتۇرماقچى بولغان ئىدى. نۆۋەت كۈتۈش ئەھۋا- لىدىن قارىغاندا، بالىمىزنىڭ يەسلىگە كىرىش ۋاقتى تېخى ئۇزاق ئىدى. بىر خوشنىمىز بىزگە ئۆي-ئىمارەت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ، ئائىلىمىزدە بالىغا قاراپ بېرىدىغان قېرىلار يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا باققۇچى ياللىغۇچىلىك ئەھۋالىمىزمۇ يوق دەپ بىرەر ئىسپات قەغىزى ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. يولدىشىم ئەسلىدە پۇلنى كۆپ تاپاتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئۆيدى- كىنى ئىمكان قەدەر ئازراق ئېلىشنى ھەم خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇشنى ئېيتتىم. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، مەن بولسام دىگىنىمدە چىڭ تۇردۇم. كېيىن ئۇ خىزمىتىنى يۆتكىدى. يېڭى خىزمىتىنىڭ ئىش ھەققى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىچىلىك كېلىدىكەن. كۆپ تەرەپلەردىن بېرىلگەن ئىسپاتلارغا قارىغاندا، بىز ئەمدىلا ئاران-ئاران كۈن ئۆتكۈزەلەيدىغان، ئىسىل زىننەت بۇيۇمە- لىرىنى سېتىۋېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاددى رەڭلىك تېلېۋىزورنىمۇ سېتىۋالالمايدىغان بولۇپ چىقتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ يەسلىگە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇش ۋاقتىمىز بىردىنىلا خېلى ئالدىغا سۈرۈپ قويۇلدى.

لېكىن، باللىرىنى يەسلىگە بېرىشنى كۈتۈپ تۇرغان بويتاق ئانىلارنىڭ ۋە ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ نۆۋەت كۈتۈش ۋاقتى تېخىمۇ قىسقا ئىدى، چۈنكى، باللارنىڭ ئاتىلىرى ئۇلارغا مۇئاشىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىنى بېرەتتى. مەن ئويلاپ كۆرۈپ، ئېرىمنى ئاجرىشىشقا كۆندۈرمەكچى بولدۇم. يولدىشىمنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ، سەن بولمىساڭ ياشىيالمايمەن،... بۇنىڭغا ئەقلىم

يەتمەيدۇ دىگەنـدەك بىرنىمىسلەرنى دەپ تۇرۇۋالـدى. بىراق، مەن يەنىلا چىڭ تۇردۇم. نەتىجىدە، سوت مەھكىمىسى بىزنى ئاجرىششقا ھۆكۈم قىلدى. مەن ئۇنىڭـدىن قىزىمـنى بىقىـش ئۈچۈن ئازغىـنە خىراجەت پۇلى ئېلىشقا باشلىدىم. ئىلگىرى، يولدىشىمـنىڭ خىزمەت ئورنىدا خېلى ئىناۋىتى بار ئىدى، بىراق، كىشىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئاران قىزىنى بېقىـش خىـراجىتى بېرىــپ يۈرگەنلىگىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا "ئىستىلى بۇزۇق" دىگەن بەتنامنى چاپلىماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ئىدارىسىگە بېرىــپ، ئۇلارنىڭ باشلىغىـغا ھەممىـسى مېـنىڭ سەۋەنلىـگىم ئىكەنلىگىـنى، ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ بەك توغرا ئادەم ئىكەنلىگىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

"بىز دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندا، بالىلىرىنى يەسلىگە بېرىش ئۈچۈن نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، نۆۋەت كۈتـكۈچىـلەرنىڭ ھەممىــسى بىزگە ئوخـشاش، بالـىلىرىـنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەنلەر ئىدى.

"دەل مۇشۇ چاغدا، مېنىڭ بۇرۇنقى يولدىشىم بويتاق ئاتىلارنىڭ بالىلىرىنى دەرھال يەسلىگە ئالىدىغانلىغىنى ئۇقۇپتۇ.

"يولدىـشىم مېـنىڭ بېقىــش ھوقۇقۇمـنى ئېلىۋېـتىشـنى تەلەپ قىلىدىغانلىغىنى ئىزھار قىلدى. بېقىش ھوقۇقىنى ئېلىۋېـتىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يولدىشىم نۇرغۇن تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق، كېرەكـلىك دەلىل ـ ئىسپاتـلارنى تەييارلـىدى. ئىش ئاخىرى پۈتتى! بۇرۇنـقى يولدـىشىم تونۇشـتۇرۇش خېتـىنى يەسلىگە تاپشۇردى. بۇ يەسلە تېخى بالىنى ھەر ھەپتـىدە بىر قېـتىم ئېلىپ كەتسىلا بولىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك يەسلە ئىكەن!

"لېكىن، بۇ ئارىلىقتا، قىزىمىز چوڭ بولۇپ، 1 ـ سىنىپقا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا، بۇ يىل يازلىق تەتىلدە، ئانچە يۇگرەپ كەتمەي، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئىككى قارارلىق ئۆسمۇرلەر يازلىق لاگىرىغا قاتنىشىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇق.

"بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىزنىڭ ۋە مۇھەببىتىمىزنىڭ تولىمۇ گۈزەل چاغلىرى بولدى.

"دەل مۇشۇ ساياھەت ئۈستىدە، تەبىئەتنىڭ قۇچىغىدا، بىز بىر بىرىمىزنى تېخىمۇ چۈشىنىشتۇق.

"يولدىشىم مەندىن يەنە تۇرمۇش قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تېگىشكە قوشۇلدۇم..."

نىنا شىمپىننوۋا ماقالىسىنى ئوقۇپ بولدى. يىغىن مەيدانىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. كۆلۈپتىكى بارلىق ئەزالار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ غەلىبە قىلغۇچىنى تەبرىكلەشتى.

(«تەرجىمىلەر» مەجمۇئەسىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن.)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالىمجان ئانايەت.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

# دانخورەكلىك قىېرى قىز

(مەسەل)

## كىرىلوۋ

ھۆسنى ـ جامالى، تەققى ـ تۇرقى راۋرۇس كېلىشكەن بىر ياش قىز بار ئىكەن، ئۇ قىز ياتلىق بولۇش نىيىتىگە كېلىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ھېچبىر يامان يېرى يوق، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇ تولىمۇ بەك ئادەم تاللايدىكەن: كەلگۈسىدىكى يىگىتىم تۇغما ئەقىللىق، سەمىمى، ئىشەنچلىك بولۇشى، ھەم ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى ئىسىل زاتلاردىن بولۇشى، ھەم چوڭ خىزمەت تۆھپىسى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاۋۇل ـ كۈچلۈك، ياش بولۇشى لازىم، دەپ شەرت قويۇپ تۇرىۋالىدىكەن. (ئۇنىڭ تەلىۋى ھەقىقەتەنمۇ ئارتۇقچە بولۇپ كەتكەن!) ئۇنىڭغا توققۇزى تەل، ئەيىپسىز ـ نۇقسانسىز، كامالەتكە يەتكەن قابىل يىگىت يارايمىش؛ ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئۇنداق قابىل ئادەم نەدىن تېپىلسۇن! ئۇنىڭ يەنە بىر تەلىۋى بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ يىگىتى ئۇنى جان ـ دىلى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى، قىلچىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويماسلىقى، قىلچىمۇ پىخسىقلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى باشقىلاردىن باشقىچە بولۇپتۇ،

نى-نى كېلىشكەن قابىل يىگىتلەر ھەر كۈنلۈكى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. تاللاش نۆۋىتى قىزنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە، ئۇ بىر ئامال قىلىپ، ئۇ يىگىتلەردىن ئەيىپ-نۇقسان تېپىپتۇ. ناۋادا باشقا قىزلار بۇنداق لايىقلارغا ئېلىنىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىنى ئەرشى ئەلادا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك بىلىپ، خوشاللىقىدىن قىنى-قىنىغا پاتماي قالىدىكەن، ئەمما ئۇ بولسا كەلگەن لايىقلارنى نەزەر-گۈزىرىگىمۇ ئىلماپتۇ. ئۇ ئىچىدە تېخى: "لايىقلار ئىچىدە ۋاي دىگۈدەك بىرەرسىمۇ يوق ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ نام-شۆھرىتى يوق ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنىكەن، بەزىلىرىنىڭ نام-شۆھرىتى بىلەن مەرتىۋىسى تازا جايىدا چىقسىمۇ، چۆنتىكى قۇرۇق ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ بۇرنى مايماق، قېشى سايماق ئىكەن" دەپ ئويلاپ قاپتۇ. بىرسىنى بۇ يېرى ئۇنداقكەن دىسە، بىرسىنى ئۇ يېرى بۇنداقكەن، دەپتۇ. قىسقىسى، دانىخورەكلىك كىچىك خېنىمنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىرمۇ يىگىت چىقماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر تۈركۈم لايىقلار ئىككىنچىلەپ كەلمەيدىغان بوپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يەنە بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى تۈركۈم لايىقلار بۇرۇتلىرىنى تولغۇشۇپ بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ، بۇلار ئىككىنچى دەرىجىدىكى قابىل كىشىلەر ئىكەن، ئەمما قىز ئۇلارنىمۇ: "قانداق دۆت-ئەخمەق نەرسىلەر بۇ!" دەپ ياراتماپتۇ. ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايدىغان بۇ ساھىپجامال قىزىمىز يەنە: "ئۇلار دىگەن ماڭا يارامدىكەن؟ ئۇلار چوتىنى خاتا سوقۇشۇپ قاپتۇ! مېنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا رەت قىلىۋەتكەن لايىقلىرىممۇ ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى. مەن تېخى بۇنداق تېگى

پەس قوڭا لتاقلىنىڭ خىلىمىكەنمەن، كۆتەرسۇن كەشىنى! ئۇلار مېنى تېخى ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ كېتىپتۇ دەپ خىيال قىلىشىپ قاپتۇ، مەن قىزلىق تۇرمۇشۇمنى خويما قەدىرلەيمەن، قىزلىق تۇرمۇشى نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك-ھە! ئاخشىمى تاتلىق-شىرىن ئۇخلايمەن، كۈندۈزى ئويۇن-تاماشا، كۈلكە-چاخچاق، ناخشا-ناۋا بىلەن خۇش ئۆتىمەن. ئىختىيارىللا ياتلىق بولۇپ كەتسەم، يۈزۈم چۈشمەمدۇ؟» دەپ داۋراڭ سېلىپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لايىقلار قىز تەرەپكە زادى يولىماس بوپتۇ، يىراق-يېقىندىكى ساقلى خەت تارتقان يىگىتلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلغىلىمۇ كەلمەس بولۇپ قاپتۇ.

يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىل كەينىدىن يىل ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ. ھەي دەردىم! يىگىتلەر ئەمدى نىمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ بۇ قىز مانا ئەمدى خېلى قېرىپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ بارمىغى بىلەن ياشلىق دەۋرىدىكى قىز دوستلىرىنى ساناشقا باشلاپتۇ: (راست دىگەندەك، ئۇ ئالدىرىماي بىر-بىرلەپ ساناپ چىققاي دىسىمۇ، ۋاقىت يېتەرلىك) بەزىلىرى ئاللىقاچان توي قىلىپ بولۇشقان، بەزىلىرى توي قىلىش ئالدىدا تۇرۇشقان. ئۇ بارا-بارا ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى پەملەپ قاپتۇ.

گۈزەل قىزنىڭ قەلبى ئۇتتا پۇچۇلانغاندەك كۆيۈپ نىمىتلىنىشقا باشلاپتۇ. قاراڭلار! ئەينەك ئۇنىڭغا ۋاقىتنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى-جامالىنى ئوغۇرلاپ قېچىۋاتقانلىقىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتىپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ. دەسلەپتە ئانار دەك قىزىل مەڭزىگە قورۇق چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ خۇما كۆزلىرى نۇرىدىن كېتىپتۇ. ئەمدىلىكتە چۇ، تامدەك تاتىرىپ

كەتكەن چىرايىدىكى زىناقلىرىمۇ غايىپ بولۇپ، نازلىق خۇلقلىرىمۇ يوقىلاي دەپ، چاچلىرىغىمۇ ئاق سانچىشقا باشلاپتۇ. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دىگەندەك، ئۇنىڭغا بەختسىزلىك تەرەپ-تەرەپتىن پوت-قوللىرىنى سوزىشىپ يېپىشقىلى تۇرۇپتۇ.

ئىلگىرى تانسخانا ئۇنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئىكەن، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغانلارنىڭ باشلىرى پىقىراپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىستا-قىستاڭ بولۇشۇپ چۆرىدەپ يۈرىشىدىكەن؛ ئەمدىچۇ؟ ئۇ ئەمدى: مەيلى قانداق يىگىت بولسا بولسۇن دىگەن يەرگە كېلىپ، نەدىكى بىر ئېپى يوق ئىسكەتسىز ئەرلەرگىمۇ قىزىقىپ ئېتىۋار بىلەن قاراپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. تەقدىر ئۇنىڭغا: "تۇرمۇشقا چىقالايدىغانلا بولساڭ، چىققىن!" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇغى ئاللىقاياقلارغا كېتىپتۇ.

قىزلار گەرچە تەلەپچان كۆزلىرى بىلەن ئەرلەرگە ھومايىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ يۇمشاق دىللىرى بەرىبىر بىز ئەرلەرگە ئىنتىلىدۇ-دە. قانداق؟ ئەمدى ئۆمۈرۋايەت بويتاق پېتى ياشامسەن؟ ئۆلگىچە كېتەمسەن؟ ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، راستىنلا ئۇنداق قىلمايدۇ-دە! ئۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىنى ئانچە بەك قېرىتىۋەتمىگەنلىكىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ئاشىق تاپىدۇ!

ئەمدىلىكتە، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغۇچى يىگىت ھىچقانچە كۈچ سەرپ قىلىپمۇ يۈرمەپتۇ. راستىنلا ئۇ داۋالاپمۇ ساقايتقىلى بولمايدىغان بىر ناكار ئەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىن كۆڭلىدىن رازىمەنلىك بىلەن تېگىپتۇ.

(«كىرىلوۋ مەسەللىرى»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەھىم يۈسۈپ.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: مەريەم ئىسمائىل

**گۈلىستان (6)**

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1985 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1985 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.98 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

**花　坛**

**（6）**

**（文学译丛）**

（维吾尔文）

民族出版社编辑出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：8 5/8

1985年10月第1版

1985年10月北京第1次印刷

印数：0001—8,000　定价：0.98元

书号：M 10049（4）197

书号 M10049(4)197
定价 0.98元